تۈزگۈچىلەر: جيەن بوزەن، شاۋ شۈنجېڭ، خۇ خۇا

# جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات

مىللەتلەر نەشرىياتى

# قىسقىچە مەزمۇنى

«جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمى مەلۇمات» جۇڭگو تارىخچىلار جەمئىيىتى تۈزۈپ چىققان جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى بولۇپ، بۇ كىتاپنى داڭلىق تارىخشۇناس جيەن بوزەن، شاۋ شۈنجىڭ، خۇ خۇالار يازغان. بۇ كىتاپ تارىخى ماتېرىياللارنى ئوبدان تاللاش ئارقىسىدا يېزىلغان، كىتاپتىكى قاراشلار مۇكەممەل بولۇپ، كىتاپ قىسقىراق بولغاچقا، ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە كادىرلارنىڭ ئوقۇشىغا باپ كېلىدۇ. بۇ كىتاپ 1956 ـ يىلى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس قاتارلىق 6 مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ بېسىلغان. بۇ قېتىم يېڭى نەشرىنى چىقىرىدىغان چاغدا، جاڭ چۇەنشى، چيەن چېڭخۇا، خۇ خۇالار ئەسلى نۇسخىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمقى زامان تارىخى قىسمى جيەن بوزەن ئۆزى هايات ۋاقتىدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن قوليازما ئاساس قىلىندى، بۇنىسى تېخىمۇ تاڭسۇق بولدى. هازىر ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان جۇڭگونىڭ ئومۇمى تارىخىنىڭ تولىسى كۆپ توملۇق بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگەنگۈچىلەرگە ئەپسىز. 4 مىڭ يىللىق تارىخنى مۇشۇ كىتاپتەك 100 مىڭ خەت بىلەن يىغىنچاق بايان قىلغان كىتاپ تېخى كۆپ ئەمەس.

# كىرىش سۆز

«جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمىي مەلۇمات»نى جيەن بوزەن، شاۋ شۇنجېڭ، خۇ خۇا جۇڭگو تارىخشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يېزىپ چىقتى. دەسلەپكى نۇسخىسى قولىدىن چىققاندىن كېيىن، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەردىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىندى ھەمدە مۇشۇ پىكىرلەرگە ئاساسەن بىرنەچچە قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. دېمەك، بۇ كىتاپ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىرمۇنچە يولداشلارنىڭ پىكىرلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا پۈتۈپ چىقتى.

جۇڭگو — دۇنيادا مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن بىرى. ئۇ ئۇزاق ھەم مول تارىخقا ئىگە. بۇ كىتاپ جۇڭگو تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلدى.

بۇ كىتاپ قەدىمقى زامانىدىكى جۇڭگو، يېقىنقى زامانىدىكى جۇڭگو ۋە ھازىرقى زامانىدىكى جۇڭگو دېگەن ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ.

جۇڭخۇا مىللىتىمۇ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش،

ئىپتىدائى جامائە تۈزۈمى، قۇللۇق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق تۈزۈم باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى. فېئودال پومېششىكلار سىنىپىنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىسى ۋە زۇلمى ئىنتايىن دەھشەتلىك بولغانلىقتىن، جۇڭگو فېئوداللىق جەمىيىتى ئۇزاققىچە ئاستا تەرەققى قىلىش ھالىتىدە بولۇپ كەلدى. جۇڭگو دېھقانلار سىنىپى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىققا قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىپ تۇرغانلىقتىن، جەمىيەت ئاستا تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بەربىر ئالغا ئىلگىرىلىدى. بولۇپمۇ چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى، سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا بولغان ئۈچ قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تۈردە ئالغا سۈردى، مۇشۇ ئاساستا دۆلەت قۇدرەت تاپقان، مەدىنىيەت گۈللەنگەن ئۈچ چوڭ ئىمپېرىيە — خەن سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى ۋە مىڭ سۇلالىسى بارلىققا كەلدى. پۈتكۈل جۇڭگو تارىخى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەرەپلىك ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ۋە ئېسىل تارىخىي مىراسقا ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1840 ـ يىلى ئەنگلىيە جۇڭگودا ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، جاھانگىر كۈچلەر جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ھەمدە جۇڭگو فېئودالىزىمى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو كاپىتالىزىمىنىڭ تەرەققى قىلىشىنى بىرلىكتە باستى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو جەمىيىتى يېرىم مۇستەملىكە

جەمىيىتىگە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ جەمىيەتتە، جۇڭگو كاپىتالىستىك ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتى مۇشكۈل ھەم ئاستا بولدى. كەڭ جۇڭگو خەلقى قاتمۇ-قات ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەسۋىر قىلىش تەس. شۇنداق قىلىپ، جاھانگىرلىك تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەركەتلىرىمۇ بارغانسېرى قەتئىي بولدى ۋە ئۇل-غايدى. 1851-يىلى دېخانلار سىنىپى قوزغىغان تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق دولقۇنى بولدى، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمران-لىغىنىڭ گۇمران بولۇش جەريانىنى تېزلەتتى. 1900-يىلى دېخانلار سىنىپى قوزغىغان يىخېتۇەن ھەركىتى جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق دولقۇنى بولدى، بۇ قېتىمقى ھەركەتتە، جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلىكنىڭ ئىنتايىن ياۋۇزلۇق بىلەن قىلغان بىرلەشمە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئەمما جاھانگىر-لارمۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئۇچراپ، جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش قارا نىيىتىدىن ۋاقىتلىق يېنىشقا مەجبۇر بولدى. 1911-يىلى جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى رەھبەرلىك قىلغان شىنخەي ئىنقىلاۋى جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق دولقۇنى بولدى. بۇ ئىنقىلاپ ئىككى مىڭ يىللىق فېئودالىلىق خانلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ئىنقىلاۋىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت

«جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇنى»نى ئېلان قىلدى، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت كۆزقارىشى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، خانلىق تۈزۈم تىرىلەلمەس بولدى. ئەمما جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ۋە يېرىم فېئودالىلىق خاراكتېرى بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزگەرمىدى، چۈنكى جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسى تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزىمغا قارشى تۇرۇشتا ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنىڭ تارىخى جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزىمغا قارشى ئىنقىلاپ ۋەزىپىسىنى پەقەت ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ھەقىقى رەۋىشتە ئورۇنلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى جۇڭگوغا ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى ئېلىپ كەلدى. مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە، جۇڭگو كاپىتالىستىك ئىگىلىكى يەنىمۇ تەرەققى تاپتى، جۇڭگو پۇرولېتارىياتىمۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلالىغۇدەك دەرىجىدە قۇدرەت تاپتى. ماركسىزىم-لېنىنىزىملىق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1919-يىلى "4-ماي" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى پارتلىدى. جۇڭگو تارىخىدىكى يېڭى دەۋر — يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرى باشلاندى. 1921-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە رەھبەرلىك

قىلىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا ۋە بىيوروكىرات كاپىتا-
لىزىمغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى. جۇڭگو خەلقى جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، بىرىنچى ئىچكى
ئىنقىلابىي ئۇرۇش، ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئۈچىنچى ئىچكى
ئىنقىلابىي ئۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىر يېڭى دېموكىراتىك ئىنقى-
لابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. 1949-يىل 1-
ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى
غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي
ۋەقە بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى
كۈچلەرنىڭ قالدۇقىنى يوقاتتى، 3 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت
سەرپ قىلىپ ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈردى، 1953-يىلدىن
باشلاپ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 1-بەشيىللىق
پىلانىنى يولغا قويدى. پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان ئۆتكۈنچى
دەۋردىكى باش لۇشيەن ۋە باش ۋەزىپىنىڭ پارلاق نۇرى
ئاستىدا، جۇڭگو خەلقى بىرنەچچە بەشيىللىق پىلان ئارقىلىق،
جۇڭگونى سانائەتلەشكەن، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ
سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ماركسىزم-لېنىنى-
زىمنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە باپ كېلىدىغان ھەقىقەت

ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ يېڭىلمەس قۇدرەتلىك قورال ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

# مۇندەرىجە


**قەدىمقى زاماندىكى جۇڭگو** (ئىپتىدائى جەمىيەت، قۇللۇق جەمىيەت، فېئوداللىق جەمىيەت) ...................... 1

1. يىراق قەدىمقى زاماندىن جەنگو دەۋرىگىچە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرگىچە) ...................... 1

ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى كەشپىيات ، تارىختىن ئاۋالقى دەۋر ھەققىدىكى رىۋايەت شيا سۇلالىسى، شاڭ سۇلالىسى غەربىي جۇ سۇلالىسى، شەرقىي جۇ سۇلالىسى چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىدىكى مەدىنىيەت

2. چىن سۇلالىسى، خەن سۇلالىسى، ئۈچ پادىشالىق، جىن سۇلالىسى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن مىلادى 6 ـ ئەسىرگىچە) ....... 23

چىن سۇلالىسى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە راۋاج تېپىشى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەر قوشۇۋېلىش ھەركىتى ۋە دىخانلار قوزغىلىڭى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باش كۆتىرىشى ۋە ئۇنىڭ راۋاج تېپىشى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش، سېرىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشى غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدىكى مەدىنىيەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈچ بەگلىكنىڭ تىركىشىپ تۇرۇ-

شىدىن غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغىچە بولغان دەۋر خۇلار دەپ ئاتىلىدىغان بەش مىللەت قۇرغان 16 بەگلىك شەرقىي جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر شىمالىي سۇلالىلەر جەنۇبىي سۇلالىلەر ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى

3. سۇي سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى، بەش دەۋر، سۇڭ سۇلالىسى، يۈەن سۇلالىسى (6-ئەسىردىن 14-ئەسىرگىچە) .................................. 60

سۇي سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ يوقىلىشى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش دېھقانلار چوڭ قوزغىلاڭلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە بەش دەۋر، ئون بەگلىك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە دىن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى سودا-سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ۋاڭ ئەنشىنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى ۋە بۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى مەتبە تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى يۈەن سۇلالىسىنىڭ سودا-سانائىتى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە دىن دېھقانلار چوڭ قوزغىلىڭىنىڭ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى

4. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى (14 ـ ئەسىردىن 19 ـ
ئەسىرگىچە) ........................................ 99
مىڭ سۇلالىسى يەرنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشى ۋە بىر خىللاش-
تۇرۇش ئۇسۇلى ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى،
شەھەر ئىگىلىگىنىڭ گۈللىنىشى، ياۋروپالىقلارنىڭ جۇڭگوغا
كېلىشى دېخانلار ئۇرۇشى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى
يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلگەن مىڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى
چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شەنخەيگۇەندىن ئۆتۈپ كېلىشى
ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۆرىشى چىڭ
سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ
تۈزۈمى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سودا ـ سانائەت ئەپيۇن
ئۇرۇشىدىن ئاۋالقى مەدەنىيەت

**يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو** (كونا دېموكراتىك ئىنقىلاپ
دەۋرى) ........................................ 122

1. ئەپيۇن ئۇرۇشى ........................................ 122
قانۇنسىز ئەپيۇن سودىسى ۋە لىن زېشۈنىڭ ئەپيۇننى چەكلىشى
1840 ـ يىلدىن 1842 ـ يىلغىچە بولغان ئۇرۇش نەنجىڭ
شەرتنامىسى، ۋاڭشيا شەرتنامىسى ۋە خۇاڭپۇ شەرتنامىسى
جۇڭگو خەلقىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى
چەتئەللەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىنىڭ يوغىنىشى
1856 ـ يىلدىن 1860 ـ يىلغىچە بولغان ئۇرۇش

2. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى ........................................ 134
تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە غەلىبە قىلىشى
تەيپىڭ تيەنگونىڭ مەغلۇپ بولۇشى نيەنجۈن قوشۇنىنىڭ

قوزغىلىڭى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاممىۋى قوزغىلاڭلىرى
3. جۇڭگونىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن 80 ـ يىللىرىـ
غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەزىيىتى ....................145
جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى
فېئودال بيۇروكراتلارنىڭ "ئەجنەبىلەرنى ئۆلگە قىلىش"
ھەركىتى ۋە يېقىنقى زامان سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ دەسلەپكى
بىخلىرى كاپىتالىستىك تاجاۋۇزچىلارنىڭ جۇڭگونىڭ چېگرا
رايونلىرىغا ھە دەپ تاجاۋۇز قىلىشى
4. جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى ۋە كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتـ
لەرنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش خەۋپى ..............153
ياپونىيىنىڭ چاۋشيەننى ۋە جۇڭگونى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى
1894 ـ يىلدىن 1895 ـ يىلغىچە بولغان جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى
كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تەسىر دائىرىلىرىنى
ئايرىۋېلىشى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چەتئەل جاھانگىرلىـ
گىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر
5. 1898 ـ يىلدىكى بۇرژۇئا سىياسى ئىسلاھات ھەركىتى ......163
بۇرژۇئا سىياسى ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى
1898 ـ يىلدىكى ئىسلاھات ھەركىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى
6. جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن
يىخېتۇەن دېھقانلار ھەركىتى .........................169
خەلقنىڭ چەتئەللەرنىڭ دىنىي جەمئىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇش
شەكلىدە ئىپادىلەنگەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ھەركىتى
يىخېتۇەن ھەركىتى 1900 ـ يىلى جاھانگىر قاراقچىلارنىڭ
بىرلىشىپ ئەسكەر چىقىرىشى 1901 ـ يىلدىكى شەرتنامە

7. 1911 ـ يىلدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ........................176
جاھانگىرلىك بىلەن فېئودال كۈچلەرنىڭ قوش بوييۇنتۇرۇغى ئاستىدىكى جۇڭگو خەلقى بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەركەتىنىڭ راۋاجلىنىشى 1911 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ پارتلىشى ئىنقىلاپ چاپسان غەلىبە قىلىۋاتقان جەرياندىكى كىرىزىس 1911 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم تارىخىي ئەھمىيىتى
8. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۇڭگو ..........................................................187
جاھانگىرلار ۋە مىلىتارىستلار دەپسەندە قىلغان زۇلمەتلىك جۇڭگو بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگو كاپىتالىزمىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى
9. يېڭى ئىلىم ۋە كونا ئىلىم ..........................190
**ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگو** (يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرى ۋە يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش) ........................................................196
1. جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشى ـــ "4 ـ ماي" ھەركىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ......196
جاھانگىرلىككە قارشى "4 ـ ماي" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ راۋاجلىنىشى جاھانگىرلىك چاڭگىلىدىكى مىلىتارىستلار يېغىلىغى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ

ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپ قۇرۇشنى قارار قىلىشى سۇن
جۇڭشەننىڭ كومپارتىيىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىپ، گومىن-
داڭنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشى "30 - ماي" ھەركىتىنىڭ
مەملىكەت بويىچە زور ئىنقىلاپ بورىنىنى چىقىرىشى گۇاڭدۇڭ
ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى مىللىي
بۇرژۇئازىيە ئوڭ قانىتىنىڭ ئىنقىلاپنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش
قەستىدە بولۇشى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك
ئىلگىرىلىشى ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋى
توغرىسىدىكى توغرا پىكىرلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
ئىنقىلاپقا ساتقىنلىق قىلىشى

2. ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ....................242

گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ جىنايەتلىرى "1 -
ئاۋغۇست" قوزغىلىڭى ۋە جىڭگاڭشەن ئىنقىلاۋىي تايانچ
بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىلارنىڭ راۋاجلى-
نىشى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي شىمال رايونىمىزنى
زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون-
يىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى جۇڭگو
قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپىرى ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ دەسلەپكى
قەدەمدە شەكىللىنىشى

3. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ....................277

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم
بېرىشى، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ گومىنداڭ بىلەن ياپونىيىنى

مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى ۋە
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پەيدا قىلغان 3 قېتىملىق كومپار-
تىيىگە قارشى تۇرۇش دولقۇنىنى توسىشى جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە
دېموكراتىيە ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 7 - قۇرۇلتىيى ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى

4. ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ....................306

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تېچلىق ۋە دېموكراتىيىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى جۇڭگو كوممۇ-
نىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ
ھۇجۇمىنى تارمار قىلىشى فېئوداللىق - دەللال ھاكىمىيىتىنى
ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش گومىنداڭ
ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىيە
ھەركىتىنىڭ كۈچىيىشى ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش-
نىڭ غەلىبىسى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى

5. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تېچلىق،
دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۆرەش قىلىنغان
بەش يىل ..................................330

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ مالىيە -
ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن كۆرەش قىلىش يەر ئىسلاھاتى ئامېرىكا جاھانگىر-

لىگىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تۈرلۈك
ئىجتىمائىي ـ دېموكراتىك ئىسلاھات ھەركەتلىرىنىڭ ئېلىپ
بېرىلىشى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ
غەلىبىلىك ئورۇنلىنىشى ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنىنىڭ
ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە 1 ـ بەشيىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ
باشلىنىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7 ـ نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى، پارتىيە
ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنىڭ
كۈچەيتىلىشى ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تېچلىق ـ ھەمكارلىق
ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جۇڭگو خەلقى ۋەتەننى
چوقۇم بىرلىككە كەلتۈرىدۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
ئېچىلىشى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي
قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى

6. جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ......355

ئاخىرقى سۆز ......367

# قەدىمقى زاماندىكى جۇڭگو (ئىپتىدائى جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت، فېئوداللىق جەمئىيەت)

## 1. يىراق قەدىمقى زاماندىن جەنگو دەۋرىگىچە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرگىچە)

**ئارخېئولوگىيە جەھەتتىكى كەشپىيات** يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار جۇڭگو زېمىنى تەۋەسىدە خېلى بۇرۇنلا ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 1929 - يىلدىن بېرى، بېيجىڭغا يېقىن جۇكۇدىيەن دىگەن يەردىن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان مايمۇنسىمان ئادەملەرنىڭ تاشقا ئايلانغان ئۇستىخانلىرى ۋە كۆپلىگەن شۇ دەۋردە ياشىغان جانلىقلارنىڭ تاشقاتمىلىرى ھەمدە مايمۇنسىمان ئادەملەر ئىشلەتكەن تاش قوراللار ئىلگىر - كېيىن بولۇپ تېپىلدى. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىق قىلىپ چىقىشىچە، بېيجىڭ مايمۇنسىمان ئادەملىرى ياشىغان دەۋر تۆتلەمچى دەۋرنىڭ يېڭىلىنىش مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ھازىر 500 مىڭ يىلچە بولىدى.

1954 ـ يىلى سەنشى ئۆلكىسى شياگفېن ناھىيىسى دىڭسۇن كەنتىدىن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان قەدىمى ئادەملەرنىڭ تاشقا ئايلانغان چىشلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان تاش قوراللار تېپىلدى. 1934 ـ يىلى جۇكۇدىيەندىكى لۇڭگۇ تېغى چوققىسىدىكى ئۆڭكۈردىن يەنە كونا تاش قورال دەۋ-رىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان ئەقلىي ئادەملەرنىڭ تاشقا ئايلانغان ئۇستىخانلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان تاش قوراللار، ئۇستىخان ـ مۈڭگۈز بۇيۇملار تېپىلدى. بۇلاردىن باشقا، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شاۋ-گۇەندىكى مابا دىگەن يەردىن، خۇبېي ئۆلكىسىدىكى چاڭياڭ دىگەن يەردىن، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى ليۇجياڭ دىگەن يەردىن ۋە خېتاۋ رايونىدىمۇ كونا تاش قورال دەۋرىدە ياشىغان ئىنسانلار ئىشلەتكەن نەرسىلەرنىڭ تاشقاتمىلىرى ياكى ئىزلىرى تېپىلدى.

يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئىزلىرى ناھايىتى كەڭ تارالغان بولۇپ، بۇلار تا ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىن تېپىلماقتا. بۇ كەشپىياتلار ياڭشاۋ مەدەنىيىتى، لۇڭشەن مەدەنى-يىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياڭشاۋ مەدەنىيىتى ھازىرقى خېنەن، سەنشى، شەنشى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىرى قاتارلىق جايلارغا تارالغان. لۇڭشەن مەدەنىيىتى ئاساسەن شەندۇڭ ئۆلكە-سىگە تارالغان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەدەنىيەت ئىزلىرى بار. نەپىس تاش قورال مەدەنى-يىتى ئاساسەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا

تارالغان. بۇلاردىن باشقا، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىرمۇنچە جايلاردىنمۇ جەنۇپ سىستېمىسىغا تاللىق يېڭى تاش قورال مەدىنىيىتى تېپىلدى.

**تارىختىن ئاۋالقى دەۋر ھەققىدىكى رىۋايەت جۇڭگونىڭ** قەدىمى تارىخ كىتاپلىرىدا تارىختىن ئاۋالقى دەۋرگە دائىر رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ. رىۋايەتتىكى ئەڭ مەشھۇر شەخسلەردىن قاشتېشىدىن ياراق ياساپ باشقا قەبىلىلەرنى يەڭگەن خۇاڭدى بار؛ پىلىچىلىكنى كەشىپ قىلغان لېيزۇ بار؛ سىرلانغان بويۇم ئىشلەشنى كەشىپ قىلغان شۇن بار؛ تۇچتىن ياراق ياساپ مياۋزۇلارنى يەڭگەن ھەمدە كەلكۈننى تىزگىنلىگەن يۈ بار. جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمقى دەۋردىكى جەمىيىتىنىڭ سىنىپ بولمىغان، خۇسۇسى مۈلۈك بولمىغان، ئېكىسپىلاتاتسىيە بولمىغان ئىپتىدائى جامائە تۈزۈمىدىكى جەمىيەت ئىكەنلىكى رىۋايەتتە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

**شيا سۇلالىسى (مىلادىدىن ئاۋالقى 21-ئەسىردىن مىلادىدىن ئاۋالقى 17-ئەسىرگىچە)، شاڭ سۇلالىسى (مىلادىن ئاۋالقى 17-ئەسىردىن مىلادىدىن ئاۋالقى 11-ئەسىرگىچە)** دۆلەت ھۆكۈمرانلىق ئاپاراتى بولغان سۇلالە، رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، شيا سۇلالىسىدىن باشلانغان. شيا سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى — يۈنىڭ ئوغلى چى ۋە ئۇنىڭ پۇشتىلىرى. شيا سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاسى جيې شاڭ سۇلالىسى پادىشاسى تاڭ تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

شاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، جۇڭگو تارىخىدا شۇ دەۋردە قالدۇرۇلغان يازما خاتىرىلەر بارلىققا كەلدى. بۇنداق يېزىقنىڭ بەزىلىرى تۇچ سايمانغا قۇيۇلغان، بەزىلىرى تاشپاقا قېپى-ھايۋان ئۇستىخىنىغا ئويۇلغان، ئۇ ئاساسەن تەسۋىرىي يېزىق ئىدى. شاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە خاس تۇچ قوراللار تارىختىن بۇيان تېپىلىپ كەلدى، يېقىنقى زامان ئارخىئولوگىيە خادىملىرى ئەنياڭدا كۆپ قېتىم قېزىش خىزمىتى ئىشلەپ، مول ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى. جېڭجۇدىمۇ يىن (شاڭ سۇلالىسى پادىشاسى پەنگېڭ پايتەختنى يىن دېگەن يەرگە يۆتكىگەندىن كېيىن، شاڭ سۇلالىسىنىڭ نامى يىن سۇلالىسى دەپمۇ ئاتالغان) لىقلارنىڭ دەسلەپكى شەھىرىنىڭ خارابىسى ۋە نۇرغۇن مەدەنىيەت خارابىلىرى تېپىلدى، بۇ ھال بۇ جايىنىڭمۇ يىنلىقلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چىغاناق-قاسراق پۈتۈكلىرى 1899-يىلى خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى شياۋتۇن كەنتىدىكى يىن خارابىسىدىن تېپىلغان ئىدى، ھازىرغىچە بۇ جايدىن نۇرغۇن قېزىلمىلار چىقتى. ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىپ چىقىشىچە، بۇ پۈتۈك شۇ چاغلاردا رەمباللار تۇرلۇك ئىشلار ئۈستىدە رەم باققاندا قالدۇرغان خاتىرىلەر ئىكەن، شۇڭا چىغاناق-قاسراق پۈتۈكى رەمنامە دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مۇشۇ مول ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، شاڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي تونۇشقا كېلىمىز:

بىرىنچىدىن، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، شاك سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ئالىلىبۇرۇنلا تۇچ قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان. شاك سۇلالىسى دەۋرىگە ياتىدىغان تۇچ قوراللارنىڭ تۈرى بەك كۆپ، يېمەكلىك قاچىلىرى، شاراپ قاچىلىرى ۋە ھەربى قوراللار ھەممىدىن كۆپ. بۇلارنىڭ چوڭلىرىدىن كېيىنكى يىللاردا تېپىلغان "ۋۇ ئانا داڭقىنى" 1400 جىڭ بولۇپ، تولىمۇ كۆركەم ياسالغان؛ كىچىكلىرىدىن قوشۇق، ئۇچ پۈتلۈق رۇمكا، مىس ئوقيا قاتارلىقلار بەك نەپىس ياسالغان. بۇ تۇچ قوراللار شەكلىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ياسىلىشىنىڭ نازۇكلۇغى، نەققاشلىرىنىڭ گۈزەللىگى، سانىنىڭ جىقلىغى جەھەتلەردە پۈتۈن دۇنيادىكى تۇچ قورال مەدىنىيىتى بويىچە تەڭداشسىز بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، شاك سۇلالىسى ھەقىقەتەن دېخانچىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان. رەمنامىدىن قارىغاندا، دېخانچىلىق شاك سۇلالىسىنىڭ ئىگىلىگىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئېرىشكەن. رەمنامىدە يىل، يامغۇرغا دائىر رەمباللىق خاتىرىلىرى ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭدىن دېخانچىلىقنىڭ تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئورنىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. رەمنامىدە تىلغا ئېلىنغان دېخانچىلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە، تېرىق ھەممىدىن كۆپ تىلغا ئېلىنغان، ئۇنىڭدىن قالسا بۇغداي كۆپ تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا تېرىق بىلەن بۇغداي شاك سۇلالىسى ئادەملىرىنىڭ ئەڭ ئومۇمى ئاشلىغى بولسا كېرەك. پىلە، ئۈژمە، يىپەك، شايە

دىگەن سۆزلەر رەمنامىدە كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇنىڭدىن شاڭ سۇلالىسى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يىپەك توقۇلمىلاردىن كىيىم قىلىشىنى بىلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. چارۋىچىلىق بۇ دەۋردە دىخانچىلىققا يول بېرىپ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان، شاڭ سۇلالىسى ئادەملىرى باققان هايۋانات تۈرلىرى بىز بۈگۈنكى كۈندە بېقىۋاتقان هايۋانات تۈرلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. ئات، كالا، قوي، ئىت، چوشقا رەمنامىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. شاڭ سۇلالىسى ئادەملىرى ئات، كالىنى هارۋىغا قېتىشنى بىلگەن، ئۇ چاغدا خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا پىلمۇ ياشىغان، يەنە كېلىپ ئۇ سوقۇشقا ئىشلىتىلگەن. بۇلار ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىياتلار ۋە چىغاناق-قاسراق يېزىقىدا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى.

ئۈچىنچىدىن، شاڭ سۇلالىسى قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان. تۇچ قوراللارنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ چاغدا قول هۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قۇللار ۋە قۇللارنى باشقۇرغۇچىلار بارلىققا كەلگەن، بۇ قۇللار ئاقسۆڭەكلەر بەھرىمەن بولىدىغان ئالىي سايمانلارنى ياساش بىلەنلا شۇغۇللانغان. نەزىر-چىراق، دۇئا-تەكبىر، رەمباللىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇن باخشى-دۇئاگويلارمۇ بارلىققا كەلگەن، تېخىمۇ كۆپ ئادەملەر دىخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تەييارلاپ، بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كىشىلەرنى باققان، ئەلۋەتتە.

بۇنىڭدىن شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نۇرغۇن قۇللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن. ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىياتلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، گۆرلۈككە بىللە كۆمۈلگەن ئادەمنىڭ سانى 3 ـ 4 يۈزگە يەتكەن، يىن سۇلالىسى خارابىسىدىن گۆرلۈككە بىللە كۆمۈلگەن ئادەم سانىنىڭ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمئىي ئىككى مىڭدىن ئاشقانلىقى مەلۇم بولدى، بۇنىڭدىن قۇللارنىڭ سانىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەسىرگە چۈشكەنلەر ۋە گۇناكارلار قۇللارنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئىدى، تارىخىي ماتېرىياللار شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇش كۆپ بولغان ۋە جازا تۈزۈمى قاتتىق بولغان دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھازىرقى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، شاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ئومۇمەن ئېيتقاندا، شىمالدا ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن جەنۇبتا چاڭجياڭ ـ خۇەيخې دەريالىرى ۋە خۇبېي ئۆلكىسىگىچە، شەرقتە شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن غەربتە شەنشى ئۆلكىسىگىچە بولغان زېمىن شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلكىدە بولغان بولسا كېرەك. مۇشۇ كەڭ زېمىن دائىرىسىدىكى بىرمۇنچە قەبىلىلەر ۋە كىچىك بەگلىكلەر شاڭ سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلغان.

شاڭ سۇلالىسىنىڭ خان ـ پادىشالىرىنىڭ نامى «تارىخنامە. يىن سۇلالىسى پادىشالىرىنىڭ تەرجىمھالى»دا يېزىلغان. «يىن سۇلالىسى پادىشالىرىنىڭ تەرجىمھالى»دا يېزىلىشىچە، شاڭ

سۇلالىسىنىڭ پېشۋاسى شيې دىگەن پادىشانىڭ زامانىدىن تاڭ دىگەن پادىشا زامانىغىچە 13 ئەۋلات ئۆتكەن، شاڭ سۇلالى-سىنىڭ پادىشاسى تاڭ شيا سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن باشلاپ شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى جۇ دىگەن پادىشاغىچە ھىساپ-لىغاندا، جەمئى 30 پادىشا تەختتە ئولتۇرغان، بۇ پادىشالارنىڭ «يىن سۇلالىسى پادىشالىرىنىڭ تەرجىمھالى»دا يېزىلغان ئىسمى بىلەن رەمنامىدە يېزىلغان ئىسمى ئاساسەن بىردەك.

شاڭ سۇلالىسىنىڭ قانچە يىل ھۆكۈم سۈرگەنلىكى ئۈستىدە ھازىرچە ئېنىق بىرنىمە دىيەلمەيمىز، «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى» دىگەن كىتاپتا خاتىرىلىنىشىچە، شاڭ سۇلالىسى 600 يىل ھۆكۈم سۈرگەن.

**غەربىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 11-ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىرگىچە)، شەرقىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرگىچە)** شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىل-لىرى، جۇ ئادەملىرى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى ۋېيشۈي دەرياسى ۋادىسىدا باش كۆتەرگەن. جۇ سۇلالىسىنىڭ قايسى يىلى دۆلەت قۇرۇشقا باشلىغانلىغى ۋە شاڭ سۇلالىسىنى قايسى يىلى يوقاتقانلىغى ئۈستىدە ھازىرچە كېسىپ بىرنىمە دىيەلمەيمىز. ئومۇمى خاتىرىلەردە: غەربىي جۇ سۇلالىسى شاڭ سۇلالىسىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يوقاتقان، دەپ يېزىلىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردە 12 بەگلىك يىلنامىسى

گۇڭخې يىلىنىڭ بىرىنچى يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 841 ـ يىلى)دىن باشلىنىدىغانلىغى پۈتۈلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، جۇڭگو تارىخى ئېنىق يىللىرى بىلەن خاتىرىلىنىدىغان بولدى.

جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى شېئىر ـ قوشاقلاردىن قارىغاندا، جۇ سۇلالىسىنىڭ پېشۋاسىنىڭ ئىسمى چى بولۇپ، پەرى جياڭ يۈەننىڭ ئوغلى ئىكەن. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، چى ئەڭ بۇرۇن چۈژگۈن تېرىغان كىشى ئىكەن. چۈژگۈن تېرىقچىلىقتا تېرىش ئاسان، تېخىمۇ ئادەتتىكى ئاشلىق ئىكەن. چى چۈژگۈن تېرىشنى باشلاپ بېرىپ، دىخانچىلىقتا زور تۆھپە قوشقانلىغى ئۈچۈن، دىخانچىلىقنىڭ پىرى دەپ ئىززەتلەنگەن ۋە چۈژگۈن ئەۋلىياسى دەپ ئاتالغان.

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، جۇ ئادەملىرى ئەڭ دەسلەپتە پائالىيەت ئېلىپ بارغان جاي تەي ئىكەن. تەي هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى ۋۇگۇڭ ناھىيىسىدە. ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ۋە دەسلەپكى قەدەمدە قېزىپ چىقىشىچە، جۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى ھەقىقەتەن ۋېيخې دەرياسى ۋادىسىدا ئىكەن. چىشەن، فېڭ ۋە خاۋ ئوتتۇرىسىدا جۇ ئادەملىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر ئەڭ كۆپ ئىكەن.

جۇ ئادەملىرى بىرنەچچە قېتىم كۆچكەن، تەيۋاڭ زامانىغا كەلگەندە جۇيۈەن (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسى چىشەن ناھىيىسى)گە كۆچۈپ كەلگەندىلا، جۇ دۆلەت نامى بولۇپ قالغان، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن جۇ دۆلىتى بارا ـ بارا قۇدرەت تاپقان.

تەيۋاڭنىڭ ئوغلى ۋاڭجى غەربىي رايوننىڭ ھۆكۈمرانى ئىكەن، كېيىن ئۇنى شاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ۋېندىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. رەمنامىدىن قارىغاندا، جۇ سۇلالىسى شاڭ سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسى بولسا كېرەك.

ۋاڭجىنىڭ ئوغلى ۋېنۋاڭ ئەتراپىدىكى كىچىك بەگلىكلەرنى بوي سۇندۇرۇپ، ۋېيخې دەرياسى ۋادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پايتەختنى ۋېيخې دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى فېڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شىئەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا) دىگەن يەرگە كۆچۈرگەن، ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ھازىرقى سەنشى، خېنەن ئۆلكىلىرىگە يەتكەن. ئۇنىڭ ئوغلى ۋۇۋاڭ شاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، جۇ سۇلالىسىنى قۇرغان، پايتەختنى فېڭدىن خاۋجىڭغا (شىئەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا) كۆچۈرگەن. پايتەختى غەرپ تەرەپتە بولغانلىقتىن، كېيىنكى تارىخچىلار ئۇنى غەربىي جۇ سۇلالىسى دەپ ئاتىغان.

ۋۇۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، شاڭ سۇلالىسى ئادەملىرى توپىلاڭ كۆتەرگەن، ۋۇۋاڭنىڭ ئىنىسى جۇگۇڭ شەرققە ئىككىنچىلەپ جازا يۈرۈشى قىلىپ، 50 نەچچە بەگلىكنى يوقىتىپ، شاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقتىكى قالدۇق كۈچلىرىنى بوي سۇندۇرغان. غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغىچە كېڭەيگەن، شۇنىڭ بىلەن خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى ئاساسەن غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايون بولۇپ قالغان.

جۇڭگۇڭ جۇ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يېڭىدىن بوي سۇندۇرۇۋالغان جايـلار ۋە خەلقـنى بىر پەملىلىك ۋە يات پەملىلىك ئاقسۆڭەكلەرگە سۇيۇرغال قىلىـپ بەرگەن. ۋېنۋاڭ، ۋۇۋاڭ، جۇگۇڭنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئۇلار بىلەن بىر پەملىلىك باشقا كىشىلەرنىڭ تولىسى چـوڭ-كـىچىك بەگ بولغان ۋە ئۇلارغا ھازىرقى شەنشى، خېنەن، شەندۇڭ، سەنشى، خېبېي، خۇبېي ئۆلـكىـلىرى تەۋەسـىدىكى جايـلار سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن، كۆپىنچىسـگە ھازىرقى خـېنەن ئۆلكـىسى تەۋەسىدىكى جايلار سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلـگەن. ئېيتىشـلارغا قارىغاندا، جۇگۇڭ سۇيۇرغال قىلغان بەگلىك جەمئىي 71 ئىكەن، بۇنىڭدىن باشقا، غەربىـي جۇ سۇلالـىسى بوي سۇنـدۇرۇۋالغان بىرمۇنچە كىچىك بەگلىكلەرمۇ بار ئىكەن، ئۇلار بېقىنـدا دۆلەت نامىدا جۇ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ بۇيرۇغىغا ئەمەل قىلىـدىكەن ھەمدە ئۇنىڭغا تارتۇق-سېلىق تاپشۇرۇپ تۇرىدىكەن.

غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەمـىيەت قانـداق جەمىـيەت؟ بۇ مەسلىدە جۇڭگو تارىخچىلىرىدا پىكىر ئىخـتىلاپـلىرى بار. بەزىلەر ئۇنى فېئودالـلىق جەمىيەتـنىڭ باشلىنـىشى دەپ قارايدۇ، بەزىلەر ئۇنى قۇللۇق جەمىيەت ھىساپلايدۇ. ھازىـرقى ئارخېئولوگىيىلىك ماتىرىياللار ۋە يازما ماتىرىياللارغا ئاساسەن، غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جەمىيەتـنىڭ ئاساسـي ئەھـۋالىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىجتىمائـى ئىشلەپـچىقىـ

رىش كۇچلىرىنىڭ سەۋىيىسى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن تېخىمۇ ئۆسكەن. بۇ، ئالدى بىلەن، دېخانچىلىق ئىشلەپچىقى-رىشىنىڭ راۋاج تاپقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مىس بۇيۇملارغا ئويۇلغان خەتلەر ۋە «نەزمىلەر»، «نەسىرلەر»دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە دېخانچىلىق گۈللەنگەن، تېرىقچىلىق جابدۇقلىرى ياخشىلانغان، دېخانچىلىق زىرائەت-لىرىنىڭ تۈرى كۆپەيگەن، دېخانچىلىق كۆلىمى كېڭەيگەن يەنى مۇشۇ جەھەتلەردە ئىشلەپچىقىرىش كۇچلىرىنىڭ سەۋىيىسى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇنداق دېيەلەي-مىزكى، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ تەسىرى يېتىپ بارغانلىكى يەردە دېخانچىلىق راۋاج تاپقان، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېچىلىشىدا غەربىي جۇ سۇلالىسى زور تۆھپە قوشقان.

2. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقى-رىش مۇناسىۋەتلىرى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ھەقىقەتەن ئاز-تولا ئۆزگەرگەن. مىس بۇيۇملارغا ئويۇلغان خەتلەر ۋە «نەزمىلەر»، «نەسىرلەر»دىكى خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇ زاماندا تەبىقىچىلىك تۈزۈمى بارلىققا كەلگەن، بۇنداق تەبىقى-چىلىك تۈزۈمى يەر مۈلۈكچىلىكى ئاساسىغا تىكلەنگەن. تەڭرى-قۇت بىر قىسىم يەرلەرنى شۇ يەرلىك خەلق بىلەن بىللە بەگلەرگە ئىنئام قىلىپ بەرگەن، بەگلەرمۇ ئۆز بەگلىكى دائى-رىسىدە ھەر قىسىم يەرلەرنى (بۇ يەرلەر بەخشەندە يەر دەپ

ئاتالغان) شۇ يەرلىك خەلق بىلەن بىللە تۆرىلەرگە ئىنئام قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، يەر ۋە دىخان ئىگىلىرى سىنىپى شەكىللەنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، بىۋاستە يەر تېرىغۇچىلارنىڭ ئۆزىدە يەر بولمىغاچقا، ئۇلار يەر ئىگىلىرىدىن ئازراق يەر ئېلىپ تېرىپ، ئۆزلىرىنى ۋە بالا-چاقىلىرىنى باقىدىغان ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولغان، تەگرىقۇت، بەگلەر ۋە تۆرىلەرنىڭ يەرلىرىنى بولسا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ تېرىپ بەرگەن. مۇشۇ بىۋاستە يەر تېرىغۇچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئۆيلىرى، كۆكتاتلىقى بار ئىدى، ئۇلار يەر ئىگىلىرىدىن تۇرمۇش ۋاستىلىرى ئالمايتتى، ئەمما يەر ئىگىلىرى ئۇلارغا قارىتا جىسمانى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالاتتى.

3. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تەبىقىچىلىك تۈزۈمنى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە تۇنجى ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. غەربىي جۇ سۇلىسى دەۋرىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىياسى ئورنىغا ۋە مال-مۈلكىگە ئۇلارنىڭ تۇنجى ئوغلى (ئۆز ئۇرۇغىدىن بولغان) ۋارىسلىق قىلاتتى. دادىسىنىڭ سىياسى ئورنىغا ۋە مال-مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغان تۇنجى ئوغۇل ئۇرۇق ئاقساقىلى دەپ ئاتىلاتتى. جۇ سۇلالىسى پادىشاسى ئەلنىڭ ئۇرۇق ئاقساقىلى، بەگلەر ئۆز بەگلىكىنىڭ ئۇرۇق ئاقساقىلى، تۆرىلەر ئائىلىسىنىڭ ئۇرۇق ئاقساقىلى ئىدى. سىياسى جەھەتتە دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان

بۇ ئۇرۇق ئاقساقاللىرى ئىگىدارلىق قىلىدىغان يەر كۆلىمى ھەر خىل بولغان ھەر دەرىجىلىك يەر ئىگىلىرى ئىدى.

4. غەربىي جۇ سۇلالىسى مەدىنىيىتى شاڭ سۇلالىسى مەدە-نىيىتى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇنى بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتىنمۇ، يېزىقنىڭ شەكلىدىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «نەز-ملەر»دىكى شېئىر-قوشاقلار، «نەسرلەر»دىكى يارلىقلار، خاتى-رىلەر شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئىلگىرىلىگەن. غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە مىس بۇيۇملارغا ئويۇلغان نەچچە يۈز خەتلىك يادنامىلەردىن ھازىرغىچە ساقلى-نىپ قالغىنى خېلى كۆپ. بۇنىڭدىن باشقا، جۇ سۇلالىسى ئادەملىرىنىڭ تەرىقەت كۆزقارىشىمۇ شاڭ سۇلالىسى ئادەملىرى-نىڭكىدىن مۇكەممەل ھەم سىستېمىلىق.

غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى يۇۋاڭ چۇەن رۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. يۇۋاڭنىڭ ئوغلى پىڭۋاڭ مىلا-دىدىن ئىلگىرىكى 770-يىلى پايتەختنى لويىغا كۆچۈرگەن. لويى خاۋجىڭنىڭ شەرقىدە بولغاچقا، پىڭۋاڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن جۇ سۇلالىسى شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 722-يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 481-يىلغىچە بولغان مەزگىلى چۇنچيۇ دەۋرى دېيىلىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 403-يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221-يىلغىچە بولغان مەزگىلى جەنگو دەۋرى دېيىلىدۇ. شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەۋر سۈرگەن 5

يۈز نەچچە يىل ئىچىدىمۇ جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى خېلى تەرەققى قىلدى، شانلىق مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

چۈنچيۇ، جەنگو دەۋرلىرىدە جەمىيەت ئەھۋالى غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان، بۇنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. تۆمۈرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بىلەن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئۆسكەن. ئىشەنچلىك يازما ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، تۆمۈر توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى پۈتۈك مىلادىدىن ئىلگىرىكى 513-يىلى جىن بەگلىكىنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىنى تۆمۈر داڭقانغا قۇيغانلىقى ئىكەن؛ بۇ پۈتۈك شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، كەم دېگەندە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگودا تۆمۈر قۇيمىچىلىقى بارلىققا كەلگەن. بۇ پۈتۈك ناھايىتى ئىشەنچلىك. ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىياتلار چۈنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ۋە جەنگو دەۋرىدە تۆمۈر قوراللارنىڭ خېلىلا ئومۇمىي يۈزلۈك ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. خېبېي ئۆلكىسى شىڭلۇڭ ناھىيىسىدىن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى قۇيىدىغان نۇرغۇن تۆمۈر قېلىپلار تېپىلدى، خېنەن ئۆلكىسى خۇيشيەن ناھىيىسىدىكى جەنگو دەۋرىگە خاس قەۋرىدىنمۇ نۇرغۇن تۆمۈر قوراللار چىقتى. تۆمۈرنىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېخانچىلىق ۋە قول سانائەت سايمانلىرى ياخشىلانغاچقا، دېخانچىلىق ۋە قول سانائەت راۋاج تاپقان، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە سودا پائالىيەتلىرىگە

تۇرتكه بولغان. بىرمۇنچه بەگلىكلەرنىڭ قورغانلىرى ۋاۋاج
تېپىپ دەسلەپكى شەھەرگە ئايلىنىشقا باشلىغان. جەنگو دەۋ-
رىدە، تۈمەن ئۆيلۈك شەھەر ئادەتتىكى شەھەر بولۇپ قالغان،
چى بەگلىكىنىڭ پايتەختى لىنزىدا 70 مىڭ ئۆيلۈك ئولتۇراق-
لاشقان، ۋېي بەگلىكىنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا ھارۋىلار كېچە-
كۈندۈز توختىماي ماڭىدىغان بولۇپ كەتكەن، بۇنىڭدىن ئەينى
زاماندىكى ئاۋاتچىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. سودىنىڭ
تەرەققىي قىلىشى پۇلغا بولغان ئېھتىياجنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.
پۇل جۇڭگودا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، بىراق قۇيما پۇل
جەنگو دەۋرىگە كەلگەندىلا ئومۇملاشقان. سودا شەھەرلىرىنىڭ
ھەممىسىدىلا ئۆز ئالدىغا پۇل قۇيۇلغان، ھازىر ئېنىق ملاپ
چىققىلى بولىدىغان ئاشۇنداق شەھەر نامى ئىككى يۈزدىن كەم
ئەمەس.

2. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ،
يەر مۈلۈكچىلىكى ئاز-تولا ئۆزگەرگەن. غەربىي جۇ سۇلالى-
سىدىن بۇيان يەر تامامەن ئاقسۆڭەك-خوجىلارنىڭ ئىلكىدە
بولۇپ كەلگەن ئىدى، يەرنى ئېلىش-سېتىشقا رۇخسەت قىلىن-
مايتتى. چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن بىر قىسىم
يەرلەر يېڭىدىن باش كۆتەرگەن پومىششىكلار سىنىپى ۋە
دېخانلار سىنىپىنىڭ قولىغا ئاستا-ئاستا ئۆتتى. جەنگو دەۋرىگە
كەلگەندە يەرنى ئەركىن ئېلىش-سېتىش ئادەتتىكى ئىش
بولۇپ قالدى. بۇ دەۋردە يېڭىدىن باش كۆتەرگەن يەر ئىگى-

لىرى سىنىپى بەگلەر ۋە تۆرىلەردىن نۇرغۇن يەرگە ئىگە بولۇپ ۋە ئۇنى بىۋاستە تېرىقچىلارغا ئىجارىگە بېرىپ، ئۇلاردىن مەلۇم مىقداردىكى ھوسۇلنى يەر ئىجارىسى سۈپىتىدە ئالىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىلگىرى مېھنەت بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى بارا-بارا ئەمەلىي نەرسە بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسىگە ئايلاندى. يەر ئىجارىسى شەكلى ئۆزگەرگەنلىكتىن، بىۋاستە يەر تېرىغۇچىلارنىڭ يەر ئىگىلىرىگە بولغان جىسمانىي بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىمۇ بىرقەدەر بوشاپ قالدى.

3. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئارقىسىدا، يەر مۈلۈكچىلىگىلا ئۆزگىرىپ قالماستىن، يەرلىك ئىگىلىكمۇ ئومۇمىي يۈزلۈك راۋاج تاپتى. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىگىلىك ئەڭ تەرەققىي قىلغان جاي ۋېيخې دەرياسى ۋادىسى ئىدى. چۇنچيۇ دەۋرىگە كەلگەندە، چى (ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدە)، جىن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدە)، جېڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا)، سۇڭ (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا)، چىن (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدە)، چۇ (ھازىرقى خۇبېي ئۆلكىسىدە) بەگلىكلىرىنىڭ ئىگىلىگىمۇ تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى ئىگىلىگى گۈللەنگەن رايون بولۇپ قالدى. چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ۋۇ (ھازىرقى جياڭسۇ ئۆلكىسىدە) بەگلىكى بىلەن يۆ (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسىدە) بەگلىكى زومىگەرلىك ھوقۇقى تالىشىۋېرىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى

ئېقىمدىكى بەگلىكلەرمۇ جۇ سۇلالىسىنىڭ ئىگىلىك سىستېمىسىغا تارتىلىپ كەتتى. يەرلىك ئىگىلىكىنىڭ راۋاج تاپقانلىقىنى يەر ئاستىدىن چىققان مەدىنى يادىكارلىقلار ئىسپاتلايدۇ. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە خاس قېزىلما مىس بۇيۇملار ئومۇمەن جۇ سۇلالىسى پادىشالىرىنىڭ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ نەرسىلىرى بولۇپ چىقتى، بەگلىكلەرگە خاس مەدىنى يادىكارلىق يوق دېيەرلىك؛ شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىگە خاس مىس بۇيۇملارنىڭ تولىسى بەگلىكلەرنىڭ بولۇپ چىقتى. دېمەك، چۇنچيۇ دەۋرىدە، بەگلىكلەرنىڭ مەدىنى يادىكارلىق تۈزۈمى بارا-بارا مۇكەممەللەشكەن. جەنگو دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، چۇ بەگلىكىنىڭ زېمىنى هازىرقى خۇبېي، خۇنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ ئۆلكىلىرىنىڭ ھەننەنۋا زېمىنىنى، شەندۇڭ، خېنەن، سىچۇەن، گۈيجۇ ئۆلكىلىرىنىڭ زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. چۇ بەگلىكى جەنۇبىي رايونلارنى ئېچىشتا زور تۆھپە قوشقان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئەنخۇي، خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىدىن ۋە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن چۇ بەگلىكىگە خاس نۇرغۇن مەدىنى يادىكارلىقلار قېزىۋېلىندى ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىن خەت ئويۇلغان بامبۇك تارشا ۋە ياغاچ تارشا چىقتى، بۇنىڭدىن چۇ بەگلىكى مەدىنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، چىن، جاۋ (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدە)، يەن (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسى ۋە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا) بەگلىكلىرىمۇ زېمىنىنى ئۆز-

لۇكسىز ئېچىپ بارغان. چۇ بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى جۇاڭ چياۋ يۇننەنگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ يۇننەن بەگلىكىنى قۇرغان، شۇنىڭ بىلەن يۇننەن بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى قېتىم مەدەنىيەت ئالاقىسى باشلانغان.

4. يەرلىك ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرلىرىدە سىياسى جەھەتتىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا نۇرغۇن بەگلىكلەر بار ئىدى، چۇنچيۇ دەۋرىگە كەلگەندە كۇچلۇك بەگلىكلەر ئەسكىرىي كۇچىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتتى، ئاجىز بەگلىكلەرنى ئۆز بۇيرۇغىغا بوي سۇندۇرۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن، چى، سۇڭ، جىن، چىن، چۇ بەگلىكلىرىدىن ئىبارەت 5 كۇچلۈك بەگلىك زومىگەرلىك ھوقۇقى تالىشىدىغان ھالەت شەكىللەندى. چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرى، جەنگو دەۋرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، كۇچلۇك جىن بەگلىكى خەن (ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىدە)، جاۋ، ۋېي (ھازىرقى خېبېي ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىدە) بەگلىكلىرىدىن ئىبارەت 3 بەگلىككە بۆلۈنۈپ كەتتى ـ دە، بۇلارغا ئەسلىدىكى، چى، چىن، چۇ، يەن بەگلىكلىرىدىن ئىبارەت 4 بەگلىك قوشۇلۇپ، 7 چوڭ بەگلىك تىركىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. قىسقىسى، چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرلىرىدىكى ئومۇمى تارىخىي يۈزلىنىش بۆلۈنمىدىن بىرلىككە قاراپ ئىلگىرىلەش بولدى. يېڭىدىن باش كۆتەرگەن پومېشچىكلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپى ئاقسۆڭەكلەر بۆلۈنمىسىنى

بكار قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. سۈيۈرغاللىق تۈزۈمى شۇنىڭ بىلەن قىسمەن ھالدا بىكار قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋىلايەت-ناھىيە تۈزۈمى دەسسىدى. ۋالى، ھاكىملارنى پادىشا تەيىنلەيدىغان، ۋالى، ھاكىملار پادىشا ئالدىدا جاۋاپكار بولىدىغان بولدى، ھەق تۈزۈمىمۇ بارا-بارا يەر بەخشەندە قىلىپ بېرىدىغان تۈزۈمدىن گۇرۇچ بېرىدىغان تۈزۈمگە ئايلاندى.

**چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىدىكى مەدەنىيەت** چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگونىڭ قەدىمقى ئىلىم-پەننى تەدرىجى تەرەققى تاپتى، كوڭزى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 552~479-يىللار) فېئوداللىق تەبىقىچىلىك تۈزۈمىنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ، قەدىمقى ئىلىم-پەننى يەكۈنلەش ۋە تارقىتىش خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. جەنگو دەۋرىگە كەلگەندە، ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش كەسكىن بولدى، بۇ ھال ئىدىيە ساھەسىدىكىلەرگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى-دە، نەزىرىيە جەھەتتە بەس-مۇنازىرە كېلىپ چىقىپ، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايرايدىغان ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى. شۇ چاغدا كوڭزى ۋەكىللىكىدىكى كوڭزىچى ئالىملارنىڭ تولىسى "ۋېنۋاڭ، ۋۇۋاڭنىڭ يولىنى ئىزام قىلىپ" (غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئۈلگە قىلىپ)، تەبىقىچىلىك تۈزۈمى ۋە ئۇرۇقداشلىقنى تەرغىپ قىلىپ، ئەينى زاماندىكى ھوقۇقدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەبىقىچىلىك تۈزۈمىنى ئاقلىدى. موزى (مىلادىن

ئىلگىرىكى ?480~?390 ـ يىللار) ۋەكىللىگىدىكى موزىچى ئالىملار بەگلىكلەر يىغىلىقلىرىغا، ئەيش ـ ئىشرەت ۋە ئىسراپچىلىققا، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى دەپسەندە قىلىدىغان، بايلار گادايلارنى بوزەك قىلىدىغان، ئاقسۆڭەكلەر پۇقرالارنى ئانىي تاپىدىغان، ھىلىگەرلەر نادانلارنى ئەخمەق قىلىدىغان ھالەتكە قارشى تۇرۇپ، تېجىلىق، ئىقتىساتچىللىق، مېھرىۋانلىق، مەنپەئەتدارلىقنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇلار ئېزىلگۈچى ئەمما قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان دېخانلار، ئۇششاق سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈردى. لاۋزى، جۇاڭزى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى ?365~?290 ـ يىللىرى) ۋەكىللىگىدىكى تەرىقەتچى ئالىملار ئىجتىمائى تەرەققىياتقا قارشى تۇرۇپ، پۇقرالار ھېچقاچان باردى ـ كەلدى قىلىشمايدىغان ئىپتىدائى جەمىيەتكە قايتىشنى تەشەببۇس قىلدى، روشەنكى، بۇ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈردى. قانۇنچىلار ئېقىمىدىكى ئالىملاردىن شاڭ ياڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى ?390~?338 ـ يىللار)، خەن فېي (مىلادىدىن ئىلگىرىكى ?280~?233 ـ يىللار) قاتارلىقلار ھوقۇقنى مەركەزگە توپلاشنى، پادىشانىڭ ھاكىممۇتلەقلىغىنى، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، يېڭىدىن باش كۆتەرگەن پومىشىكلار سىنىپىنىڭ سىياسى تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مانا بۇ ئىلىم ئېقىملىرى شۇ چاغدىكى پايدا ـ مەنپەئەتى ئوخشاش بولمىغان سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى.

بۇ مەزگىلدە تەبىئى پەنمۇ تەرەققى قىلدى. ئاسترونوملار ئاساسىي يۇلتۇز تۇركۇملىرىنى ۋە مېركۇرى، ۋېنېرا، مارس، يۇپىتېر، ساتورىندىن ئىبارەت 5 چوڭ سەييارىنى بىلدى ھەمدە كۈن، ئاي ۋە 5 سەييارىنىڭ ھەركىتىنى ھساپلاپ چىقتى. سۇ قۇرۇلۇشى مۇتەخەسسىسلىرى سۇ قۇرۇلۇشى ئىلىپ باردى، مەسىلەن، لى بىڭ، جېڭ گو دىگەن كىشىلەر زور نەتىجە ياراتتى. قاتناش تەرەققى تاپقاچقا، جۇغراپىيە ئالىملىرى جۇڭگونىڭ پۈتكۈل جاھان ئەمەسلىگىنى بىلدى ھەمدە بارا-بارا جۇڭگو زىمىندىن باشقا جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئۈستىدىمۇ توختالدى. فىزىكىمۇ تەرەققى قىلدى، «موزىچىلار دەستۇرى»دە ئوپتىكا-مېخانىكا پەنلىرىنىڭ بەزىبىر ئاساسىي پىرىنسىپلىرى تىلغا ئىلىندى.

تارىخشۇناسلىق جەھەتتە «زو چيۇمىڭ يىلنامىسى»، «ئەرباپلار بايانلىرى»، «جەنگو دەۋرىدىكى تەدبىرلەر»، «قومۇشقا يېزىلغان يىلنامە» دىگەنگە ئوخشاش سىستېمىلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى، بۇلارنىڭ تولىسى جەنگو دەۋرىدە يېزىلدى. ئەدەبىيات تېخىمۇ مۇھىم تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بايانامىلەردىن باشقا، چوڭ نەزىرىيۋى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. چۇ بەگلىگىنىڭ تالانتلىق شائىر چۈيۈەن (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 340~278-يىللار)نىڭ لىرىك داستانى بىلەن چۇ بەگلىگىنىڭ باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى توپلىنىپ «چۇ دەۋرى نەزمىلىرى» بارلىققا كەلدى، بۇ توپلام بىلەن جۇڭگونىڭ

ئەڭ دەسلەپكى شېئىر - قوشاقلار توپلىمى «نەزمىلەر» جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك مىراس بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

### 2. چىن سۇلالىسى، خەن سۇلالىسى، ئۈچ پادىشالىق، جىن سۇلالىسى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن مىلادى 6 - ئەسىرگىچە)

**چىن سۇلالىسى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221~207 - يىللار)** چىن شىخۇاڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 246~210 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خەن، جاۋ، ۋېي، چۇ، يەن ۋە چى بەگلىكلىرىدىن ئىبارەت 6 بەگلىكنى يوقاتقاندىن كېيىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221 - يىلى 8 يۈز نەچچە يىللىق فېئوداللىق بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، جۇڭگو تارىخىدىكى ھوقۇق مەركەزگە توپلانغان تۇنجى فېئودالىق مۇستەبىت سۇلالىنى قۇردى.

بۇ فېئوداللىق مۇستەبىت سۇلالىنىڭ دۇنياغا كېلىشى پومىشىكلار سىنىپىنىڭ تارىخىي غەلىبىسىدۇر. پومىششىكلار سىنىپى جەنگو دەۋرىدىلا شۇ چاغدىكى بەگلەرنىڭ قولىدىن يەرگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك جان تومۇرىنى پەيدىن - پەي ئىگەللىگەن ھەمدە ئاقسۆڭەكلەر

بۆلۈنمىلىرىنى يوقىتىپ، پومىششىكلار سىنىپى دىكتاتۇرىلىغىدىكى ھوقۇق مەركەزگە توپلانغان ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

چىن شىخۇاڭ ھۆكۈمىتى، ئالدى بىلەن، بەگلەرگە يەر سۇيۇرغال قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋىلايەت ـ ناھىيە تۈزۈمىنى دەسسىتىدىغانلىقىنى؛ ئاقسۆڭەكلەر يەر مۈلۈكچىلىكىنى بىكار قىلىپ، يەرنى ئەركىن ھالدا ئېلىش ـ سېتىشقا بولىدىغانلىقىنى جاكالىدى؛ شۇنداقلا ئۆلچەم بىرلىك ـ لىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى، پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈردى، قانۇننى بىرلىككە كەلتۈردى، يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈردى، ھارۋا يولى، كىيىم ـ كېچەك، يىلنامىنى بىرلىككە كەلتۈردى. مەملىكەت دائىرىسىدىكى سېپىل، قورغان، قەلئە، توساقلار چېقىپ تاشلاندى، چىن سۇلالىسى پايتەختى شيەنياڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى شيەنياڭ شەھرى) مەركەز قىلىنغان قۇرۇقلۇق قاتناش يوللىرى ــ ھارۋا يوللىرى ــ ھەر تەرەپكە يېيىلدى، سۇ قاتناش يولى توغرىدىن ـ توغرا ھازىرقى گۇاڭدۇڭ ئۆلكى ـ سىگىچە باردى. قاتناش قولايلىق جايلاردا سودىگەرلەر ئەركىن ھالدا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان بىرمۇنچە چوڭ سودا شەھەر ـ لىرى بارلىققا كەلدى. چىن شىخۇاڭ بىرلىكنى ئالغا سۈرىدىغان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، جايلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى مۇمكىن قەدەر يوقاتتى.

چىن شىخۇاڭ يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن،

بىر تەرەپتىن، ھەننۇۋا ياراقنى توپلىدى ۋە كۆيدۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن، 6 بەگلىكنىڭ كونا ئاقسۆڭەكلىرى ۋە بايلىرىنى چېگرا رايونلارغا پالىدى ياكى شيەنياڭغا يۆتكىدى. كونا ئاقسۆڭەكلەر مەدىنىيىتى-پىكىر ئېقىمىنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن، چىن شىخۇاڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 213-يىلى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كىتاپ-دەستۇرلەرنى كۆيدۈردى. نەتىجىدە تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، دېھقانچىلىق ئىلمىگە دائىر كىتاپ-دەستۇرلەر كۆيدۈرۈلمەي قالغاندىن تاشقىرى، باشقا بىرمۇنچە كىتاپ-دەستۇرلەر كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى ھاكىمىيەتكە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان يەنى قەدىمقىدىن پايدىلىنىپ بۈگۈنكىنى ئەيىپلەيدىغان بەزى تالىپلارمۇ تىرىك پېتى كۆمۈلدى.

چىن شىخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى 2-پادىشا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209~207-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) پۇقرالارنىڭ كۈچىدىن ھەددى-ھېساپسىز پايدىلاندى. ئۇلار ئالىدىغان ئىجارە-سېلىق دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغا يەتتى. دېھقانلارنىڭ يەرلىرى پومېشچىكلار ۋە سودىگەرلەر تەرىپىدىن كۆپلەپ تارتىۋېلىندى. ئۇلار يەنە ئادەملەرنى ھەدەپ ھاشاغا تارتىپ، 300 مىڭ ئادەمنى سەددىچىن سېپىلىنى ياساشقا، 500 مىڭ ئادەمنى لىڭنەننى ساقلاشقا، 700 مىڭ ئادەمنى ئوردا ياساش ۋە چىن شىخۇاڭ قەۋرىسىنى ياساشقا، سان-ساناقسىز ئادەمنى يول ياساشقا سالدى. باج-سېلىق ۋە

ھاشا ـ ئالـۋاڭ بەك ئېغىر بولغانـلىقـتىن، ئەرلەر يەر تېرىـش بىلەن، ئاياللار ئىگىرىش ـ توقۇش بىلەن شۇغۇللىنالماي قالدى، دىخانلارنىڭ كۈنى تەس بولدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 ـ يىلى چېن شېڭ (مىلادىدىن ئىـلگىرىـكى؟~208 ـ يىلـلار)، ۋۇ گۇاڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىـكى؟~208 ـ يىلـلار) باشچىـلىقىدىكى كەڭ كۆلەملىك دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلىـدى. قوزغـىلاڭـچى دىخانلار ئوتتۇغۇچ ـ كالتەكلەر بىلەن چىن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمـ رانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

**غەربىي خەن سۇلالىسى (مىلادىـدىن ئىلگىرىـكى 206~ 24 ـ يىللار)نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە راۋاج تېپىشى** مىـلادىـدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلى دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى ليۇ باڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىـكى 256~195 ـ يىـللار) جۇڭگـونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك خەن سۇلالـىسىنى قۇردى، ليۇ باڭ خەن گاۋدى دەپ ئاتالـدى. خەن سۇلالـىسى چاڭئەن (ھـازىـرقـى شەنـشى ئۆلكـىسى شىئەن شەھىرى)نى پايتەخت قىلغاچقا، كېيىنكىلەر ئۇنى غەربىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى چىن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىكى كەڭ كۆلەمـلىك دىخانـلار قوزغـىلىڭـىنىڭ مېۋىسى ئىدى. دىخانلار قوزغىلىڭى كونا ھۆكۈمرانـلارنـىلا ئاغـدۇرۇپ تاشلىيالايدۇكى، فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالمايتتى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىـپ ئېيتقاندا، دىخانـلار قوزغـىلىڭـىنىڭ غالىبىيلىرى مۇقەررەر ھالـدا يومبىـشىكلارغا ئايلىـنىپ كېتىـپ،

دىخانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە قارىغاندا، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ھەممە تۈزۈملىرىدە، ئومۇمەن، چىن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرى قوللىنىلغانلىقى، بۇ سۇلالىنىڭ پومىششىكلار سىنىپىنىڭ مۈلكىنى ۋە سىياسى ھوقۇقىنى قوغداپ، دىخانلارنى ئېزىدىغان سۇلالە بولۇپ قالغانلىقى ھېچبىر ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن، دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى يېڭى ھۆكۈمرانلارنى سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئانچە-مۇنچە يول قويۇشقىمۇ مەجبۇر قىلدى. بۇ يول قويۇشلار ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق ئىدى. ئىگىلىك تەرەققى قىلغان ئاساستىلا، ھۆكۈمرانلار ئاندىن قۇدرەتلىك سۇلالە قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايتتى.

يېزا ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، غەربىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى نەرق-ناۋانى نېرى-بېرى قىلىدىغان، بىشەملىك بىلەن قاقتى-سوقتى قىلىدىغان سودىگەرلەرگە بېسىم ئىشلىتىش سىياسىتىنى قوللاندى. ھۆكۈمەت سودىگەرنىڭ ئەمەلدار بولۇشىغا يول قويمىدى، شۇڭا سودىگەرلەر يەرلىك بەگ-خوجاملار بىلەن بىرلىشىپ، يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلىرىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ياردەملەشتى.

خەن خۇيدى دەۋرىدىن خەن جىڭدى دەۋرىگىچە (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 194~141-يىللىرى)، يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلىرى

بىلەن ھوقۇقنى مەركەزگە توپلاشنى قۇۋۋەتلىگۈچى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇپ تۇردى. خەن جىڭدى 7 بەگلىكنىڭ توپىلاڭلىرىنى بېسىقتۇرۇپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئورۇنلىدى. خەن ۋۇدى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 140~87 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە دۆلەت تازا قۇدرەت تاپتى، مەركىزىي ھۆكۈمەت چەكسىز ھوقۇقنى قولىدا تۇتتى. ھوقۇق مەركەزگە توپلانغان سىياسى تۈزۈلمە ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كۇڭزىچىلىققا ھۆرمەت قىلىنىپ، باشقا ئېقىملار بىكار قىلىنىدى، خانلىق ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا، كۇڭزىچىلارنىڭ بەش دەستۇرى بىردىن ـ بىر دەرسلىك قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كۇڭزىچىلار تەلىماتى جۇڭگونىڭ ئىدىيە تارىخىدا رەسمىي ئورۇن ئالدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن باشلاپ، يېزا ئىقتىسادى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى. خەن ۋۇدى زامانىغا كەلگەندە ھوقۇقنىڭ مەركەزگە توپلىنىشىنىڭ كۈچىيىشىگە ۋە ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ يەرلىك جۇزئىلىگىنىڭ ئازدىيىشىغا ئەگىشىپ، پومىشچىكلار ۋە سودىگەرلەر تېخىمۇ بېيىپ كەتتى. بۇ تەرەققىيات جەريانىدا بولسا يەر قوشۇۋېلىش مەسىلىسى كۈنسايىن ئېغىرلاشتى.

قول سانائەتمۇ راۋاج تاپتى، چوڭ سودىگەرلەر "مېتاللىچىلىق ـ قۇيمىچىلىق، تۇز ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى تۈمەن ـ تۈمەن تەڭگىگە يېتىپ قالاتتى"،

"بىر دۇكاندا ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى بىر مىڭغا يېتەتتى".
هۆكۈمەت باشقۇرغان قول سانائەتنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن
پايتەختتىكى ۋە ۋىلايەتلەردىكى تۆمۈرچىلىك ئورۇنلىرى بار
ئىدى. باشقا قول سانائەتتىن گۇاڭخەندىكى زەرگەرچىلىك
دۇكىنى، چاڭئەندىكى شەرقىي ۋە غەربىي توقۇمىچىلىق ئىشخا-
نىلىرى بار ئىدى. ئەمەلدار كىيىمنىلا ئىشلەيدىغان، چى
بەگلىگى زېمىنىدا قۇرۇلغان دۇكاننىڭ كۆلىمىمۇ ناھايىتى چوڭ
ئىدى، ھەر يىلى ئۇنىڭغا سېلىنىدىغان مەبلەغ نەچچە ئون
مىليون ھەتتا نەچچە يۈز مىليونغا يېتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا،
مىس بۇيۇملار، سىرلانغان بۇيۇملارنى ئىشلەيدىغان، بامبۇك-
ياغاچ بۇيۇملارنى ئىشلەيدىغان، ئىچىملىك ئىشلەيدىغان قول
سانائەت ۋە كەشتىچىلىك، بوياقچىلىق قول سانائىتى كۆلىمى
جەھەتتىمۇ، تېخنىكىسى جەھەتتىمۇ ئالدىنقى دەۋردىكى سەۋى-
يىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى.

قول سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى سودا پائالىيەتلىرىگە
تۈرتكە بولدى. پايتەخت چاڭئەن ئەينى زاماندىكى مەركىزىي
سودا شەھىرى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، لوياڭ، چېڭدۇ، خەندەن،
لىنزى، نەنياڭ قاتارلىق شەھەرلەرمۇ ئاۋات سودا شەھىرى
ئىدى. سۇلالە بويىچە چوڭ-كىچىك شەھەرلەردە، چوڭ سودى-
گەرلەر بېسىمدارلىق قىلاتتى. جازانىخورلۇق قىلاتتى؛ ئوتتۇرا
ھال ۋە كىچىك سودىگەرلەر دۇكان ئېچىپ، ئەرزان ئېلىپ،
قىممەت ساتاتتى. تاۋار توشۇغۇچى كېمە-ھارۋىلار ھەممە يەرگە

قاتنايتتى، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى خېلىلا قويۇق ئىدى.

ئىجتىمائى ئىگىلىك ئومۇمىي يۈزلۈك راۋاجلانغانلىقتىن، سۇلالە بويىچە ھەر مىللەت ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇناسىۋەت كۈنسايىن قويۇقلاشتى، خەن ۋۇدى ئىلگىر - كېيىن بولۇپ دۇگىيۇ، نەنيۇ مىللەتلىرى ۋە غەربىي جەنۇپتىكى يات مىللەتلەر ياشايدىغان رايونلاردا ۋىلايەت - ناھىيە قۇرۇپ، بۇ رايونلارغا بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتتى. شىمال ۋە غەربىي شىمال تەرەپلەردە، شىمالىي چېگرا رايونلىرىدا پاراكەندىچىلىك سېلىپ كېلىۋاتقان ھونلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك، ئۇزاققىچە ئۇرۇش ئېلىپ باردى.

خەن ۋۇدى دەۋرىدىن خەن شۇەندى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 73~49 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگىچە بولغان 90 نەچچە يىللىق تارىخ غەربىي خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئۇرۇش ئېلىپ بارغان تارىختۇر. داڭلىق سەركەردىلەر ۋېي چىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى؟~106 - يىللار)، خو چۈبىڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى؟~117 - يىللار) قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇرۇش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 51 - يىلى ھونلار خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. ھونلار شۇنىڭدىن باشلاپ شىمالدىكى كۈچلۈك دۈشمەن ئەمەس، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالدى.

ھونلار غەربىي رايوندىكى ئۇششاق بەگلىكلەرگە تاجاۋۇز

قىلىپ كەلدى، خەن ۋۇدى غەربىي رايوننى هونلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالماقچى بولدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى جاڭ چيەن (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى؟~114 ـ يىللار) غەربىي رايونغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ، يىراق غەرپتىمۇ بىرمۇنچە باي ئەللەرنىڭ بارلىقىنى بىلدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 121 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى قوشۇنى غەربىي رايونغا ئۆتىدىغان خېشى كارىدورىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيسۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، هونلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى هۆكۈمرانلىقىنى ھىمىرىپ تاشلاپ، غەربىي رايوندىكى بەگلىكلەرنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودىگەرلىرى جۇڭگونىڭ تاۋارلىرىنى، بولۇپمۇ يىپەكلىرىنى يىراق غەرپكە — پەرغانە، قانقا، باكتىرىيە، پېرسىيە، ھىندىستان ھەتتا رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىگە ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇشۇ جايلاردىن غەربىي خەن سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرىغا ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ كەلدى. هونلارنىڭ ئەل بولۇشى ۋە غەربىي رايوننىڭ ئېچىلىشى بىلەن، غەربىي خەن سۇلالىسى تەرەققىي قىلىپ شانلىق پەللىگە يەتتى.

**غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يەر قوشۇۋېلىش ھەركىتى ۋە دېھقانلار قوزغىلىڭى** خەن يۈەندى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 48~33 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)دىن كېيىنكى

يېرىم ئەسىر غەربىي خەن سۇلالىسى زەئىپلەشكەن ۋە چىرىك-لەشكەن يىللاردۇر. بۇ مەزگىلدە خاننىڭ ئانا تەرەپ ۋە خوتۇن تەرەپ تۇققانلىرى خان ياخشى كۆرىدىغان ۋەزىرلەر سىياسى جەھەتتىكى مۇھىم ئادەملەر بولۇپ قالدى. بۇ ھىلىگەرلەر خىيانەتچىلىك قىلىش، قاقتى-سوقتى قىلىش، قاراقچىلىق قىلىش، پارا ئېلىش ۋە سىياسى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق چوڭ بايلارغا ئايلاندى.

خەن ۋۇدى زامانىدىن باشلاپ باج-سېلىق بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. يەر بېجى، نوپۇس بېجى، ھەربى خىزمەت ئۆتەش بېجى، ئاشلىق بېجى، سودا بېجى، مۈلۈك بېجى ئېلىش، خەن ۋۇدى ئورناتقان تۇز-تۆمۈرنى مەخسۇس سېتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئارقىسىدا، خاننىڭ كىرىمى بىر يىلدىلا نەچچە مىليارت داچەندىن ئاشىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، بىر دىخانغا سېلىنىدىغان ھاشا ھەر يىلى 90 كۈنگە يەتتى. مۇشۇن-داق ئېكسپلاتاتسىيە دىخانلارنى ئىشلەپچىقارغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دىگۈدەك مەھرۇم قىلدى.

يەر مەسىلىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 50-يىللار ئۆپچۆرى-سىدە تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇ مەزگىلدە غەربىي خەن سۇلالە-سى بوز يەرلەرنى دىخانلارنىڭ تېرىشىغا قويۇۋېتىشكە، ھەتتا خانلىق گۈلزارلىغىنىڭ ئەتراپىدىكى ھۆكۈمەت ئېتىزلىرىنىمۇ دىخانلارغا ئىجارىگە بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن سىياسى زوراۋانلىق ۋە جازانىخورلۇق ئېكسپلاتاتسىيىسى

ئارقىسىدا يېزىلار ۋەيران بولىۋەردى، تۈمەن مو يېرى بار بيۇروكرات پومېششىكلار ھەممىلا يەردە بارلىققا كەلدى. بىر قېتىم خان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر ۋەزىرگە 200 مىڭ مو يەر ئىنئام قىلغان.

مىلادى 2 ـ يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، سۇلالە بويىچە نوپۇس 60 مىليونغا، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر 8 مىليون گېكتارغا يەتكەن. ئەمما ئېكسپىلاتاتسىيە تولىمۇ دەھشەتلىك بولغانلىقتىن، نۇرغۇنلىغان دىخانلار ئۆز يېرىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، يۇرت ـ ماكانسىز كۆچمەنلەرگە ئايلىنىپ قالغان، بەزى دىخانلار ئات ـ كالا بىلەن بىللە سېتىلغان ياكى ئۆزلىرىنى مالايلىققا ساتقان. ھۆكۈمەت مالايلىرى يۈز نەچچە مىڭغا يەتكەن. بۇ مالايلار "بىكار تەلەپلەر"گە ئايلىنىپ، تېرىقچىلىق قىلىدىغان دىخانلارغا ئېغىر يۈك بولۇپ قالغان. كېيىنكى چاغلاردا مالايلىققا ئۆزىنى ئاتىغان دىخانلار مالايمۇ بولالماي، ئاچلىقتىن ئۆلگەن. پادىشا ۋە بايلار بولسا تېرىق ۋە گۈرۈچ بىلەن ئات باققان.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 30 ـ يىلدىن باشلاپ، ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن تەبىئى ئاپەت يېزا ـ قىشلاقلارغا كەڭ دائىرىدە زەربە بولدى، دىخانلار ۋە قول سانائەت ئىشچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە باشلىدى. بۇ قوزغىلاڭلار باستۇرۇلغىنى بىلەن، ئىجتىمائى كىرىزىس ئۇنىڭلىق بىلەن ئازىيىپ قالمىدى. بىر يىلى چاڭئەن ئەتراپىدا ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، بىر جىڭ ئالتۇن (بىر تۈمەن داچەنگە توغرا كېلىدۇ)غا 5 شىڭ پۇرچاق تېگىشكىلى

بولىدىغان بولۇپ قالغان، ھەممىلا يەردە ئادەم ئادەمنى يەيدىغان پاجىئە يۈز بەرگەن.

كەسكىنلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتىش، شۇنىڭ بىلەن پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قالغان ھۆكۈمرانلىقىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، مىلادى 9 ـ يىلى ۋاڭ ماڭ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى؟ ـ مىلادى 23 ـ يىلى) نىڭ "تۈزۈم ئىسلاھاتى" مەيدانغا كەلدى. ۋاڭ ماڭنىڭ تۈزۈم ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: 1. يەرنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش، يەرنى شەخسلەرنىڭ ئېلىش ـ سېتىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق؛ 2. مالاي ئېلىش ـ سېتىشنى مەنئى قىلىش؛ 3. چاڭئەن ۋە 5 چوڭ شەھەر (لوياڭ، خەندەن، لىنزى، نەنياڭ، چېڭدۇ) دە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئەمەلدار قويۇش ھەمدە تۆۋەن ئۆسۈمدە قەرز پۇل بېرىشنى يولغا قويۇش؛ 4. سودىگەرلەرنىڭ بېسىمدارلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۇز، تۆمۈر، ھاراق قاتارلىق 6 تۈرلۈك ئەشيانى ھۆكۈمەت باشقۇرۇش؛ 5. پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش. قىسقىسى، ۋاڭ ماڭ پومىشچىك ۋە سودىگەرلەرگە تۈزۈم ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئاز ـ پاز بېسىم ئىشلىتىش يولى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتنى پەسەيتىش ئۈمىدىدە بولغان.

ئەمما ۋاڭ ماڭ ئىسلاھاتىنى يەنىلا پومىشچىك ۋە سودىگەرلەرگە تايىنىپ يۈرگۈزگەچكە، ئىسلاھات چارىلىرى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلدى، دىخانلار، ئەكسىچە، زور زىيانغا ئۇچرىدى.

جاپاكەش دىخانلار يوقسۇزلۇققا زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. مىلادى 22 ـ يىلى چاڭجياڭ دەرياسى ۋە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنشى قوزغىلىڭى، پىڭلىن قوزغىلىڭى، قىزىل قاشلىقلار قوزغىلىڭى، تۇڭما قوزغىلىڭى دېگەنگە ئوخشاش چوڭ ـ چوڭ دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بېسىپ كىرىپ، ۋاڭ ماڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

**شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادى 25~220 ـ يىللار)نىڭ باش كۆتىرىشى ۋە ئۇنىڭ راۋاج تېپىشى** دىخانلار ئۇرۇشىنىڭ يالقۇنىدا، ليۇ شيۇ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 ~ مىلادى 57 ـ يىللار) نەنياڭدا ھەربىي توپىلاڭ كۆتىرىپ، قوزغىلاڭچى دىخانلار قوشۇنىنى بوي سۇندۇردى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مالىمانچىلىق قىلغان بىرمۇنچە يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلەرنى يوقاتتى. مىلادى 25 ـ يىلى ليۇشيۇ خەن سۇلالىسىنى قايتىدىن قۇرۇپ، ئۆزىنى گۇاڭ ۋۇدى دەپ ئاتىدى. ئۇ لوياڭنى پايتەخت قىلغانلىقتىن، تارىختا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى گۇاڭ ۋۇدى ھۆكۈمەرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، يەر بېجىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سۇلالە بويىچە يەر ئۆلچەش توغرىسىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ قالغان دىخانلارنى تېرىقچىلىققا قايتۇرۇش ئۈچۈن مالايلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن ئىدى. بۇ بۇيرۇق پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ قارشىلىقى بىلەن

ئۇبدان ئىجرا قىلىنمىغان بولسىمۇ، بىر قېتىملىق دېخانلار ئىنقى-
لاۋىدىن كېيىن، پومېششىكلار سىنىپى دېخانلارغا ئانچە-مۇنچە يول
قويماي تۇرالمىدى، شۇڭا خەن مىڭدى (مىلادى 58~75-يىللىرى
تەختتە ئولتۇرغان) زامانىدىن باشلاپ، ئىجتىمائى ئىگىلىك يەنە
گۈللىنىشكە باشلىدى. تاشلىنىپ قالغان بىرمۇنچە سۇ قۇرۇلۇشلىرى
يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن، رۇنەن دېگەن
يەردە، سۇ ساقلىنىدىغان كۆلچەكلەر 400 چاقىرىم دائىرىگە
سوزۇلدى، ئۇنىڭغا كېتىدىغان يىللىق ئوڭشاش خىراجىتى 30
مىليون داچەنگە يەتتى. چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسى غەربىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە قارىغاندا يەنىمۇ ئېچىلدى. ئومۇمەن
ئالغاندا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى غەربىي خەن سۇلالىسى
دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ھالىتىگە كەلدى.

قول سانائەت تېخنىكىسى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە
قارىغاندا تېخىمۇ تەرەققى قىلدى، سۇ كۈچى بىلەن شامال بېرى-
لىدىغان مەش تۆمۈرچىلىكتە ئىشلىتىلدى. باشقا قول سانائەت
تۈرلىرىمۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاساستا بىر بالداق
ئىلگىرىلىدى، بولۇپمۇ ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنچىكە بولۇشى
ئالدىنقى دەۋردىكىدىن ئېشىپ كەتتى. مەسىلەن، لېلاڭدا يەر
ئاستىدىن چىققان سىرلىق رومكىغا ئويۇلغان خەتلەردىن قارىغاندا،
ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىرمۇنچە ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققان. بۇنىڭدىن
باشقا، بىرمۇنچە ئىجادىيەت-كەشپىياتلارمۇ مەيدانغا كەلدى. ئەڭ
مۇھىمى شۇ بولدىكى، سەي لۇن (مىلادى؟~121-يىللار) مىلادى

105 ـ يىلى قەغەز ياساش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلدى، بۇ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن قوشۇلغان ئۇلۇغ تۆھپە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. پار ـ پۇر بۇيۇملارمۇ شەرقىي خەن دەۋرىدە ياسىلىشقا باشلىدى.

شەھەرلەر غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئاۋاتلىشىپ كەتتى. پايتەخت شەرققە يۆتكەلگەنلىكتىن، لوياڭ چاڭئەننىڭ ئورنىنى بېسىپ، سۇلالە بويىچە سىياسى مەركەز ۋە سودا مەركىزى بولۇپ قالدى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەھەرلەر داۋاملىق تەرەققى قىلغاندىن تاشقىرى، پەنيۇ(ھازىرقى گۇاڭجۇ شەھىرى)، شۇۋېن (ھازىرقى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شۇۋېن ناھىيىسى) دېڭىز ـ ئوكيان سودا پورتى بولۇپ قالدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدا، ھونلار جەنۇبىي ھونلار ۋە شىمالىي ھونلار دەپ ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ، ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشتى. جەنۇبىي ھونلار شەرقىي خەن سۇلالىسگە بېقىنىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە شىمالىي ھونلارغا قارشى تۇردى. مىلادى 73 ـ يىل شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى شىمالىي ھونلارنى تارمار قىلىپ، غەربىي رايونغا بارىدىغان يولنى يېڭىۋاشتىن ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل ئىچىدە، شىمالىي ھونلار شەرق تەرەپتە سيانپىلار تەرىپىدىن سوقۇلۇپ، جەنۇپ تەرەپتە شەرقىي خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن قاخشاتقۇچ زەربە يەپ، تېخىمۇ بۆلۈنۈپ ـ پارچىلىنىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شەرقىي خەن سۇلالىسگە تەسلىم بولدى، بىر قىسمى سيانپىلارغا بېقىندى

بولدى، قالدۇق قىسمى نائىلاج يىراق غەرپ تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن شىمالىي هونلار كەسكىن ئېلىشىۋاتقان مەزگىلدە، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسى ئەلچىسى بەن چاۋ (مىلادى 34~102 ـ يىللار) غەربىي رايونغا باردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن غەربىي رايون يەنە چوڭ تارىخىي سەھنە بولۇپ قالدى. بەن چاۋ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ شۆھرىتىگە تايىنىپ، غەربىي رايوندا شەرقىي خەن سۇلالىسى ئۈچۈن يېڭىۋاشتىن مەمۇرى ئورگانلارنى قۇرۇپ بەردى. جۇڭگو سودىگەرلىرى يەنە يىپەك ۋە پولات ـ تۆمۈرلەرنى ئېلىپ غەرپ دۇنياسىغا باردى. مىلادى 97 ـ يىلى بەن چاۋ گەنيىڭنى غەرپكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، رىم بىلەن ئالاقە ئورنىتىش ئويىدا بولدى، گەنيىڭ پېرسىيە قولتۇغىغىچە باردى.

**هۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش، سىرتىق ياغلىقلىقلار قوزغىلىڭى ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشى** هونلارغا قارشى ئۇرۇش داۋامىدا، ئېغىر باج ـ سېلىق ۋە ئالۋاڭ ـ ھاشا دېھقانلارنى ھالاكەت گىرۋىكىگە ئېپىپىرىپ قويىدى. دەرۋەقە، ئۇرۇش ياخشىلىق كەلتۈرگەن ئىدى، ئەمما ھەربى بۇلاڭچىلىق ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن زور بايلىق دېھقانلارغا تەگمەي، ئاز ساندىكى ئاقسۆڭەكلەر، تۆرىلەر، پومىشچىكلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ، دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىشتىكى قورالغا ئايلىنىپ قالدى.

يېزا ئىقتىسادىنىڭ ۋەيران بولۇشى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، شۇڭا 2 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، چەت - ياقا رايونلاردىكى بەزى مىللەتلەر ئارقا - ئارقىدىن ھەربىي ئىسيان كۆتەردى. ئالدى بىلەن ھازىرقى گەنسۇ ۋە چىڭخەي يايلاقلىرىدا كۆچمە چارۋىچىلىق قىلىدىغان چياڭلار ئىسيان كۆتەردى، ئۇلار شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي رايونغا بارىدىغان يولى — خېشى كارىدورىنى كېسىپ تاشلاپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىگە قاتتىق تەھدىت سالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى چياڭلارغا قارشى ئازغىنا كەم 40 يىل ئۇرۇش قىلدى، بۇ ئۇرۇش ئاخىر چياڭلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلاشتى؛ ئەمما شەرقىي خەن سۇلالىسمۇ زور ھەربىي چىقىم تارتتى، نەتىجىدە پۇقرالار گاداي-لىشىپ كەتتى، سۇلالە مالىيىسى قۇرۇپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۇلالە ئەسلىگە كېلەلمىدى.

ئۇرۇشنىڭ ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرۇشى ئارقىسىدا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىسى چوڭقۇرلاشتى ۋە شۇ سەۋەپتىن سىياسى جەھەتتىكى زىددىيەتمۇ چوڭقۇرلاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شەرقىي خەن سۇلالىسى كۇنسايىن تېز زەئىپلەشتى ۋە ھالاكەتكە يۈز تۇتتى.

1 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن باشلاپ، خانىنىڭ ئانا تەرەپ ۋە خوتۇن تەرەپ تۇققانلىرى، ھەرەم ئاغىلىرى ھاكىمىيەتنى ئىگەللىۋالدى - دە، بىرمۇنچە گۇرۇھلار مەيدانغا كەلدى ۋە

ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تالىشىش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. ھەرەم ئاغىلىرىمۇ، خانىنىڭ ئانا تەرەپ ۋە خوتۇن تەرەپ تۇققانلىرىمۇ ئاشكارا ھالدا پارا يېدى، خىيانەتچىلىك قىلدى ۋە قانۇننى بۇزدى. ئۇلار كەمبەغەللەرنىلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ قالماستىن، باشقا گورۇھتىكى بايلارنىمۇ قاقتى-سوقتى قىلدى؛ دۆلەت غەزىنىسىنىلا مەخپىي ھالدا ئوغرىلاپ قالماستىن، كارۋانلارنىمۇ ئاشكارا ھالدا بۇلىدى. بىرمۇنچە ئىقتىدارلىق ئادەملەر سىياسىي سەھنىدىن چەتتە قالدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتى.

ھەرەم ئاغىلىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان ئاقسۆڭەكلەر، تۆرىلەر، بولۇپمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ۋە تالىپلار ھەرەم ئاغىلىرىغا قارشى سىياسىي گورۇھ بولۇپ ئۇيۇشتى. ئۇ چاغدىكى تالىپلار "ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ كۆرۈش، ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇق تۇتۇش ئەھۋالىنى دەڭسەپ كۆرۈش" بىلەن، ھەرەم ئاغىلىرىغا جامائەت پىكرى تۇپلاپ ھۇجۇم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى نەچچە مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى خان سارىيى ئالدىغا بېرىپ ھەرەم ئاغىلىرىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىشقا نەچچە قېتىملاپ ئۇيۇشتۇردى. ئەمما بۇ كۈرەش ھەرەم ئاغىلىرىنىڭ باستۇرۇشى بىلەن تېزلا مەغلۇپ بولدى، نەچچە يۈز ئادەم قىرىلدى، نەچچە مىڭ كىشى قامالدى، "گورۇھلارنى مەنئى قىلىش ئاپىتى" دېگەن ئەنە شۇ.

پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈرەش بولۇش

بىلەن بىرگە، دۈشمەن سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ كۈنسايىن كەسكىنلەشتى، دىخانلار ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتەردى. مىلادى 184 - يىلى ئاخىر جاڭ جياۋ (مىلادى؟~184 - يىللار) باشچىلىقىدىكى مەملىكەت كۆلەملىك سېرىق ياغلىقلىقلار قوشۇنى چوڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى. سېرىق ياغلىقلىقلار قوشۇنى چوڭ قوزغىلىڭى پومىششىكلار سىنىپىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن سېرىق ياغلىقلىقلار قوشۇنىنىڭ قالدۇق قىسمى بىلەن باشقا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى پومىششىكلارنىڭ قوراللىق كۈچلىرىگە قارشى ئۈزلۈكسىز جەڭ قىلىپ تۇردى، شەرقىي خەن سۇلالىسىمۇ شۇنىڭ بىلەن يىمىرىلدى.

**غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر** غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدە مەدەنىيەت ئىشلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك راۋاج تاپتى. تارىخشۇناسلىق جەھەتتە، سىما چيەن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 145~؟ - يىللار) «تارىخنامە»نى يېزىپ، تارىخنى تەرجىمھال ئۇسلۇبى بىلەن يېزىش ئۇسۇلىنى ياراتتى؛ بەن گۇ (مىلادى 32~92 - يىللار) «خەننامە»نى يېزىپ، تارىخنى دەۋرلەر بويىچە يېزىش ئۇسۇلىنى ياراتتى. بۇ ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇل خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىنكى ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان ئاتالمىش "رەسمىي تارىخ"نى يېزىشنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى. ئەدەبىيات جەھەتتە، سىما شياڭرۇ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 180~118 - يىللار)، جاڭ خېڭ (مىلادى 78~139 - يىللار) قاتارلىق تالانتلىق يازغۇچىلار

بارلىققا كەلدى. پەلسەپە جەھەتتە، ماتېرىيالىست ۋاڭ چۇڭ (مىلا-
دى 27~؟ - يىللار) خاندانلىق تەشەببۇس قىلغان خۇراپى
ئىدىيىلەرگە يۈرەكلىك بىلەن رەددىيە بەردى. سەنئەت جەھەت-
تە، غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدىكى تاش ئويما،
خىش ئويما سۈرەتلەر ۋە قەۋرە خىشلىرى، سىرلانغان بۇيۇملارغا
سىزىلغان سىزمىلار جۇڭگو سەنئەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم
ئورۇن تۇتىدۇ. ئىلىم-پەن جەھەتتە، جاڭ خېڭ سۇ كۈچى
بىلەن ھەركەتلىنىدىغان ئاسمان كۆزەتكۈچ، يەر تەۋرەشىنى
ئۆلچەيدىغان يەر ئۆلچىگۈچ ۋە شامال يۆنىلىشىنى ئۆلچەيدىغان
شامال كۆزەتكۈچلەرنى كەشپ قىلدى. شەرقىي خەن دەۋرىنىڭ
باشلىرىدا ماگنىتنىڭ قۇتۇپنى كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى بايقالدى.
مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدە
ئاسترونومىيە - يىلنامىچىلىقنىڭ تەرەققى تاپقانلىقىنى چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇ.

**ئۈچ بەگلىكنىڭ تىركىشىپ تۇرۇشىدىن غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغىچە بولغان دەۋر**

سېرىق ياغلىقلىقلار چوڭ قوزغىلىڭى ۋاقتىدا، پومېششىكلار سىنىپى-
نىڭ قوراللىق كۈچلىرى ھەممىلا يەردە قۇتىرىدى. بۇ قوراللىق
گۇرۇھلار دىخانلارنى بىرلىشىپ قىرغىن قىلىش بىلەن بىرگە،
بىر بىرىنى يۇتۇۋېتىشكە تىرىشتى. ئاخىردا ساۋ ساۋ
(155~220 - يىللار) خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلىدى؛
ليۇ بېي (161~223 - يىللار) سىچۈەننى ئىگىلىدى؛ سۈن چۈەن

(182~252 - يىللار) چاڭجياڭنىڭ ئوتتۇرا ھەم تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلارنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ۋېي (220~265 - يىللىرى، لوياڭنى پايتەخت قىلغان)، شۇ (221~263 - يىللىرى، چېڭدۇنى پايتەخت قىلغان) ۋە ۋۇ (222~280 - يىللىرى، نەنجىڭنى پايتەخت قىلغان) دېگەن ئۈچ بەگلىك مەيدانغا كەلدى.

220 - يىلى باشلانغان ئۈچ بەگلىك تىركىشىپ تۇرغان ھالەت 280 - يىلىغا كەلگەندىلا غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ ۋۇ بەگلىكىنى يوقىتىشى بىلەن ئاياقلاشتى. شەرقىي خەن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى مىلتارىستلار يېغىلىقى تۈپەيلىدىن، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۆشۈكى بولۇپ قالغان خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى ئىنتايىن ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئىلگىرى ئاھالىسى كۆپ يېزىلار چۆللۈككە ئايلىنىپ قالدى؛ ئىلگىرى ئاۋات شەھەرلەر خارابىگە ئايلىنىپ قالدى. دېھقانلار بىر ياقتىن قىرغىن قىلىندى، بىر ياقتىن ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىك دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى، قېپقالغان ئاھالە غەربىي خەن ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى.

ئۈچ بەگلىك دەۋرىدە ئۇرۇش داۋاملىشىۋەرگەن بولسىمۇ، بىراق ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇپمۇ ساۋ ساۋنىڭ ۋېي بەگلىكى ھەربىي ئاشلىق تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى يولغا قويدى، يېزا ئىقتىسادى بارا - بارا ئەسلىگە كەلدى، ئۇرۇش ئېھتىياجى

بىلەن، ھەربى قول سانائەتكە ئېتىۋار بېرىلدى، مەسىلەن، جۇگې لىياڭ (181~234 ـ يىللار) ئون ئوقلۇق ئوقيانى كەشپ قىلدى ھەمدە ئادەم كۆچى بىلەن ئاشلىق توشۇيدىغان غالتەك ھارۋىنى كەشپ قىلدى. ما جۈن تاش ئېتىش ھارۋىسى (قەدىمقى ئاددى زەمبىرەك)نى ئىسلاھ قىلدى. سۈن چۈەن چوڭ كېمە ياساتقۇز-دى ۋە بىر تۈمەن كىشلىك كېمىچىلەر ئەترىدىنى ئۇيۇش-تۇرۇپ جەنۇبىي ئوكيان ۋە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغا ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، شىمالدا ما جۈن تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان دەستىگاھ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى؛ سىچۈەندە تەبىئى گازدىن پايدىلىنىلىپ تۇز قاينىتىلدى، بۇلار ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە پايدىلىق ئىدى. ئەدەبىيات جەھەتتە، شېئىرىيەت تازا گۈللەندى. ساۋ ساۋ، ساۋ جى (192~232 ـ يىللار) ۋە "جيەنئەن يىللىرىدىكى 7 يازغۇچى" ئەينى زامانىدىكى مەشھۇر چوڭ ئەدىپلەردۇر. ئىدىيە جەھەتتە، ئاساسەن يەنىلا كۇڭزىچىلىق ئىدىيىسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردى، ئەمما مېتافىزىكىمۇ خېلىلا ئەۋج ئالدى، بۇ ھال ئەينى ۋاقىتتا پومىشچىكلار سىنىپىنىڭ رىياللىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان خاراكتېرىغا ماس كېلەتتى.

ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە، بولۇپمۇ خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا ئىگىلىكنىڭ بىرقەدەر تېز تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سىما ئۇرۇغدىكىلەر باشچىلىغى-دىكى پومىشچىكلار سىنىپى بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت قۇرۇش كويىغا چۈشۈشكە باشلىدى. سىما ئۇرۇغدىكىلەر ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ

شۇ بەگلىكى بىلەن ۋېي بەگلىكىنى يوقىتىپ، جىن سۇلالىسى (265~316 ـ يىللار) نى قۇردى، جىن سۇلالىسى 280 ـ يىلى ۋۇ بەگلىكىنى يوقىتىپ، ئۈچ بەگلىك بۆلۈنمىسىگە خاتىمە بېرىپ، بىرلىككە كەلگەن سۇلالە قۇردى.

جىن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدى خانى سىما يەن (236~290 ـ يىللار) ۋۇ بەگلىكىنى يوقاتقان يىلى يەر ئىگىلەش تۈزۈمىنى يۈرگۈزدى. بۇ تۈزۈمدە دېھقانلار يەرگە ئىگە بولۇش، ئىجارە ۋە باج تۆلەش لازىملىقى ھەم ئەمەلدارلارغا دەرىجىسىگە قاراپ بېرىلىدىغان يەر ۋە مالاي سانى بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدا يېرىدىن ئايرىلغان دېھقانلارنى يېڭىۋاشتىن يەرگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى تېرىقچىلىق قىلىشقا، ھاشاغا بېرىشقا زورلاش مەقسەت قىلىنغان.

يەر ئىگىلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ تولىسى ھەر ھالدا بىزە يەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، جىن ۋۇدىنىڭ تەيكاڭ يىللىرى (280~290 ـ يىللار) دا كىشىلەر خاتىرجەم ھالدا ئۆز ئىشى بىلەن بولدى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇشتۇمزورلار يەر قوشۇۋېلىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، يەر ئىگىلەش تۈزۈمىنى بۇزدى. جىن ۋۇدى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئەزەلدىنلا كەيپ ـ ساپالىق چىرىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ئىدى، دېھقانلاردىن شىلىۋېلىنغان نۇرغۇن بايلىق ئۇلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىدا ئىسراپ بولۇپ كەتتى، تارىخ كىتابلىرىدا: شۇ چاغلاردا "ئەيش ـ ئىشرەتتىن بولغان ئىسراپچىلىق تەبىئى ئاپەتتىنمۇ ئېغىر ئىدى" دېيىلىدۇ.

جىن سۇلالىسىنىڭ بىرلىكى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا بۇزۇ-ۋېتىلدى. ئاقسۆڭەكلەر ئۆزئارا جەڭ قىلىشىپ، سۇلالىنىڭ ئالى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تالاشتى، ئۇرۇش ئاپتى 18 يىل داۋام-لاشتى، بۇ تارىخىي كىتاپتا "8 خوجا يېغىلىغى" دېيىلىدۇ. مۇشۇ 18 يىل ئىچىدە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى قانغا بويالدى. جىن سۇلالىسى ئۇزاقىقا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆزىنى خورىتى-ۋەتتى، ئۆزىنىڭ مۇداپىئە كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

مۇشۇ مەزگىلدە، ئېنىخې دەرياسى ۋادىسىدا ياشاۋاتقان ھونلار ئاقسۆڭەك لىيۇ يۈەن (؟~310-يىللار) باشچىلىغىدا، جىن سۇلا-لىسىنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىغىدىن پايدىلىنىپ لەشكەر تارتىپ چىقتى. لىيۇ يۈەنىنىڭ ۋارىسلىرى ئىلگىر-كېيىن بولۇپ لوياڭ ۋە چاڭئەننى ئىشغال قىلىپ، ئىككى پادىشانى ئەسىرگە ئېلىپ، جىن سۇلالىسىنىڭ خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ھۆكۈمرانلىغىنى يىمىرىپ تاشلىدى.

**16 خۇلار دەپ ئاتىلىدىغان بەش مىللەت قۇرغان بەگلىك** 304-يىلىدىن 439-يىلىغىچە بولغان مەزگىل شىمالىي جۇڭگو رايونى. قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان مەزگىل بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ھونلارنىڭ جىن سۇلالىسىنى يوقىتىشىنى باشلانما قىلغان ھالدا، جيې، سىيانپى، دى، چياڭ مىللەتلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى بېسىۋالدى، بەزىلىرى چېگرا رايوننى بېسىۋالدى. ئۇلار ئىلگىر-كېيىن بولۇپ قۇرغان بەگلىكلەر ئانچە ئۇزاق دەۋر سۈرەلمىدى، بۇ بەگلىكلەر

تارىختا 16 بەگلىك دېيىلىدۇ. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمالىي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنلا، بۇ چوڭ مالىمانچىلىق ئاياقلاشتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بېرى، شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي چېگرا رايونلىرىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار ئىچكىرىگە كۆپلەپ كۆچۈشكە باشلىغان ئىدى. جىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچكىرىگە كۆچۈپ كەلگەن مۇشۇ كۆچمەن چارۋىچىلار ۋە دېھقانلارنى ئىنتايىن رەھىمسىز تۈردە ئېكسپلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى، بۇ ھال خەنزۇ دېھقانلارغا قارىتىلغان ئېكسپلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمدىنمۇ دەھشەتلىك بولدى.

فېنخې دەرياسى ۋادىسىغا كىرگەن ھونلار خەن سۇلالىسى، ۋېي بەگلىكى دەۋرلىرىدىن بۇيان بولۇپمۇ جىن دەۋرىگە كەلگەندە، ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەنزۇ پومېشىكلارغا ئىجارىكەش بولدى، بەزىلىرىنى ھەتتا خەنزۇ ھۆكۈمرانلار قۇللۇققا سېتىۋالدى. جىن دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، فېنخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ھونلار جىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، لىيۇ يۈەننىڭ يېتەكچىلىكىدە لەشكەر تارتىپ چىقىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇلار خەنزۇلارنى غالجىرلارچە قاتتىق قىرىپ تاشلىدى. لىيۇ يۈەن جىن سۇلالىسىنىڭ قارشىلىقىنى تارمار كەلتۈرگەندىن كېيىن خەن بەگلىكىنى قۇردى، ئۇنىڭ ۋارىسى بەگلىك نامىنى جاۋ بەگلىكى دەپ ئۆزگەرتتى،

تارىختا بۇ ئالدىنقى جاۋ بەگلىكى دېيىلىدۇ.

هونلارغا سوگدىشپلا، هونلارغا ئوخشاشلا جىن سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرى تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان جىې مىللىتى كۆتىرىلدى. جىې مىللىتىنىڭ بىر قىسمى سەنشى ئۆلكىسىدە ياشايتتى، ئۇلارنى جىن سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرى دائىم قۇل ئورنىدا ساتاتتى. هونلار لەشكەر تارتىپ چىققان مەزگىلدە، قۇل قىلىپ سېتىلغان، جىې مىللىتىدىن بولغان شى لې (؟~333 ـ يىللار) دېگەن كىشىمۇ ئۆز مىللىتىدىكىلەر ۋە سەرگەردان خەنزۇلارنى خېنەندە لەشكەر تارتىپ چىقىپ جىن سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشكە قاتنىششقا چاقىردى. كېيىن ئۇلارنىڭ كۈچلىرى كۈنسايىن ئۇلغايدى ۋە كېيىنكى جاۋ بەگلىكىنى قۇردى، كېيىنكى جاۋ بەگلىكى ئالدىنقى جاۋ بەگلىكىنى يوقىتىپ، شىمالىي رايونلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالدى.

ئەينى زاماندا لياۋخې دەرياسى ۋادىسى سيانپىلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ئىدى، پۈتكۈل شىمالىي رايونلار بويىچە پەقەت بىر گەنسۇ رايونىلا خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان جاڭ گۈي (255~314 ـ يىللار)نىڭ ئىلكىدە قالغان ئىدى، ئۇ ئالدىنقى لياڭ بەگلىكىنى قۇرغان بولسىمۇ، كېيىن دىلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى.

شەنشىگە بېسىپ كىرگەن دى مىللىتى 351 ـ يىلى باش كۆتىرىپ ئالدىنقى چىن بەگلىكىنى قۇردى. ئالدىنقى چىن بەگلىكى فۇ جيەن (338~385 ـ يىللار) هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، شەرقتە سيانپىلارنىڭ ئالدىنقى يەن بەگلىكىنى

يوقتىپ، غەرپتە خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان جاڭ گۇينىڭ ئال-
دىنقى لياڭ بەگلىكىنى يوقتىپ، شىمالىي رايونلارنى بىرلىككە
كەلتۈردى. 383-يىلى جەنۇپقا قاراپ ھەمدەپ يۈرۈش قىلىپ
شەرقىي جىن سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە فېيشۈي دەرياسى
بويىدا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، ئۇزاققا قالمايلا گۇم بولدى.
شۇنىڭدىن كېيىنكى يېرىم ئەسىر داۋامىدا، شىمالىي جۇڭگو
رايونىدا ئىلگىر-كېيىن بولۇپ بىرمۇنچە ئۆمرى كۆتا بەگلىكلەر
مەيدانغا كېلىپ، ئۈزۈلدۈرمەستىن ئۇرۇش قىلىپ تۇرىۋەرى.
مۇشۇ خۇلار قۇرغان بەگلىكلەر، ئەمىلىيەتتە، ھەربىي بۇلاڭ-
چىلار گۇرۇھلىرىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇلار خەنزۇ خەلقىنى
تالان-تاراج قىلدى، ئۆز مىللىتىدىن بولغان خەلقنىمۇ ئېكسپىلا-
تاتسىيە قىلدى. ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش داۋامىدا، خەلق قىرغىن
قىلىندى، قارا ماللار بۇلاڭ-تالاڭ قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرى ھېساپسىز ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، ھەتتا
شەھەرلەر چۆلدەرەپ كەتتى، ئېتىزلار كۆپلەپ قاقاسلىققا
ئايلاندى.

مۇشۇ دەۋردە، خەنزۇ ئاقسۆڭەكلەر، تۆرىلەر، پومىششىكلار،
سودىگەرلەر چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا كۆپلەپ قېچىپ كېلە-
ۋالدى، شىمالىي رايونلاردا قېپقالغان خەنزۇلار دەسلەپتە
ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، ئەپچىل يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ
ياكى توساق-قورغانلارنى ياساپ، ئۆزىنى قوغدايدىغان قورال-
لىق تەشكىلات قۇرۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن

خۇلارنىڭ زورلۇق كۈچ بىلەن ئېزىشى ئاستىدا، كۆپ قىسمى يوقىتىلدى. بەزى پومىششىكلار خۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىغا تەسلىم بولدى ھەمدە ئۇلارنىڭ خەنزۇ دېھقانلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشىغا ياردەملەشتى. دېھقانلار سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللى زۇلۇم ئاستىدا ئىنتايىن جاپالىق كۈنگە قالدى. جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونلىرىنىڭ ئىگىلىگى ۋە مەدەنىيىتى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى.

**شەرقىي جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر** 317 ـ يىلى شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ يۈەندى خانى جەنۇپتىكى چوڭ پومىششىكلارنىڭ ھىمايىسىدە، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدا خەنزۇلار ھاكىمىيتى ــ شەرقىي جىن سۇلالىسى (317~420 ـ يىللار)نى قۇردى. شەرقىي جىن سۇلالىسى زامانىدا، شىمالىي رايونلار قاتتىق بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن كېيىن، جەنۇپتا سۇڭ (420~479 ـ يىللار)، چى (479~502 ـ يىللار)، لياڭ (502~557 ـ يىللار) ۋە چېن (557~589 ـ يىللار) سۇلالىلىرىدىن ئىبارەت 4 سۇلالە دەۋر سۈردى، ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ جەنۇبىي سۇلالىلەر دېيىلىدۇ. شەرقىي جىن سۇلالىسى ھاكىمىيتى شىمالىي رايونلاردىن قېچىپ كەلگەن بەگزادە پومىششىكلارنى ئاساس قىلغان، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونلاردىكى چوڭ پومىششىكلارمۇ قاتناشقان ھاكىمىيەت ئىدى. شىمالىي رايونلاردىن كەلگەن بەگزادە پومىششىكلار سايلاش ھوقۇقىنى چاڭگىللىغا كىرگۈزۈۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ

سىياسى جەھەتتىكى ئورنى مۇستەھكەم ئىدى، ئۇلار يەرلىك چوڭ پومېششىكلارنى باساتتى، ئۇلارنىڭ ئالى ئەمەلدار بولۇشىغا يول قويمايتتى. ئاددى پومېششىكلاردىن بولغان زاتلار بولسا تېخىمۇ بەك قىيىنچىلىقتا قالغانلىقتىن، ھەتتا ئۇلاردا بەگزادە پومېششىكلار بىلەن ئاغىنە بولۇش ياكى نىكاللىنىش سالاھىيىتى يوق ئىدى. شۇ سەۋەپتىن جەنۇپ پومېششىكلىرى بىلەن شىمال پومېششىكلىرى ئوتتۇرىسىدا پايدا-زىيان توقۇنۇشلىرى پەيدا بولۇپ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاققىچە زىددىيەت بولۇپ تۇرغان ئىدى. سۇڭ، چىي بەگلىكلىرىدىن كېيىن، ئاددى پومېششىكلارمۇ مۇھىم ئىشلارغا قاتنىشىدىغان، سىياسى جەھەتتە ئورۇنغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى يەنىلا تۆۋەن ئىدى، ئۇلار ئىلگىرىكىدەكلا بەگزادىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلدى.

شىمالىي رايونلاردىن جەنۇبىي رايونلارغا كەلگەن سەرگەردانلارنىڭ بىر قىسمى خۇەيخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلىردا بوز يەر ئۆزلەشتۈردى؛ بىر قىسمى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىكى بەگزادە پومېششىكلارغا ئىجارىكەش ياكى مالاي بولدى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى يەرنىڭ كۆپ قىسمى جەنۇپتىكى چوڭ پومېششىكلارنىڭ ئىگىدارلىقىدا ئىدى. شىمالىي رايونلاردىن كەلگەن بەگزادىلەر خاندانلىقنىڭ ئىنئام قىلىشى ئارقىلىق ۋە ئۆزلىرى سېتىۋېلىش يولى بىلەن يەرگە ئىگە

بولدى، يەنە كېلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈردى ۋە تاغلىق ـ سازلىق ـ لارنى ئىگىلىۋالدى. دېخانلارنىڭ ئۆزلىرى تېرىيدىغان يەرلىرى بەك ئاز ئىدى، ئېغىر باج ـ سېلىق ئۇلارنىڭ شىللىسىگە چۈشەتتى. شۇ سەۋەپتىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 399 ـ يىلى سۈن ئېن (؟~402 ـ يىللار) رەھبەرلىك قىلغان دېخانلار قوزغى ـ لىڭى ۋە 485 ـ يىلى تاڭ يۈجژ رەھبەرلىك قىلغان دېخانلار قوزغىلىڭى كۆتىرىلدى.

شىمالدىن كەلگەن سەرگەردانلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ـ نىڭ ئىلغار دېخانچىلىق تېخنىكىسىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ھال چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئېچىشتا زور رول ئوينىدى. دېخانچىلىقنىڭ راۋاج تېپىشى ۋە چاي، فار ـ فور قاچا، ياغاچ، پاختا، ماتا قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپە ـ يىشى بىلەن، قول سانائەت ۋە سودا ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلاندى. شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن چېن سۇلالىسى دەۋرىگىچە، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىكى شەھەر ئىقتىسادى كۆزگە كۆرۈنەرلىك راۋاج تاپتى. ھۆكۈمران سىنىپلار، كۆپىنچە، ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى، چاڭجياڭ دەرياسى بويلىرىدا نۇرغۇن سودا شەھەرلىرى بار ئىدى. تىجارەت بېجى، چېگرا بېجى، سودا بېجى ھۆكۈمەتى ـ نىڭ مۇھىم كىرىملىرى بولۇپ قالغان ئىدى. ۋۇ پادىشالىقى دەۋرىدىن تارتىپ شەرقىي جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىگىچە بولغان 300 نەچچە يىللىق ۋاقىت ئىچىدە

چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئىگىلىگى خېلى تەرەققى قىلىپ قالدى.

جەنۇپقا ئۆتكەن بەگزادىلەر خېلى يۇقۇرى مەدىنىيەتكە ئىگە بولغاچقا، 4-ئەسىردىن 6-ئەسىرگىچە جيەنكاڭ (هازىرقى نەنجىڭ) يالغۇز جەنۇبىي سۇلالىلەرنىڭ سىياسى مەركىزىلا بولۇپ قالماستىن، جۇڭگو مەدىنىيىتىنىڭمۇ مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى. شائىرلار، رەسساملار، ئالىملار مۇشۇ جايغا توپلانغان، ئەدىبىيات-سەنئەت زور دەرىجىدە تەرەققى قىلغان ئىدى. شۇنداقلا ئىلىم-پەن جەھەتتىمۇ كەشپىياتلار بارلىققا كەلگەن ئىدى. زۇ جۇڭجى (429~500-يىللار) جەمبەر تۇراقلىقىنىڭ 3.1415926 بىلەن 3.1415927 ئارىلىقىدا بولىدىغانلىقىنى ھىساپلاپ چىققان ئىدى، بۇ — ماتېماتىكا تارىخىدىكى شانلىق مۇۋەپپەقىيەت.

**شىمالىي سۇلالىلەر** شىمالىي جۇڭگو رايونى تازا بۆلۈنۈپ كەتكەن مەزگىلدە، سيانپى مىللىتىنىڭ توبا جەمەتى سەنشىنىڭ شىمالىدا باش كۆتىرىپ چىقتى. توبا جەمەتى خەنزۇ مەدىنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاخىرقى ئىپتىدائى جەمىيەتتىن قۇللۇق جەمىيەتكە چاپسانلا ئۆتتى، ئارقىدىنلا فېئوداللىق جەمىيەتكە سەكرەپ كىردى. ئۇ قۇدرەتلىك ئاتلىق قوشۇنغا تايىنىپ كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، شىمالنى ئاخىر بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پىڭچېڭ (داتوڭ)نى پايتەخت قىلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (386~534-يىللار)نى قۇردى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى ھۆكۈمران-
لىقى 16 بەگلىكنىڭكىدىن ھېچبىر تۈزۈك دېيەرلىك يېرى يوق.
485-يىلىغا كەلگەندە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى شياۋ
ۋېندى (471~499-يىللار) يەر تەقسىمەش تۈزۈمىنى ئېلان
قىلدى، بۇ تۈزۈمدە يېتىلگەن ئەر-ئاياللار تېرىشقا تېگىشلىك
يەرنىڭ سانى ھەممىدە قانچە يىل تېرىش، قاچان قايتۇرۇپ
بېرىش لازىملىقى بەلگىلىنىپ، ئىگىسىز بوز يەرلەر يەرسىز
دېخانلارنىڭ تېرىشىغا بۆلۈپ بېرىلدى. شۇنداقلا نوپۇس تەك-
شۈرۈلۈپ، چوڭ پومىششىكلار تىزگىنىدىكى دېخانلار تارتىۋېلى-
نىپ، ئۇلاردىن بەلگىلەنگەن قانۇن-پەرمان بويىچە باج
ئېلىندى. چوڭ پومىششىكلارنىڭ قارشىلىقىنى پەسەيتىش
ئۈچۈن، يەر تەقسىمەش تۈزۈمىدە پومىششىكلارنىڭ ئەسلىدىكى
يېرىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە
ئۇلارنىڭ مالايلىرىغا يەر بۆلۈپ بېرىلدى. يەر تەقسىمەش
تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، تېرىلغۇ يەر كۆپەيدى، دېخان-
چىلىق چاپسانلا راۋاج تاپتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى-
نىڭ ئاخىرلىرىدا، جيا سىشيې يازغان «ئاددى پۇقرالارنىڭ
يېزا ئىگىلىكىگە دائىر ھۈنەرلىرى» دىگەن كىتاپتا تېرىقچىلىق ۋە
ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار تەپسىلى
خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭدىن شۇ دەۋردىكى دېخانچىلىق ئىشلەپچە-
قىرىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. سودا
جەھەتتە، 495-يىلىغا كەلگەندىلا پۇل تارقىتىلىشقا باشلىغان

ئىدى، بىرمۇنچە جايلاردا يەنىلا نەق مال سودىسى قىلىناتتى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە سودا ئىشلىرى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىكىدەك تەرەققى تاپمىغان ئىدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىغىدىكى خەلقنىڭ ئىنتايىن زور كۆپچىلىكى خەنزۇلار ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى پادىشاسى خەنزۇ خەلقىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، بەزى خەنزۇ چوڭ پومىشىكلارنى تاللاپ ھۆكۈمرانلىق ئورگىنىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ خانى شياۋ ۋېندى خەنزۇ چوڭ پومىشىكلارنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولى بىلەن، سيانپىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش نىيىتىدە، خەنزۇلاشتۇرۇش سىياسىتىنى قەتئىي يۈرگۈزدى. ئۇ 494-يىلى پايتەختنى لوياڭغا كۆچۈرۈپ، جەنۇبىي سۇلالىلەرنى دوراپ تۈرلۈك تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى، سيانپىلارنىڭ قوش يەملىسىنى خەنزۇلارنىڭكىدەك تاق يەملىگە ئۆزگەرتتى، ئوردىدا سيانپى تىلىدا سۆزلىشىشكە يول قويمىدى، سيانپىچە كىيىم كىيىشكىمۇ رۇخسەت قىلمىدى، سيانپى ئاقسۆڭەكلىرىگە خەنزۇ چوڭ پومىشىكلار بىلەن نىكاللىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئىسلاھاتلار ئارقىسىدا خەنزۇ پومىشىكلار سىنىپى بىلەن سيانپى پومىشىكلار سىنىپىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ باردى، ئەمما ئۇلارنىڭ زۇلمى ئاستىدىكى خەنزۇ دېھقانلار ۋە سيانپى دېھقانلار بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان سىنىپىي كۈرەشمۇ ئەۋجىگە چىقتى ...

باردى.

موڭغۇل ئىگىزلىگىدە، چېگرىدا دائىم پاراكەندىچىلىك سېلىپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان كۈچلۈك بىر مىللەت — جوجانلار بار ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى جوجانلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن چېگرىدا 6 جېن تەسىس قىلغان ئىدى. شياۋۋېندى پايتەختنى لوياڭغا كۆچۈرگەندىن كېيىن، سىياسى مەركەز جەنۇپقا يۆتكەلدى، مۇشۇ 6 جېننى ساقلاۋاتقان سەركەردىلەر ۋە لەشكەرلەرگە سوغاق مۇئامىلە قىلىندى ۋە ئۇلار كەمسىتىلدى. 524 - يىلى كەڭ كۆلەملىك ھەربى ئۆزگىرىش كېلىپ چىقتى ۋە بۇنىڭ تەسىرىدە خەنزۇ دېخانلار بىلەن سىيانپى دېخانلار بىرلىشىپ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتەردى. دېخانلار قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شەرقىي ۋېي سۇلالىسى (534~550 - يىللار) ۋە غەربىي ۋېي سۇلالىسى (535~557 - يىللار) گە بۆلۈنۈپ كەتتى. كېيىن خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان گاۋياڭ شەرقىي ۋېي سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، شىمالىي چى سۇلالىسى (550~577 - يىللار) نى قۇردى، سىيانپى مىللىتىدىن بولغان يۈۋېنجۆ غەربىي ۋېي سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، شىمالىي جۇ سۇلالىسى (557~581 - يىللار) نى قۇردى. شىمالىي چى سۇلالىسىنىڭ چىرىك، ۋەھشى ھۆكۈمرانلىغى خەلقنىڭ لەنەت - نەپرىتىنى قوزغىدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسى سىياسىنى يېڭىلاشقا، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بېرىشكە ئۇستا كەلگەچكە، سۇلالە بارا -

بارا كۆچەيدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسى ئاخىر شىمالىي چى سۇلالىسىنى يوقاتتى ھەمدە سۇي سۇلالىسىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىدى.

**جەنۇبىي سۇلالىلەر ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ سىياسى، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرى** تەخمىنەن مىلادىيە ئىرانىڭ ئالدى-كەينىدە، بۇددا دىنى ئۇلۇغ ياۋچىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگوغا كىرگەن ئىدى، شەرقىي خەن سۇلالىسى ۋە ئۈچ بەگلىك دەۋرلىرىدىن بۇيان تەدرىجى ئەۋج ئالدى. ۋېي بەگلىكى، جىن سۇلالىسى دەۋرلىرىدە مېتافىزىكا ئەۋج ئالغان ئىدى، بۇددا دىنى مېتافىزىكىنىڭ سايىسىدە بەگزادىلەر ئارىسىدا تارالدى. شەرقىي جىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى بۇددىسلار بارا-بارا بۇددا ئەقىدىلىرىنى فېئوداللىق جەمىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغان كۇڭزىچىلىق ئەدەپ-قانۇنلىرى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۇردى. ئۇلار تەرغىب قىلغان قايتىدىن دۇنياغا كېلىش، بۇ ئۆمرىدە يامانلىق قىلغانلار كېلەركى ئۆمرىدە يامان ئاقىۋەتكە قالىدۇ، دىگەن دىنىي خۇراپاتلىق زور تەسىر قوزغىدى؛ فېئودالىلىق ئەدەپ-قانۇنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى بولسا بۇددا دىنىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيدى.

بۇددا دىنى كەڭ تارىلىپ، داۋجياۋ مۇخلىسلىرى كۈنساناپ ئازىيىپ كەتتى-دە، داۋجياۋ دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا بەس-مۇنازىرە قوزغالدى. داۋجياۋ دىنى بەس-مۇنازىرىدە

مات بولدى، بىر قىسىم كۇڭزىچىلار چىقىپ بۇددىسىلار بىلەن مۇنازىرىلەشتى. لياڭ ۋۇدى (502~549 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) زامانىدا ئۆتكەن كۇڭزىچى فەن جېن روھ يوقلىدۇ نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، روھ تەنىنىڭ مەھسۇلى، تەن يوقالسا روھمۇ غايىپ بولىدۇ دېگەننى ئىسپاتلاپ، قايتىدىن دۇنياغا كېلىش دېگەن ئەقىدىگە قارشى چىقتى. ئەمما جەنۇبىي سۇلالىلەرنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى بۇددا دىنىدىن پايدىلىنىپ كەڭ خەلقنى بىخۇتلاشتۇرۇشقىمۇ مۇھتاج ئىدى؛ بۇددا دىنىنى ئۆزلىرىگە روھىي تەسەللى قىلىشقىمۇ مۇھتاج ئىدى. لياڭ ۋۇدى ئۆزى بۇتخانىغا بېرىپ خىزمەت ئۆتەپ، بۇددا دىنىنى تەشەببۇس قىلغان. لياڭ ۋۇدى دەۋرىدە جيەنكاڭدىكى بۇتخانىلار 500 دىن ئاشقان، راھىپلار يۈز مىڭدىن ئاشقان. بۇ بۇتخانىلار ۋەخپە قىلىۋېلىش ۋە ئىگىلىۋېلىش يولى بىلەن نۇرغۇن يەرگە ئىگە بولۇۋالغان، يەنە كېلىپ جازانىخورلۇق قىلىش ۋە گۆرۈگە قويۇش ئارقىلىق، كەمبەغەللەرنى قاتتىق قاقتى - سوقتى قىلغان. بۇددا دىنىنىڭ ئەۋج ئېلىشى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىگىلىككە ئېغىر دەرىجىدە توسالغۇ بولدى.

بۇددا دىنى شىمالدا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئېتىقات قىلىشى بىلەن كەڭ تارقالدى. 446 - يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بۇددا دىنىنى مەنئى قىلىپ ۋە راھىپلارنى يوقىتىپ، داۋجياۋ دىنىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. بىراق ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇددا دىنى يەنە باش كۆتىرىپ، تېخىمۇ كەڭ

تارقالدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىمالىي سۇلالىلەر ھۆكۈمرانلىرى نۇرغۇن بايلىقنى بۇتخانا سېلىش ۋە راھىپلارنى بېقىشقا ئىشلەتتى. 534 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، لوياڭدا بىر مىڭ 367 بۇتخانا سېلىنغان، مەملىكەت بويىچە 30 مىڭدىن ئارتۇق بۇتخانا سېلىنغان، راھىپلار 2 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. شىمالىي چى سۇلالىسى ۋە شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەھۋال شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولدى. بۇ بۇتخانىلار يەرلەرنى قوشۇۋالدى ھەمدە نۇرغۇن دېھقانلارنى ئەمگەككە سالدى. بۇتخانىغا تېرىق ـ گۈرۈچ تاپشۇرىدىغان دېھقانلار راھىپلار تەئەللۇقىدىكى دېھقانلار دېيىلەتتى، بۇتخانا ئۈچۈن يەر تېرىيدىغان ياكى قارا خىزمەت ئۆتەيدىغان دېھقانلار بۇتخانا تەئەللۇقىدىكى دېھقانلار دېيىلەتتى. بۇتخانا خوجايىنلىرى چوڭ پومىشچىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى زاماندا جازانىخور ئىدى. ئىجتىمائى بايلىقنىڭ زور بىر قىسمىنى بۇتخانىلاردىكى راھىپلار خورىتىۋېتەتتى، شۇڭا 574 ـ يىلى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى (561~578 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) راھىپلىقنى تاشلاش ۋە بۇتخانا مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

بۇددا دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشى بىلەن، بۇددا دىنىغا خىزمەت قىلىدىغان ئويمىچىلىق، سىزمىچىلىق ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. جۇڭگونىڭ چوڭ سەنئەت غەزنىسى دەپ ئاتالغان دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيى، بىڭلىڭ بۇتخانىسى تاش غارى،

مەيجى تېغى تاش غارى، يۈنگاڭ تاش غارى ۋە لۇڭمېن تاش غارى ئاساسەن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە بەرپا بولغان (مىڭ ئۆي لياڭ بەگلىكى دەۋرىدە بەرپا بولغان). بۇددا دىنى-نىڭ كىرىشى بىلەن، چەتئەللەرنىڭ چالغۇ، مۇزىكا، ئۇسۇل ۋە بىناكارلىق تېخنىكىسى قاتارلىق سەنئەتلەرمۇ كىردى، بۇددا نوملىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى بولسا خەنزۇ تىلى فونېتىكىسىنى ئالغا سۈردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدە، داۋجىياۋ دىنى ئەقىدىلىرىمۇ نەزىرىيىلەشتى، سىستېمىلاشتى.

ئىلىم-پەن جەھەتتە، لى داۋيۈەن يازغان «تاغ-دەريالار تەزكىرىسىنىڭ تەپسىرى» جۇڭگونىڭ قەدىمقى زامان جۇغراپىيىسى بويىچە شانلىق ئەسەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

## 3. سۈي سۇلالىسى، تاڭ سۇلالىسى، بەش دەۋر، سۇڭ سۇلالىسى، يۈەن سۇلالىسى (6-ئەسىر-دىن 14-ئەسىرگىچە)

**سۈي سۇلالىسى (581~618-يىللار)نىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ يوقىلىشى** 581-يىلى شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ باش ۋەزىرى، خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان ياڭ جيەن (541~604-يىللار) شىمالىي جۇ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، سۈي سۇلالىسىنى قۇردى، ئۇ سۈي ۋېندى دەپ ئاتالدى. سۈي سۇلالىسى 589-يىلى جەنۇبىي سۇلالىلەردىن

بىرى بولغان چېن سۇلالىسىنى يوقىتىپ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى، شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن بېرى ئۇزاققىچە داۋام قىلغان بۆلۈنۈش ھالىتى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئاياقلاشتى.

سۈي سۇلالىسى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدىن تارتىپ قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان يەر تەڭشەش تۈزۈمىنى قوللىنىۋەردى، شۇنداقلا ئالۋاڭ ـ ياساق ۋە يىپەك توقۇلما سېلىقىنى نىسبى ھالدا يەڭگىللەتتى، شۇنىڭ بىلەن دېخانچىلىق راۋاج تاپتى، نوپۇسمۇ بار ـ بارا كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۇل تۈزۈمى تەرتىپكە سېلىندى، ئۆلچەم بىرلىكى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، بولۇپمۇ جەنۇب بىلەن شىمال بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، بازار كېڭەيگەنلىكتىن، قول سانائەت بىلەن سودىمۇ تەرەققىي تاپتى.

سۈي ياڭدى (605~618 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققاندىن كېيىن، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى ھە دەپ ئېلىپ باردى، ھەر ئايدا ئىككى مىليون ئادەمنى ئىشقا سېلىپ شەرقىي پايتەخت لوياڭنى ياسىدى، يەنە بىر مىليون ئادەمنى ھاشاغا تارتىپ سەددىچىن سېپىلىنى ئۇزارتتى، شۇنداقلا لوياڭ مەركەز قىلىنغان، خاڭجۇدىن جوجۇن (ھازىرقى بېيجىڭ) گىچە سوزۇلغان، شىمالىي جۇڭگو بىلەن جەنۇبىي جۇڭگونى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ قانالنى ئاچتى. بۇ قانالنىڭ پۈتتۈرۈلۈشى جۇڭگونىڭ ئىقتىسات ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا تازا پايدىلىق ئىدى.

كەڭ كۆلەملىك بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان ھاشا ـ ئالۋاڭ دەستىدىن، "ئادەملەر ھاشادا ئۆلۈپ كەتتى، ئەلنىڭ باي-

لىغى قۇرۇپ كەتتى"، ئەمما سۈي ياڭدى تۇيۇخۇنلارغا ۋە كۇرىيىگە قارشى ئۈزۈلدۈرمەي ئۇرۇش قوزغاپ تۇردى. مۇشۇ ئۇرۇشلار داۋامىدا، ئەسكەرلىككە ئېلىش، پاراق ئېلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەھەتچىلىك بولۇش ئارقىسىدا پۇقرالار گادايلىشىپ كەتتى، مالىيە مەنبەسى قۇرۇپ كەتتى، شۇ سەۋەپتىن كۇرىيىگە قارشى ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن تەڭلا، دېخانلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭلىرى پارتلىدى.

دېخانلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، سۈي ۋېندىمۇ، سۈي ياڭدىمۇ دېخانلارنىڭ مەخپى ھالدا قورال ساقلىشىغا يول قويماسلىق توغرىسىدا قايتا-قايتا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى، ئەمما بۇ دېخانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ كۆتىرىلىشىنى توساپ قالالمىدى. سۈي ياڭدى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، دېخانلار قوزغىلاڭلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتىرىلدى. بۇ زاماندىكى دېخانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ تارىخىي كىتاپقا يېزىلغانلىرىدىن جەي راڭ قوزغىلاڭچىلار گۇرۇھى، دۇ جيەندې قوزغىلاڭچىلار گۇرۇھى قاتارلىق 100 نەچچە گۇرۇھ بار، قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېخانلارنىڭ سانى نەچچە مىليونغا يېتىدۇ، قىسقىغىنا 30 نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرگەن سۈي سۇلالىسى شۇنداق قىلىپ ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

**تاڭ سۇلالىسى (618~907-يىللار)نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى** دېخانلار كەڭ كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ تۇرغان پەيتتە، لى يۈەن (565~635-يىللار) پۇر-

سەتتىن پايدىلىنىپ لەشكەر تارتىپ چىقىپ، چاڭئەننى ئىشغال قىلدى ۋە ئۇنى پايتەخت قىلىپ، 618 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنى قۇردى. ئۇ تاڭ گاۋزۇ دەپ ئاتالدى.

سۇي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

تاڭ تەيزۇڭ (627～649 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) داڭلىق پادىشا ئىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، فېئوداللىق تەرتىپنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى سىياسى، ھەربى ئىشلار جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

تاڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىن تاڭ شۈەنزۇڭ (712～756 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىگىچە بولغان بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، دېھقانلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە مەلۇم مىقداردا يېرىلغۇ يەر بولۇپ كەلدى، سۇچىلىق ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە راۋاج تاپتى، يېزا ئىقتىسادى يەنە گۈللىنىشكە باشلىدى.

دۆلەت زەرباپلىق، كىگىزچىلىق، بوياقچىلىق، مېتاللچىلىق، پۇل قۇيۇش دۇكانلىرى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت نۇرغۇن قول سانائەت دۇكانلىرىنى تەسىس قىلدى. مۇشۇ قول سانائەت دۇكانلىرىدا، ئۇستىلار ۋە ھەر خىل ئادەملەر ئىشلەيتتى، ياللانما ئىشچىلارمۇ بار ئىدى. خۇسۇسى قول سانائەتمۇ زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى. ياغىچۇدىكى كېمىسازلىق، ئەينەكچىلىك، سىچۈەن-

دىكى زەرباپلىق، تۇزچىلىق، جياڭشىدىكى فار ـ فورچىلىق، تەيـ
يۈەندىكى مىسچىلىق مەملىكەت بويىچە داڭدار ئىدى. كانچىلىق
ئالاھىدە تەرەققى تاپتى، يالغۇز ئەنخۇي، جىجياڭ، جياڭشى
قاتارلىق جايلاردىلا 58 كۈمۈش كانى، 96 مىس كانى، 5 تۆمۈر
كانى، 2 قەلەي كانى، 4 قوغۇشۇن كانى بار ئىدى. بۇلار تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىدە قول سانائەت سەۋىيىسىنىڭ ئالدىنقى دەۋر-
دىكى سەۋىيىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنـ
دۈرۈپ بېرىدۇ.

لەنگەر، ئات پوچتىسى تۈزۈمى سودىگەرلەرگە ئالاقە جەھەتتە
قولايلىق يارىتىپ بەردى. قانال مال ئوبوروتىغا ئاسانچىلىق
يارىتىپ بەردى، چاڭئەن، لوياڭ، ياڭجۇ، گۇاڭجۇ شەھەرلىرى
شۇ چاغدا سودا مەركىزى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە
بىرمۇنچە شەھەرلەر سودىسىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن گۈللىنىپ
كەتتى.

تاڭ سۇلالىسى دەسلەپكى يىللاردا، تۈركلەرنىڭ پاراكەندىـ
چىلىكىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرقىي
تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلدى، ھازىرقى
شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى ۋادىسىدا تۇتۇق
مەھكىمىسى تەسىس قىلدى؛ كۇسەن (ھازىرقى كۇچار)، ھازىرقى
خوتەن، قەشقەر يېڭى شەھەر ۋە سوياپ (ھازىرقى توقماق)
قاتارلىق جايلاردا لەشكەر تۇرغۇزدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇشۇ
تەدبىرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن غەربىي رايونـ

لارنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنى كۈچەيتتى.

مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تۈبۈتلارنىڭ سەردارى سۇڭزەنگەنبۇ (؟~650 ـ يىللار) شىزاڭ ئىگىزلىگىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئىجتىمائى ئىگىلىك، مەدەنىيەت خېلىلا تەرەققى قىلدى، بۇ زاڭزۇلارنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. تۈبۈتلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ھەربى توقۇنۇش بولسىمۇ، ئەمما تاڭ تەيزۇڭ ۋاقتىدىلا، مەلىكە ۋېنچېڭ (؟~680 ـ يىللار) تۈبۈتقا ياتلىق قىلىنغان يەنى سۇڭزەنگەنبۇغا تەككەن ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئۇستىلار، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىغا ئائىت كىتاپلار ۋە كۆك تات ئۇرۇغى، قول ھۈنىرى بۇيۇملىرى، دورىلارنى ئېلىپ بارغان ئىدى. 710 ـ يىلى مەلىكە جىنچېڭمۇ تۈبۈتقا ياتلىق قىلىنىپ، تۈرلۈك كەسىپتىكى ئۇستىلار ۋە كۈچار نەغمىسى قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارغان ئىدى. مەلىكە ۋېنچېڭ تۈبۈتقا بارغاندىن كېيىن، خەنزۇ مىللىتى بىلەن زاڭزۇ مىللىتىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

مۇشۇ دەۋردە جۇڭگو سودىگەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىغىمۇ باردى. ئەرەپ ئەللىرى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلىرىمۇ جۇڭگوغا كەلدى، چاڭئەندىكى چەتئەللىكلەر كۆپىيىپ 4 ـ 5 مىڭغا يەتتى. چاڭئەن خەلقارا سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى

بولۇپ قالدى. مەدىنىيەت ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش ئارقىسىدا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ماددى تۇرمۇشى ۋە مەدىنىيەت تۇرمۇشى تېخىمۇ مەزمۇنلۇق بولدى. چاڭئەندىن تاشقىرى، دەريا-دېڭىز ياقىلىرىدىكى باشقا شەھەرلەرمۇ كۈنساناپ راۋاج تاپتى، سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەرنى باشقۇرىدىغان تاشقى سودا مەھكىمىلىرىمۇ تەسىس قىلىندى. بۇلار ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشىنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. بۇ چاغدا جۇڭگو مەدىنىيىتى چاۋشيەن ۋە ياپونىيىگە كۆپلەپ كىردى؛ جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە تارقالدى، كېيىنكى نەچچە ئەسىر داۋامىدا، ئەرەپلەر ئۇنى ياۋروپاغا تارقاتتى-دە، ئۇ غەرپ مەدىنىيىتىدە زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

## هۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش

تاڭ شۈەنزۇڭ هۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە يەنى كەييۈەن يىلى دەۋرىدە (713~741-يىللار) سىنىپىي زىددىيەت ۋە هۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشتى. 755-يىلى هۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرۇش پارتلىدى، بۇ ئۇرۇش تارىختا "ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭى" دېيىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، هۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمىدى. "ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭى"غا سوڭداشقان ھالدا ھەربى ئەمەلدارلار بۆلۈنمىلىرى، مەزھەپچىلىك شۇملۇقلىرى، ھەرەم ئاغىلىرى مۇستەبىتلىكى كېلىپ چىقتى.

"ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭى"نى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇجۇنى ساقلاپ تۇرغۇچى سەركەردىسى ئەن لۇشەن قوزغىغان ئىدى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ پايتەخت چاڭئەننى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەن لۇشەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە شى سىمىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كاتتىۋېشى بولدى. ئەن لۇشەنمۇ، شى سىمىڭمۇ شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن كېلىپ چىققان ئىدى. ئۇلار ھەربى توپىلاڭ كۆتىرىپ، خەنزۇ خەلقىنى ۋەھشىلەرچە قىرغىن قىلدى، بۇ ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا تۇرغان سىنىپىي كۆرەشنى يۇيۇرۇۋەتتى.

"ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭى" ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ توپىلاڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىكىنى بولۇپمۇ خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئىگىلىكىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى، چاڭئەن، لوياڭ ۋە باشقا نۇرغۇن شەھەرلەر ۋە كەنت-يېزىلار مۇشۇ توپىلاڭدا ئېغىر يەنچىلىپ كەتتى.

ساتراپلىق تۈزۈمى ئەسلىدە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش مەقسىدىدە ئورنىتىلغان ئىدى، بىراق "ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭى"دىن كېيىن، ساتراپلار پەيدىن-پەي ئۆزگىرىپ ھەربى ئەمەلدارلار بۆلۈنمە كۈچلىرىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار خاندانلىققا تاپشۇرۇلىدىغان باجنى تۇتۇپ قالدى، خۇسۇسى لەشكەر ئۇيۇشتۇردى، ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ۋارىسلىق قىلدى. بەزى ھەربى ئەمەلدارلار ھەتتا مەركەزدىن ئايرىلىپ

مۇستەقىل بولۇۋالدى.

مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ھەرەم ئاغىلىرى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈ-ۋالدى، ئۇلار خاندانلىقنىڭ ھەربى ھوقۇقىنى قولىدا تۇتتى، ئەمەلدارلارنى ئۆستۈرۈش ۋە چۈشۈرۈش، قوشۇنلارنى يۆت-كەش ئىشلىرىنى بەلگىلەيدىغان، ھەتتا خاننى مەيلىچە يەڭگۈش-لەيدىغان، خان تىكلەيدىغان بولدى. تاڭ شيەنزۇڭ (806~820-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)دىن كېيىنكى 9 خاننىڭ سەككىزىنى ھەرەم ئاغىلىرى تىكلىگەن ئىدى.

سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى ۋېي ۋە جىن بەگلىكلىرى دەۋرىدىن بېرى بەگزادە پومىشچىكلار تىزگىنلەپ كېلىۋاتقان سايلام تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئىمتىھان تۈزۈمىنى قوللاندى. بىرمۇنچە ئادەتتىكى پومىشچىك-سودىگەرلەرنىڭ باللىرى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ سىياسى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى ۋە كونا بەگزادە پومىشچىك تۆرىلىرى بىلەن دۈشمەنلەشتى. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ، بىر بىرى بىلەن ھوقۇق-مەنپەئەت تالاشتى، ئۆزئارا سوقۇشتۇردى.

**دېھقانلار چوڭ قوزغىلاڭلىرى** ئاقسۆڭەكلەر، تۆرىلەر، پومىشچىكلار، سودىگەرلەر ۋە بۇتخانىلار يەرلەرنى بىشەملىك بىلەن تارتىۋالدى، نەتىجىدە كەڭ دېھقانلار ئىشسىز قېلىپ ۋەيران بولدى. كۈزلۈك باج، يازلىق باج ۋە خىلمۇ-خىل ئېغىر باج-سېلىقلار دېھقانلارغا چۈشكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىيانەتچىلىك قىلىش، قاقتى-سوقتا قىلىش قىلمىشلىرى، يەر-

لىك ئەمەلدارلار نورمىدىن تاشقىرى ئېلىۋالىدىغان قىلمىشلار بولۇپ تۇرغاچقا، دېھقانلاردا قورااللىق قارشىلىق كۆرسەتمەكتىن باشقا تىرىكچىلىك يولى قالمىدى. 860-يىلىدىن باشلاپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ چيۇ پۇ (؟~860-يىللار) رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە پاڭ شۈن (؟~869-يىللار) رەھبەرلىك قىلغان ھەربىي ئىسيان پارتلىدى، 874-يىلىغا كەلگەندە، ئاخىر ۋاڭ شيەنجى (؟~878-يىللار) باشچىلىغىدىكى پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك چوڭ قوزغىلاڭ پارتلىدى.

ۋاڭ شيەنجىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ چاڭيۈەن ناھىيىسىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىلدى. ئىككىنچى يىلى خۇاڭ چاۋ (؟~884-يىللار) قوزغىلىڭى ئۇنىڭغا قوشۇلدى. دېھقانلار قوشۇنى ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ قورشاۋىنى بىتچىت قىلىپ، شەندۇڭدىن چىقىپ خېنەنگە، خۇبېيغا تۇساتتىنلا كىردى. 878-يىلى، ۋاڭ شيەنجى ئۇرۇشتا ۋاپات بولدى، خۇاڭ چاۋ ئۇنىڭ ئورنىغا دېھقانلار قوشۇنىنىڭ يولباشچىسى بولدى. ئۇ دېھقانلار قوشۇنىنى باشلاپ، شەندۇڭدىن چىقىپ خېنەن، ئەنخۇي، خۇبېيلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ۋە چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىغا باردى ۋە گۇاڭدۇڭغىچە باردى، ئۇنىڭدىن كېيىن گۇاڭدۇڭدىن چىقىپ گۇاڭشى، خۇنەن، خۇبېي، جياڭشى، جياڭسۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ ۋە چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئەنخۇي، خېنەنگە كىردى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى 880-يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ

پايتەختى چاڭئەننى ئالدى، چاڭئەندە خۇاڭ چاۋ باشچىلىقىدىكى ھۆكۇمەتنى تەشكىللىدى.

دېخانلار قوشۇنى چاڭئەننى 2 يىل 4 ئاي ئىگەللەپ تۇردى، كېيىن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۇمىتى بىلەن ساتورلارنىڭ بىرلەشمە بېسىمى ئاستىدا، چاڭئەندىن چېكىنىپ چىقتى ۋە ئۇزاققا قالمايلا يوقىتىلدى. دېخانلار قوشۇنى يوقىتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، تاڭ سۇلالىسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ يىمىرىلدى.

**تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە بەش دەۋر، ئون بەگلىك** 907 - يىلى جۇ ۋېن تاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ كېيىنكى لياڭ بەگلىكىنى قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، كېيىنكى جۇ بەگلىكلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، بۇ بەگلىكلەر خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنى ئىگىلىدى، بۇ تارىختا بەش دەۋر دېيىلىدۇ.

بەش دەۋر يېرىم ئەسىر (907~960 - يىللار) داۋام قىلدى. بۇ مەزگىلدە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا 5 بەگلىك ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن باشقا، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە 10 فېئوداللىق بۆلۈنمە ھاكىمىيىتى بار ئىدى، بۇ تارىختا ئون بەگلىك دېيىلىدۇ.

بەش دەۋر، ئون بەگلىك زامانىدا، كىدان بەگلىكى (916~1125 - يىللار) شەرقىي شىمالدىكى لياۋخې دەرياسى ۋادىسىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى، كېيىن ئۇ يەنىۋۇن دائىرىسىدىكى 16 ئايماق (بۇگۇنكى سەنشى، خېبېينىڭ شىمالىي قىسمى)نى بې-

سۋىلىپ، بەگلىك نامىنى لياۋغا ئۆزگەرتتى، يەنجىڭ (بۈگۈنكى بېيجىڭ)نى پايتەخت قىلدى. تەدرىجى ھالدا قۇدرەتلىك بەگلىك بولۇپ قالدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان، ئۇرۇش دەستىدىن، ئىجتىمائى ئىگىلىك قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن بەش دەۋرنىڭ باشلىرىغىچە، چاڭئەن ئەتراپىدىكى پۇقرالار "جىرا-جىلغىلارنى قورول-قورغان قىلىپ ياتتى، ئۇ يىلدىن-بۇ يىلغا تېرىقچىلىق قىلمىدى". بەزى شەھەرلەرمۇ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى، چاڭئەندىكى ساراي-ئوردىلار، بۇتخانا-ئىبادەتخانىلار، ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرى ۋە پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئوندىن 6-7 سى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. لوياڭ شەھىرىدە "سۆڭەك-ئۇستىخانلار يەرنى قاپلىغان، چاتقال-تىكەنلەر يەرنى بېسىپ كەتكەن ئىدى، ئولتۇرۇشلۇق ئائىلە 100 گە يەتمەيتتى". يالغۇز چاڭئەن، لوياڭ شەھەرلىرىلا ۋەيران بولۇپ قالماستىن، باشقا رايونلارمۇ خاراپلىشىپ كەتتى. تارىختا يېزىلىشىچە، شۇ چاغدا "غەرپتە جيايۇگۇەنگىچە، شەرقتە چىڭچى (ھازىرقى شەندۇڭ)غىچە، جەنۇپتا چاڭجياڭ، خۇەيخې دەريالىرىنىڭ نېرىسىغىچە، شىمالدا ۋېيخۇا (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالى)غىچە، بېلىقلار ئۆلۈپ كەتكەن، قۇشلار تاراپ كەتكەن، ئىنسى-جىن قالمىغان، ھەممە يەرنى چاتقال-تىكەن قاپلىغان."

شۇ چاغدا ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى ئۆز زىمىنى

دائىرىسىدە ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇ-نۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۆلۈنمىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، پۇل-مال شىلىۋېلىش يولى بىلەن قوشۇنلىرىنى زورايتىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئېغىر باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساق دەستىدىن، يېزا-قىشلاقلار تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتكەن.

بەش دەۋر، ئون بەگلىك بۆلۈنمە ھالىتى ئارقىسىدا، جۇڭ-گودىكى بىرمۇنچە شەھەرلەر، بولۇپمۇ جەنۇپتىكى شەھەرلەر، مەسىلەن، چېڭدۇ، جىنلىڭ، فۇجۇ، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ، جىڭجۇ، چاڭشا قاتارلىق شەھەرلەر شۇ چاغدىكى سىياسى مەركەز بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ فېئودال بەگلەر يېزىلاردا دەھشەتلىك ئېكس-پىلاتاتسىيە يۈرگۈزۈپ، بايلىقنى مۇشۇ شەھەرلەرگە توپلىغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرلەر تەرەققى قىلىپ قول سانائەت ۋە سودا مەركەزلىرى بولۇپ قالغان.

**تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە دىن**

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى شېئىر-نەزمىلەر ئىدى. شېئىر-نەزمىلەر تاڭ دەۋرىگە كەل-گەندە شانلىق يۇقىرى پەللىگە يەتتى. تاڭ دەۋرىدە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شائىرلار مەيدانغا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلگىنىلا 50 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە لى بەي (701~762-يىللار)، دۇ فۇ (712~770-يىللار)، بەي جۈيى (772~846-يىللار) ئەڭ مەشھۇر

شائىرلار سانىلىدۇ. لى بەي تالانتلىق ئۇرغۇپ تۇرغان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىنتايىن جۇشقۇنلۇق. دۇفۇ رېئالىست شائىر، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى سەلتەنەتلىك ھەم يالقۇنلۇق بولۇپ، "ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ توپىلىڭى"نىڭ ئالدى-كەينىدىكى تاڭ دەۋرى جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ قاي-غۇ-ھەسرىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بەي جۈيىنىڭ ئەسەرلىرى چۈشىنىشلىك ھەم راۋان، يەنە كېلىپ ئۇلاردا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى دادىللىق بىلەن ئېچىپ تاشلى-نىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى داڭلىق شائىر-لاردىن يەنە دۇمۇ (803~853-يىللار)، لى شاڭيىن (813~858-يىللار) قاتارلىقلار بار. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇپقا ئىگە. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلقنىڭ دەرت-ئەلەم-لىرىنى ئانچە-مۇنچە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

چوڭ ئەدىب، چوڭ مۇتەپەككۇر خەن يۈ (768~824-يىللار) نەسرى ئەسەرلەر ۋە كۆڭۈلچىلىق ئىدىيىسىنى تەشەب-بۇس قىلاتتى، جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن بۇيان ئەۋج ئالغان جۈپلۈك شەكىلدىكى ئەسەرلەر ۋە بۇددا دىنى-داۋجياۋ دىنى ئىدىيىلىرىگە قارشى تۇراتتى. ئۇ ئەينى زاماندا ئەدەبىيات ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئىنقىلاپچى، شۇنداقلا شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بېرى ئەۋج ئالغان نەسرى ئەسەرلەر ۋە ئەقىدىچىلىكنىڭ پېشۋاسى ئىدى.

سەنئەت تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكەن،

مەيلى سىزمىچىلىق ياكــى ھەيكەلتاراشــلىق جەھەتتە بولــسۇن، بەزى مەشھۇر سەنئەتكارلار بارلىققا كەلگەن ئىدى. سىزمىچىلىق جەھەتــتە، ۋۇ داۋزى ئادەم سىزىشـقا ئۇستا ئىــدى، ۋاڭ ۋېــي (699~759 ـ يىللار) تاغ ـ دەريالارنى سىزىشـقا ئۇســتا ئىــدى، دۇنخۇاڭ مىــڭ ئۆيــدە نۇرغۇن تام ســزمىلىــرى ساقلىــنىپ كەلدى. بۇلار جۇڭگونىڭ سەنئەت تارىخىدا داڭدار. ھەيكەلتا-راشلىق جەھەتتە، ياڭ خۇيجى ھەيكەل ئىشلەشكە ئۇســتا ئىدى، ھەيكەللىگە جان كىرگۈزۈۋېتەتتى. دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيىدە ھەيكەل-لەر تېخىمۇ كۆپ ساقلىنىپ كەلدى. بۇلاردىــن باشــقا، مۇزىكا، ئۇسۇلمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خېلى تەرەققى قىلــغان ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دىنلار تولىمۇ مۇرەككەپ ئىدى، زورو-ياستىي يەنى ئاتەشپەرەسلىك دىنى (شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە جۇڭگوغا كىرگەن)، نېستورى دىنى (خىرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىبى)، ئىسلام دىــنى، مانى دىــنى ئىلــگىر ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگوغا كىرگەن؛ ئەمما ھەمــمىــدىن كەڭ تارقالغىــنى يەنىلا داۋجىياۋ دىنى بىلەن بۇددا دىنى، بولۇپمۇ بۇددا دىنى ئىــدى. بۇددا دىنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىنتايىــن كەڭ تارقالــغان، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ بىرقانچە مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتــكەن، بۇلار-نىڭ ئىچىدە بۇددىداما مەزھىبى ھەممىــدىن بەك ئەۋج ئالــغان. نۇرغۇن راھىپلار جۇڭگودىن يىــراق ھىندىستانغا بېرىــپ بۇددا نوملىرىنى ئۆگەنگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقلىرى شۈەن زاڭ (596~664 ـ يىلــلار) ۋە يــى جىــڭ (635~713 ـ يىلــلار) .

ئىدى. ئۇلار ھىندىستاندىن ئۇرغۇن بۇددا نومىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن ھەمدە ئۇلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بۇددا دىنى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بۇددا مۇخلىسلىرى ماددى جەھەتتىمۇ نۇرغۇن ماددى بايلىقنى ئىگىلىۋالغان. بۇتخانىلار ئۆشرە ـ زاكات يىغىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىش يولى بىلەن، نۇرغۇن يەرلەرنى، ئېكىنزارلىقلارنى ۋە سۇ لاگزىلىرىنى ئىگىلەۋالغان ھەمدە دىخانلارنى جازانىخورلۇق بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. تاڭ ۋۇزۇڭ (841~846 ـ يىللار) زامانىدا، بۇتخانىلاردا باج ـ سېلىق تاپشۇرماسلىق ئىمتىيازى بولۇپ، دۆلەتنىڭ باج كىرىمىگە تەسىر يەتكەنلىكتىن، ۋۇزۇڭ خان راھىپلارنى راھىپلىقتىن قايتۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن؛ بىراق تاڭ شۈەنزۇڭ (847~859 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) زامانىغا كەلگەندە، راھىپلارنىڭ بۇتخانىغا قايتىپ كېلىشىگە يول قويۇلدى ـ دە، بۇددا دىنى ئەسلىدىكى ئورنىنى يېڭىۋاشتىن تىكلىدى.

**سۇڭ سۇلالىسى (960~1126 ـ يىللار)نىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى** مىلادى 960 ـ يىلى، كېيىنكى جۇ بەگلىكىنىڭ ئوردا نەۋكەر بېشى جاۋ كۇاڭيىن (927~976 ـ يىللار) ھەربى ئىسيان قوزغاپ، كېيىنكى جۇ بەگلىكىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىپ، سۇڭ سۇلالىسىنى قۇردى، كەيفېڭنى پايتەخت قىلدى، بۇ سۇلالە تارىختا شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دېيىلىدۇ.

سۇڭ سۇلالىسى دەسلەپتە ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ جىڭنەن، شۇ، جەنۇبىي خەن، جەنۇبىي تاڭ، ۋۇيۆ قاتارلىق بەگلىكلەرنى ئەل قىلدى، كېيىن سەنشىنىڭ شىمالىدىكى شىمالىي خەن بەگلىكىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىر بەش دەۋر، ئون بەگلىك بۆلۈنمە ھالىتىگە خاتىمە بەردى.

ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت ئۈچۈن سىياسى بىرلىك ھەممىدىن جىددى زۆرۈر ئىدى، شۇڭا سۇڭ تەيزۇ جاۋ كۇاڭيىن سۇڭ سۇلالىسىگە تۈزۈپ بەرگەن دۆلەت سىياسىتى ھۆكۈمران سىنىپلار ئىچىدىكى بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش؛ تاشقى جەھەتتە تامامەن مۇداپىئە ئورنىدا تۇرۇش بولدى.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو قۇدرەتلىك بىر دۆلەت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ تاڭ سۇلالىسىگە قارىغاندا ھوقۇق مەركەزگە تېخىمۇ تەل ـ تۆكۈس توپلانغان بىر ھاكىمىيەت تىكلىگەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى بىرئاز ئاقسۆڭەكلەر سىياسىي تۈسىنى ئالغان ھاكىمىيەت ئىدى، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا مەيلى ھەربى تۈزۈم جەھەتتە بولسۇن، مەيلى مالىيە جەھەتتە بولسۇن، مەركىزىي ھۆكۈمەت يادرو قىلىنغان تۈزۈملەر سىياسىي ئاساسىدىكى تەشكىلات ۋۇجۇتقا كەلدى. ھەربى چوڭ ھوقۇق مەركىزىي ھەربى مەھكىمىنىڭ قولىدا بولدى؛ جايلارنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى مەركەز ئەۋەتكەن يۆتكەش بېگى باشقۇرىدىغان بولدى.

سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى، مەسىلەن، سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى، بوز يەر ئېچىشقا ئىلھام بەردى ۋە باشقىلار. ئەمما سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، روشەنكى، يېزا ئىقتىسادى ھالسىزلىق ھالىتىدە تۇراتتى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى دېھقانلار ئۇرۇشى مەغلۇپ بولدى، تاڭ سۇلالىسى ۋە بەش دەۋردىن تارتىپ پومېشچىكلارنىڭ قولىغا يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن يەر ئىگىدارلىقى ھوقۇقى ئۆزگەرمىدى. ئاقسۆڭەكلەر، تۆرىلەر، پومېشچىكلار، سودىگەرلەر مەملىكەت بويىچە تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ زور كۆپ قىسمىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى، يەنە كېلىپ باج تاپشۇرمايتتى، ھاشاغا تارتىلمايتتى، بۇ چوڭ پومېشچىكلار ئەمەلدارلار جەمەتى ياكى كۈچدارلار جەمەتى دەپ ئاتىلاتتى. بۇتخانا-ئىبادەتخانىلاردىكى راھىبلار ۋە داۋجياۋ مۇخلىسلىرىمۇ، ئوخشاشلا باج ۋە ھاشادىن خالى ئىدى، ئۇلار "بۇتخانا راھىبلىرى"، "داۋجياۋ مۇخلىسلىرى" دەپ ئاتىلاتتى. باج-سېلىق، ئاساسەن، يېرى ئانچە كۆپ بولمىغان دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە ئوتتۇراھال-كىچىك سودىگەرلەرگە ئارتىلاتتى.

**سودا-سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى** سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قەلەي، قوغۇشۇن كۆپلەپ قېزىلىدىغان بولدى، كۆمۈرمۇ يېقىلغۇ سۈپىتىدە ئومۇمىي يۈزلۈك

ئىشلىتىلدى ۋە تۆمۈر تاۋلاشقا كەك ئىشلىتىلدى. مەدەن قېزىش ۋە مېتاللېچىلىقنى باشقۇرىدىغان ئورگانلار ئىككى يۈزدىن ئاشتى. كېمسازلىق تېخنىكىسى زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى، تەپكۆچ- لۈك كېمە ھەربى ئىشلاردا ئىشلىتىلدى. كومپاس دېڭىز قاتنىشىدا ئىشلىتىلدى. مىلتىق دورىسى ئۇرۇشتا ئىشلىتىلدى. توقۇمىچى- لىق، قەغەزچىلىك، سىرلانغان ئەسۋاپلارنى ياساش ئىشلىرى، بولۇپمۇ سوي- تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا كەشىپ قىلىنغان مەتبەچىلىك ھۈنىرى ۋە جىن سۇلالىسى دەۋرىدىلا راۋاج تېپىپ قالغان فار- فورچىلىق ئىشلىرى تېخىمۇ تەرەققى قىلدى، مەھ- سۇلاتلار تېخىمۇ زىللاشتى. ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان مېتاللېچىلىق، توقۇمىچىلىق، قورال- ياراق دۇكانلىرىدا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلار نەچچە يۈزگە، نەچچە مىڭغا يەتتى.

بەش دەۋر، ئون بەگلىك دەۋرىدىن بېرى گۈللىنىشكە باش- لىغان شەھەرلەر تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى. بۇ سودا شەھەرلى- رىدە چاي، تۇز، گۈرۈچ ساتىدىغان سودىگەرلەردە، كۆپىنچە، 100 نەچچە مىڭ تىزىق ھەتتا نەچچە مىليون تىزىق يارماق ھىساۋىدىكى بايلىق بار ئىدى.

سۇڭ جېنزۇڭ (998~1022- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە قەغەز پۇل رولىنى ئوينايدىغان جياۋزى پۇلى تارقى- تىلدى، كېيىن خۇيزى ۋە پۇل تالۇنى تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، پېرىۋوت چېكى ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان گۇكجۇ ۋە گۇەنزى چىقىرىلدى، بۇ چەكلەرمۇ كېيىن قەغەز پۇل ئورنىدا

بازاردا ئاقتى.

**ۋاڭ ئەنشى (1019~1086 ـ يىللار)نىڭ قانۇن ئۆزگەر ـ تىشى ۋە بۇنىڭ مەغلۇپ بولۇشى** يەر قوشۇۋېلىش، باج ـ سې ـ لىق، ئالۋاڭ ـ ياساق ۋە جازانىخورلۇق يېزا ئىقتىسادىنى ۋەي ـ ران قىلىۋەردى، بولۇپمۇ سۇڭ جېنزۇڭ دەۋرىدىن باشلاپ كىدان ۋە غەربىي شياغا تاپشۇرۇلىدىغان كۆپلىگەن تارتۇقمۇ تامامەن دېخانلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىلدى. سۇڭ رېنزۇڭ دەۋرى ـ دە، خېبېي، شەندۇڭ رايونلىرىدا قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، ھەممىلا يەردە دېخانلار قوزغىلاڭلىرى كۆتىرىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىدانىنىڭ تەھدىدىمۇ كۈنسايىن ئېغىرلاش ـ تى. سۇڭ شېنزۇڭ دەۋرىگە كەلگەندە، سۇڭ سۇلالىسى ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ ئەنشىنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوبېكتىپ تەلەپ بولۇپ قالدى.

ۋاڭ ئەنشى جۇڭگو تارىخىدىكى مەشھۇر سىياسەتچى ئىدى، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ تۈگۈنىنى بىلىپ، قانۇن ئۆزگەرتىشنى قەتئىيلىك بىلەن تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ئۇنى كەسكىنلىك بىلەن ئەمەلگە قويدى. ۋاڭ ئەنشىنىڭ يېڭى قانۇنى ئەينى زاماندىكى ئۇششاق مۈلۈكدارلار ـــ دېخانلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە كىچىك پومىششىكلارنىڭ سىياسىي تەلىۋىگە ۋەكىللىك قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ سىياسىتىنىڭ زەربە بېرىش ئوبېكتى چوڭ پومىششىكلار ۋە چوڭ سودىگەرلەر

بولدى. مەسىلەن، ئۇ ئېلان قىلغان يەر ئۆلچەش ـ باج تەڭـ
شەش قانۇنىدا، ئىلگىرى باج ـ سېلىق تاپشۇرمايدىغان پومىشـ
شىكلارنى يېرىنىڭ مو سانىغا قاراپ باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا
مەجبۇر قىلىش مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭ بىر تۇتاش توشۇش
قانۇنىدا، باي ۋە چوڭ سودىگەرلەرگە ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىـ
لارنىڭ قىينچىلىغىدىن پايدىلىنىپ، ئەرزان باھادا يىغىۋېلىش،
قىممەت باھادا سېتىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەسلىك مەقسەت
قىلىنغان. ئۇنىڭ كۆك قانۇنىدا، پومىششىك ـ باي سودىگەرلەر ـ
نىڭ ئۇزۇكچىلىك ۋاقتىدا دىخانلارنى جازانىخورلۇق بىلەن
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى توساش، دىخانلارنى ھۆكۈمەتتىن
تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش
مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭ ھاشانى كەچۈرۈم قىلىش قانۇنىدا،
ئىلگىرى ھاشاغا تارتىلمايدىغان چوڭ پومىششىكلارنى ھاشاغا
تارتىلىش ھساۋىغا پۇل چىقىرىشقا مەجبۇر قىلىش مەقسەت
قىلىنغان. ئۇنىڭ سودا قانۇنىدا، مەككار سودىگەرلەرنىڭ مال
باھاسىنى مونوپولىيە قىلىۋېلىشنى توساش مەقسەت قىلىنغان.
بۇلاردىن باشقا، ئۇ يەنە باۋجىيا قانۇنى، باۋما قانۇنىنى ئېلان
قىلدى ھەمدە ئارمىيىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى، قورال ـ ياراق
ياساتقۇزدى، خۇاڭخېنىڭ شىمالىدا 36 سەنگۇن تۇرغۇزۇپ،
دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. ناھايىتى ئېنىقكى، ۋاڭ ئەنشى
قانۇن ئۆزگەرتىش يولى بىلەن چوڭ پومىششىك، چوڭ سودىـ
گەرلەرنى نىسبى ھالدا باستى، شۇنىڭ بىلەن كەسكىن سىنىپى

زىددىيەتنى پەسەيتىپ، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كىدان ۋە غەر-بىي شيانىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئويىدا بولدى.

يېڭى قانۇن، روشەنكى، چوڭ پومىشىك، چوڭ سودىگەر-لەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى، شۇڭا ئۇ سىما گۇاڭ (1019~1086-يىللار) قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى چوڭ پومىش-شىكلار سىنىپىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى. سۇڭ شېنزۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، يېڭى قانۇن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. كېيىن سۇڭ خۇيزۇڭ (1101~1125-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ئىشقا قويغان ۋەزىرلەرمۇ يېڭى قانۇننى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە كېيىنكى چاغلاردىكى ئاتالمىش يېڭى قانۇن يېڭى قانۇن نامى بىلەن دىخانلارنى تېخىمۇ بەك شىلى-ۋېلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنداق يېڭى قانۇن چوڭ پومىش-شىكلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەگمەي، ئۇلارغا خىزمەت قىلدى. قانۇن ئۆزگەرتىش ھەركىتى مەغلۇپ بولۇپ، سىنىپىي زىددىيەت تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كەتكەچكە، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ سۇڭ جياڭ، فاڭ لا (؟~1121-يىللار) قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان دىخانلار قوزغىلاڭلىرى پارتلىدى.

**شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى** سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 320 يىل ئىچىدە، شىمالدىكى زېمىندا قالاق مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى باشتىن-ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. دەسلەپتە كىدان، كېيىن جۇرجىن، ئاخىردا موڭغۇللار شۇنداق قىلدى.

سۇڭ تەيزۇ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئىچكى جەھەتتە مۇدا-
پىئەلىنىش، تاشقى جەھەتتە يول قويۇش سىياسىتىنى ئىزچىل
ئىجرا قىلدى، دۆلەت كۈچى ئىچكى جەھەتكە قارىتىلغان باستۇ-
رۇشتا تامامەن خوراپ كەتتى، دۆلەت سىرتتىن كەلگەن تاجا-
ۋۇزچىلىققا قارشىلىق كۆرسەتكۇدەك ھالى قالماي، تاجاۋۇز-
چىلارغا زېمىن بۆلۈپ بېرىپ، تارتۇق تاپشۇردى، ئۆزىگە ھاقا-
رەت كەلتۈرۈپ سۈلھى تەلەپ قىلدى.

1004 - يىلى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كىدان دۆلىتى بىلەن سۈل-
ھى تۈزۈشى سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان شەرمەندە-
چىلىكلەرنىڭ باشلانمىسى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، سۇڭ سۇلا-
لىسى ھەر يىلى كىدان دۆلىتىگە 10 تۈمەن سەر كۈمۈش، 20
تۈمەن توپ يىپەك تارتۇق تاپشۇرۇش بىلەن، دۆلەتكە ھاقارەت
كەلتۈرىدىغان ئېچىلىقنى ساقلاپ كەلدى.

كىداننىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى بىلەن تەڭ، چياڭلارنىڭ
بىر تارمىقى نىڭشيا، گەنسۇ، شىمالىي شەنشى رايونلىرىنى
بېسۋېلىپ، غەربىي شيا دۆلىتىنى قۇرۇپ (1038~1227 - يىللار)،
سۇڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي شىمالىي رايونلىرىدا دائىم پاراكەن-
دىچىلىك تۇغدۇرۇپ تۇردى. سۇڭ سۇلالىسى غەربىي شيا دۆلى-
تىگىمۇ كۈمۈش - يىپەك تارتۇق قىلىدىغان مۇرەسسە - مادارا چارى-
سىنى قوللاندى.

1115 - يىلى جۇرجىن مىللىتى شەرقىي شىمالدىكى خېيلۇڭ-
جياڭ دەرياسى ۋادىسىدا باش كۆتىرىپ چىقىپ، جىن سۇلالى-

سى ــ ئالتۇن خانلىق (1115~1234 ـ يىللار)نى قۇردى. سۇڭ سۇلالىسى جۇرجىنلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، كىدان دۆلىتىگە ئىككى ياقتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ، جۇرجىنلارنىڭ ياردىمىدە يەنجىڭنى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا بولدى. جۇرجىنلار كىداننى يوقاتتى، ئەمما يەنجىڭ جۇرجىنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.

جۇرجىنلار كىداندىنمۇ ۋەھشى، ياۋۇز ئىدى، ئۇ كىداننى يوقاتقاندىن كېيىن، جەنۇپقا قاراپ تاجاۋۇز قىلىپ مېڭىپ، سۇڭ سۇلالىسىنى بىر يوللا يوقاتماقچى بولدى. بۇ چاغدا سۇڭ خۇيزۇڭ باشچىلىغىدىكى سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ، بېشىدىن تاپىنىغىچە چىرىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ جۇرجىنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغۇدەك ھالى قالمىغان ئىدى. 1126 ـ يىلى جۇرجىنلار قوشۇنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كەيفېڭنى ئالدى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى پادىشاسى ــ سۇڭ خۇيزۇڭ، سۇڭ چىنزۇڭ ۋە نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر جۇرجىنلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىندى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى شۇنىڭ بىلەن يوقالدى.

**جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1127~1279 ـ يىللار)نىڭ قۇرۇلۇشى** شۇ يىلى، سۇڭ گاۋزۇڭ (1127~1162 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) باشچىلىغىدىكى مەمۇرى ۋە ھەربى ئەمەلدارلار چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇپقا ماڭدى. 1127 ـ يىلى، ئۇلار لىنئەن (ھازىرقى خاڭجۇ)دە يەنە ھاكىمىيەت قۇردى، بۇ تارىختا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دېيىلىدۇ.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئەمەلدىلا قۇرۇلغان مەزگىللەردە، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى دىخانلار جۇرجىنلارنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ھەم ئۇلارنىڭ بۇلاڭچىلىقى ۋە قىرغىنچىلىقىغا چىداپ تۇرالماي، ئارقا-ئارقىدىن قولىغا قورال ئېلىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى جەڭ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇڭ سۇلالىسى سەركەردىلىرى ئىچىدىن يۆ فېي (1103~1141-يىللار) غا ئوخشاش قەھرىمانلار چىقىپ، جۇرجىن تاجاۋۇزچىلىرىغا قاتتىق سوققا بەردى. بىراق ئۇ چاغدا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەسلىمچىلەرنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى، تەسلىمچىلەرنىڭ كاتتىۋېشى چىن خۈي خۇەيخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى زېمىننى ۋە غەربتە داسەنگۈەنگىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىننى جۇرجىنلارغا بېرىپ، بۇنىڭ ھېساۋىغا چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايوننىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئويىدا بولدى. ئۇلار دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى قوراللىق دىخانلارغا ياردەم بەرمەكتە يوق، ئەكسىچە يۆ فېينى ئۆلتۈرۈپ، ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنى چېكىندۈرۈپ كېلىپ، دۈشمەنگە ساداقەتمەنلىك بىلدۈردى.

جۇرجىنلار بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توختىتىپ قويمىدى. 1161-يىلى، جىن سۇلالىسى قوشۇنى ياڭزىجياڭ دەرياسى بويىغىچە بېسىپ كەلدى. جەنۇپتىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ بىرقانچە قېتىملىق قارشىلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئاخىر ئۆزىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى چىڭىتىۋالدى. شىماللىق تۆرىلەر،

پومىششىكلار ۋە سودىگەرلەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جەنۇپقا ھە دەپ قېچىپ كېلىۋېلىپ، شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا چىرىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋەردى، جەنۇپتىكى خەلقنىڭ ئۈستىگە ئېغىر ھاشا ۋە سېلىق چۈشتى.

سىياسى مەركەز جەنۇپقا يۆتكەلگەنلىكتىن، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لىنئەن تېز تەرەققى قىلىپ ئاھالىسى كۆپ شەھەرگە ئايلاندى. لىنئەندىن باشقا، بىرمۇنچە چوڭ شەھەر-بازارلارمۇ بارلىققا كەلدى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جيەڭنەن ئۆلكىسىدىلا 14 بازار، 20 نەچچە شەھەر بار ئىدى. تاشقى سودا پورتلىرىدىن گۇاڭجۇ، مىڭجۇ (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسى نىڭبو شەھىرى)، چۈەنجۇ (ھازىرقى فۇجيەن ئۆلكىسى جىنجياڭ شەھىرى) بار ئىدى. ھۆكۈمەت مۇشۇ پورتلاردا تاشقى سودا مەھكىمىسىنى قۇرۇپ، سودا ئىشلىرى ۋە باج ئىشلىرىنى باشقۇردى. چەتئەل سودىگەرلىرى كۆپ كېلەتتى، گۇاڭجۇدا چەتئەل سودىگەرلىرى تۇرىدىغان جاي بار ئىدى، بۇ "چەتئەللىكلەر كوچىسى" دېيىلەتتى. يۇقۇرىقى شەھەرلەردىن باشقا، چېڭدۇ، جياڭلىڭ، سۇجۇمۇ ئاۋات ئىچكى سودا شەھەرلىرى ئىدى. بۇ شەھەرلەردە تۈرلۈك ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى بار ئىدى. ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان ۋە خۇسۇسىلار باشقۇرىدىغان ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرى، بولۇپمۇ مىلتىق دورىسى، قورال-ياراق، كېمە-پاراخوت ياساش ۋە ماتا-شايە توقۇش تېخنىكىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەرەققى قىلىپ قالغان ئىدى.

گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى ۋە فۇجيەندە ياغاچپاختا ئۆستۈرۈلىدىغان بولدى ۋە ياغاچپاختا ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ھەم تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلاردا كېڭەيتىلگەنلىكتىن، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى قاتارىغا يەنە بىر خىل پاختا توقۇلما قوشۇلدى.

**جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى** ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى بۆھراندىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا موڭغۇللار تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 1206 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇل ئىگىزلىگىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئونون دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان موڭغۇللار ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق يولباشچىسى چىڭگىزخان (1155～1227 ـ يىللار) نىڭ قوماندانلىقىدا تېزلا باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان كۈچكە ئايلاندى. 1218 ـ يىلدىن 1253 ـ يىلغىچە بولغان 30 نەچچە يىل ئىچىدە، موڭغۇللار كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان تارىخىي جانلىق تىياتىرنى ئويناپ چىقتى، ئۇلار شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇندەك دۇنيانى سۈپۈرۈپ ئۆتتى. ئۇلار غەربىي رايونلاردىكى دۆلەتلەر ۋە غەربىي شيانى بوي سۇندۇردى ھەمدە يىراق غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ھەتتا روسىيىنى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەرنى يالماپ يۇتتى، شۇنداقلا 1234 ـ يىلى جۇرجىنلار خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا قۇرغان جىن سۇلالىسىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جەنۇبىي سۇڭ

سۇلالىسى هالاكەتكە يۈزلەندى.

1234 ـ يىلدىن كېيىنكى 46 يىل جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان مەزگىل بولدى. موڭغۇللار جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشتا، كەڭ دائىرىدە ئايلىنىپ يۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى قوللاندى، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە توغرىدىن ـ توغرا ھۇجۇم قىلىشتىن ئاۋال، ئۇلارنىڭ قوشۇنى چىڭخەي يايلىغىدىن ئۆتۈپ يۈننەن، شىزاڭنى ئالدى ۋە جەنۇپقا مېڭىپ ۋېيتنامغا كىردى، ئارقىدىنلا نۇرغۇن ئەسكەرىي كۈچ بىلەن سىچۈەننى ئالدى. 1276 ـ يىلى يۈەن شىزۇ (1260~1294 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ قوماندانلىقىدا، موڭغۇللار جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لىنئەننى ئالدى. خەنزۇ قەھرىمانلىرىدىن ۋېن تيەنشياڭ (1236~1282 ـ يىللار)، جاڭ شىجيې (؟~1279 ـ يىللار)، لۇ شيۇفۇ (1238~1279 ـ يىللار) قاتارلىقلار ئارمىيە ۋە خەلقنى يېتەكلەپ، ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، ئاخىر ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. 1279 ـ يىلى موڭغۇللار ئارمىيىسى گۇاڭدۇڭنى ئېلىپ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى بىر قوشۇننى يوقاتتى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن پۈتۈن جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

**مەتبە تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى** جۇڭگودا سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدىن بۇيانقى ئۇلۇغ كەشپىيات مەتبە تېخ-

نىكىسى بولدى. مەتبە تېخنىكىسى كەشپ قىلىنغاندىن كېيىن، مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى زور دەرىجىدە ئاسانلاشتى.

مەتبە تېخنىكىسى كەشپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، جۇڭگودا كىتاپلار قولدا يېزىپ چىقىرىلاتتى. 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئويما مەتبە بۇيۇملىرى بارلىققا كەلدى. تاڭ سۇلا ـ لىسىنىڭ شيەنتۇڭ (860~873 ـ يىللار) يىللىرىدا ئويۇپ بېسىل ـ غان بۇددا نوملىرى خېلىلا نەپىس دەرىجىگە يەتتى، خەلق ئارىسىدىمۇ ئويۇپ بېسىلغان كىتاپ ۋە كالىندارلار تارقالدى. بەش دەۋر زامانىغا كەلگەندە، ئويما مەتبەچىلىك زور دەرىجە ـ دە تەرەققى قىلدى، ئويما مەتبە كۆلىمىمۇ كېڭەيدى. 932 ـ يىلى كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 9 دەستۇرنى ئويما مەتبەدە باستۇرغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، سىچۇەندە ۋە چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا، بولۇپمۇ سىچۇەندە نۇرغۇن كىتاپلار ئويما مەتبە بىلەن چىقىرىلدى. 981 ـ يىلى «بۇددا نوملىرى غەزنىسى»نىڭ 5048 جىلتلىق ئويما نۇسخىسى چىقى ـ رىلدى. باسما تېخنىكىسى سۇڭ رېنزۇڭ (1023~1063 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندە ناھايىتى نەپىس دەرىجىگە يەتتى. بۇ دەۋر ـ دە بى شېڭ سېغىز لايدا مىخ مەتبە ياساش ئۇسۇلىنى كەشپ قىل ـ دى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، نۇرغۇن چوڭ كىتاپلار، مەسىلەن، «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرىدىكى ۋەقەلەر»، «ئەدەبىيات بېغىدىكى جەۋھەرلەر»، «ئىبرەتلىك كىتاپلار» دىگەنگە ئوخشاش ھەر بىرى مىڭ جىلتلىق كىتاپلارنىڭ باسما نۇسخىسى مەيدانغا

كەلدى. ئۇيما مەتبە كىتاپلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، كىتاپنىڭ تۈپلىنىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگەرتىلدى — قولدا كۆچۈرۈلىدىغان يۆگىمە نۇسخا ئورنىغا يىپ بىلەن تۈپلىنىدىغان چاسا نۇسخىلار دەسسىدى.

مەتبە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن، نەشر قىلىنىدىغان كىتاپلار كۈنسايىن كۆپەيدى، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ساقلىغان كىتاپلار 70 مىڭ جىلدتىن ئاشتى، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا بەزى كىتاپ ساقلىغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ساقلىغان كىتاپلىرىنىڭ سانى 100 مىڭ جىلدتىن ئاشتى.

كىتاپلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، ئىلىم-پەنمۇ راۋاج تاپتى. تەبىئىي پەن جەھەتتە، سۇڭ خۇيزۇڭنىڭ داگۇەن يىللىرى تۈزۈلگەن «ئۆسۈملۈك دورىلىرى»دا 893 تۈرلۈك دورا خاتىرىلەنگەن، ھەر بىر دورىنىڭ خۇسۇسىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، سۇڭ خۇيزۇڭ دەۋرىدە لى جيې تۈزگەن «بىناكارلىق قائىدىلىرى ۋە ئىمارەت پوسۇنلىرى»دا تۈرلۈك ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ پوسۇنى ۋە كېتىدىغان ماتېرىياللارنىڭ رەڭگى تەپسىلى خاتىرىلەنگەن، ئۇ تاڭ دەۋرىدىن بۇيانقى بىناكارلىق تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ھېساپلىنىدۇ. سۇڭ رېنزۇڭ دەۋرىدە تۈزۈلگەن «قورال-ياراق دەستۇرى»دا مىلتىق دورىسى ئىشلەش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان. ئىجتىمائىي تەلىمات جەھەتتە تىلغا ئېلىشقا ھەممىدىن بەك ئەرزىيدىغىنى شۇ بولدى-

كى، كۇڭزىچىلار پەلسەپسى بويىچە ئەقىدىچىلىك دەپ ئاتىلى-
دىغان يېڭى ئېقىم كېلىپ چىقتى. ئەقىدىچىلىك بۇددا پەلسەپە-
سى، بولۇپمۇ بۇددا دىنىدىكى بۇدىدااما ئېقىمىنىڭ كۇڭزىچىلار
پەلسەپسىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، شۇڭا
ئاتالمىش ئەقىدىچىلىك كۇڭزىچىلار پەلسەپسىنى تېخىمۇ
مېتافىزىكىلاشتۇردى. چېڭ يى (1033~1107 - يىللار)، جۇ
شى (1130~1200 - يىللار) قاتارلىقلار ئەقىدىچىلىكنىڭ پىرى
ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، تارىخشۇناسلىقمۇ تەرەققى قىلغان ئىدى،
سىما گۇاڭنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، جېڭ
چياۋ (1104~1162 - يىللار)نىڭ «ئومۇمى تەزكىرىلەر» ۋە يۈەن
شۇ (1131~1205 - يىللار)نىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆر-
نەكلىرىگە دائىر ئومۇمى خاتىرىلەر»، شۇنداقلا ئۇياڭ شيۇ
(1007~1072 - يىللار)نىڭ «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى»
قاتارلىقلار داڭلىق تارىخىي ئەسەرلەر ھېساپلىنىدۇ. ئەدەبىياتمۇ
تەرەققى قىلغان ئىدى. سۇڭ دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي
ئېقىمى نەزمە ئىدى، نەزمە شېئىرنىڭ ئازات قىلىنغانلىقى
بولۇپ، ئۇمۇ قاپىيە چەكلىمىسىگە ئۇچرىغىنى بىلەن، مىسرالى-
رى ئۇزۇن - قىسقا بولىۋېرەتتى، ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى تېخىمۇ
ئوبدان ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇڭ
سۇلالىلىرى دەۋرىدە نەزمە يازغۇچىلىرى جىق ئىدى، بۇلارنىڭ
ئىچىدە شىن چىجى (1140~1207 - يىللار) ۋە ئايال شائىر لى
چىڭجاۋ (1081~؟ - يىللار) ھەممىدىن مەشھۇرلىرى ھېساپلىنىدۇ.

**يۇەن سۇلالىسى (1271~1368 - يىللار)نىڭ قۇرۇلۇشى**

مىلادى 1271 - يىلى يۇەن شىزۇ قۇبىلاي يۇەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، 1279 - يىلى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 89 يىل ئىچىدە، خەنزۇ خەلقى ۋە باشقا مىللەتلەر خەلقى موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا قوش زۇلۇم — ئىرقىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم چەكتى.

يۇەن سۇلالىسى ئادەملەرنى تۆت دەرىجىگە ئايرىدى، موڭغۇللار ئەڭ قەدىرلىك، غەلبە ئىسىملىكلەر (غەربىي رايونلۇقلار ۋە باشقىلار) ئۇنىڭدىن تۆۋەن، خەنزۇلار بۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن، جەنۇبلۇقلار (جەنۇبلۇق خەنزۇلار) ھەممىدىن پەس ھېساپلاندى. دۆلەتنىڭ ئارمىيىسىگە خەنزۇ (جۈملىدىن جەنۇبلۇقلار) نىڭ قوماندانلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى، ئالىي مەمۇرى ئەمەلدارلىققا خەنزۇلاردىن ئاندا - ساندا قويۇلاتتى، يەرلىك مەمۇرى ئەمەلدارلىققا خەنزۇلاردىن قويۇلاتتى، ئەمما موڭغۇل ياكى غەلبە ئىسىملىكلەردىن بىرى ھەممىنى چاڭگىلىدا تۇتاتتى. خەنزۇلارنىڭ قورال - ياراق ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى.

قۇبىلاي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىر مەزگىل ئىچىدە، شىمالنىڭ يېزا ئىقتىسادى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاج تاپتى؛ ئەمما ئومۇمى جەھەتتىن قارىغاندا، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، ئىجتىمائى ئىگىلىك تەرەققىياتى يەنىلا توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

يەرنىڭ تارتىۋېلىنىشىدىن ئېيتقاندا، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەر -

نىڭ جايلاردا يەرنى تارتىۋېلىش قىلمىشلىرى جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان. بولۇپمۇ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا، بىرمۇنچە جامائەت يەرلىرى ئوتلاقىقا ئايلاندۇرۇلدى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئەھۋال ياخشىراق بولدى. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بولسا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيانقى كونا ھالەت تولۇق ساقلىنىپ قالدى.

تارىخىي كىتابلاردا يېزىلىشىچە، يۈەن سۇلالىسى كىدان ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن مۇسادىرە قىلىۋالغان ھۆكۈمەت يېرى ۋە جامائەت يېرىنى پۈتۈنلەيلا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرگە ئۆلەشتۈرۈپ بەرگەن، يەنى ئۇلار ئاز بولغاندا 20 چىڭ، 30 چىڭ، كۆپ بولغاندا 500 چىڭ، 5 مىڭ چىڭ يەرگە ئىگە بولغان. بۇنىڭدىن باشقا، جايلاردا دىخانلارنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرىنى تارتىۋېلىپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ھەربىلەرنىڭ تېرىشىغا ئاجرىتىپ بەرگەن ياكى ئىبادەتخانىغا ئىلتىپات قىلغان. يۈەن ۋۇزۇڭ (1308~1311-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە، ھەربىلەر تۇرۇشلۇق جاي 2 يۈزدىن ئېشىپ كەتكەن، ئۇلار تېرىغان يەر 172 مىڭ چىڭدىن ئاشقان. بۇتخانىلارغا ئىلتىپات قىلىنغان يەرنىڭ كۆپلۈگى ئادەمنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ. يۈەن شۇندى (1333~1368-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) داچېڭتيەن ئىبادەتخانىسىغا بىر قېتىمدىلا 162 مىڭ چىڭدىن كۆپ يەرنى ئىلتىپات قىلغان. بۇلاردىن باشقا، بەگ-خوجىلار، ئەمەلدار-تۆرىلەر ۋە راھىپ-موناخلارمۇ دىخانلارنىڭ يەرلىرىنى مەيلىچە

تارتىۋېلىپ، ئىجارىكەشلەرگە تېرىتقۇزدى. چاگجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمىدىكى رايونلاردا خەنزۇ پومىششىكلارمۇ ھە دەپ يەر قوشۇۋېلىش بىلەن بولدى. بەزى جايلاردا، پومىششىكلار ئىگىلىۋالغان يەرلەر ئومۇمى تېرىلغۇ يەركۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بەش قىسمىغا يەتتى، ئەڭ چوڭ پومىششىك ھەر يىلى 2 ـ 3 يۈز مىڭ دادەن ئىجارە ئالدى، بىر مىڭ ھەتتا ئون مىڭ ئائىلىلىك دېخاننى ئىشقا سالدى.

موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى يەر تارتىۋېلىش بىلەن بىرگە، دېخانلارنىڭ ئاتلىرىنى تارتىۋېلىپ، ھەربى كۈچىنى كۈچەيتتى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە دېخانلارنىڭ قولىدىن كەتكەن ئات 700 مىڭغا يەتتى. شىمال دېخانلىرى ئاتنى ھارۋىغا قېتىپلا قالماستىن، قوشقىمۇ قاتىدۇ، ئاتلارنىڭ تارتىۋېلىنىشى ئارقىسىدا، دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا زور دەرىجىدە زىيان يەتتى. ھارۋا ۋە كېمىمۇ كۆپلەپ ئالۋاڭغا تارتىلغانلىقتىن، يېزا نەقلىياتىدىمۇ قىيىنچىلىق تۇغۇلدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى شىمال دېخانلىرىنىڭ تولىسى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يانچىلىرىغا ئايلىنىپ قېلىپ، ھەقسىز ھالدا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرىنى تېرىدى ياكى كالا ـ قويلىرىنى باقتى. جەنۇپتىكى دېخانلارنىڭمۇ تەڭدىن تولىسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى چوڭ پومىششىكلارنىڭ ئىجارىكەشلىرىگە ئايلىنىپ قالدى، ئۇلار باج ـ سېلىقتىن نەچچە ھەسسە كۆپ يەر ئىجارىسى تۆلەش ھېساۋىغا چوڭ پومىششىكلاردىن يەر

تېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئىجارىكەشلەر ھەرقانداق ھاشاغا
تارتىلىپلا قالماستىن، بەلكى بەزى جايلاردىكى پومىششىكلار
تېخى ئۇلارنى كۆرۈكمۇ قوياتتى.

يېرى بار دېخانلار يەر بېجى ۋە نوپۇس بېجى تاپشۇراتتى.
يەر بېجى ئۈچۈن مو بېشىغا 3 شىڭ تېرىق، نوپۇس بېجى
ئۈچۈن ئادەم بېشىغا 3 دادەن تېرىق تاپشۇرۇلاتتى؛ چاڭجياڭ
دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا گۈرۈچ ۋە پۇل ئارىلاش تاپشۇرۇلاتتى
يەنى ئۈچتىن بىرىگە گۈرۈچ، ئۈچتىن ئىككىسىگە پۇل تاپشۇرۇ-
لاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ھاشاغىمۇ تارتىلاتتى. ھاشا ئورنىغا
يىپەك ۋە كۇمۇش تاپشۇرۇلىسىمۇ بولاتتى. ئېغىر باج-سېلىق ۋە
ھاشا-ئالۋاڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق
قىلىدىغان نۇرغۇن دېخانلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى موڭغۇل
ئاقسۆڭەكلەرگە تەقدىم قىلىپ پانا ئىزدىدى.

**يۈەن سۇلالىسىنىڭ سودا-سانائىتى** يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدە ئاقسۆڭەكلەرنى ئىستىمال بۇيۇملىرى بىلەن تەمىن
ئېتىدىغان قول سانائىتى بەك تەرەققى تاپقان، بولۇپمۇ ھۆكۈ-
مەت باشقۇرىدىغان قول سانائەت كەسىپلىرى ئىنچىكە ئايرىلغان
ئىدى، زەرگەرلىك، مىسچىلىق، تۆمۈر تاۋلاش، بامبۇك بۇيۇمـ-
لىرى ئىشلەش، ياغاچچىلىق، قاشتېشى بۇيۇملىرى ياساش،
تاشچىلىق، كاھىشچىلىق، خىشچىلىق، كۆنچىلىك، قورال-ياراق
ياساش ۋە باشقىلار بويىچە مەخسۇس دۇكانلار بار ئىدى.
تۆمۈر تاۋلاش دۇكانلىرى يىرىك تاۋلاش دۇكىنى ۋە سىپتا

تاۋلاش دۇكىنى دەپ ئايرىلاتتى؛ كۆنچىلىك دۇكانلىرى تېرە ئاشلاش دۇكىنى، خۇرۇم دۇكىنى، چىگرىن دۇكىنى دەپ ئاي-رىلاتتى؛ قورال - ياراق دۇكانلىرى يا دۇكىنى، كىرىچ دۇكىنى، ئوق دۇكىنى، دۇبۇلغا دۇكىنى، ئېگەر - توقۇم دۇكىنى ۋە باشقىلارغا ئايرىلاتتى. شەھەر قول سانائىتىمۇ بەك تەرەققىي قىلغان ئىدى، «مارك پولونىڭ ساياھىتى»دە يېزىلىشىچە، شۇ چاغدىكى خانبالىق شەھىرىدە كۆلىمى خېلىلا چوڭ بولغان، خەلق باشقۇرىدىغان نۇرغۇن دۇكانلار بار ئىكەن. ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان قول سانائەت دۇكانلىرىدا ياكى ھەربىي قورال ياراق دۇكانلىرىدا ئىشلەيدىغان قول سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى قۇل ئىشچىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار ھۆكۈمەتتىن ئۆزىنىلا باقالايدىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئېلىپ تۇرغان، ئەمما دۇكانلارغا ئۇزاققىچە سولىنىپ ئەمگەككە سېلىنغان. بۇن-داق قول سانائەت ئىشچىلىرى ھۈنەرۋەن دەپ ئاتىلاتتى.

يۈەن سىزۇ دەۋرىدە، ئاۋال ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسى دائىرىسىدە خۇيتۇڭخې دەپ ئاتىلىدىغان قانال ئېچىلدى، گو شۇجىڭ (1231~1316 - يىللار) تۇڭجۇ بىلەن بېيجىڭنى تۇتاش-تۇرىدىغان تۇڭخۇيخې قانىلىنى چاپقۇزۇپ، پايتەخت بىلەن جەنۇپتىكى ئەڭ ئاۋات شەھەر — خاڭجۇنى چوڭ قانال ئارقىلىق تۇتاشتۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن جەنۇپ بىلەن شىمال ئوت-تۇرىسىدىكى قاتناش تېخىمۇ قولايلىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چاڭجياڭدىن باشلىنىپ، شەندۇڭ يېرىم ئارىلىنى ئايلىنىپ

ئۆتۈپ بەيخې دەرياسى ئېغىزىغا بارىدىغان دېڭىز يولىمۇ ئېچىلدى. قەغەز پۇل كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە كۆپ تارقىتىلدى. گۇاڭجۇ، چۇەنجۇ، چىڭيۇەن (ھازىرقى جېجياڭ ئۆلكىسى نىڭبو شەھىرى)، شاڭخەي، گەنپۇ، ۋېنجۇ، خاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەر دېڭىز-ئوكيان سودا شەھەرلىرى ئىدى. قۇرۇقلۇق جەھەتتە ئات پوچتىسى بېكەتلىرى بار ئىدى. نۇرغۇن غەرپلىكلەر جۇڭگوغا كېلىپ غەرپنىڭ تاۋارلىرى ۋە مەدەنىيىتىنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىنىمۇ غەرپكە تونۇشتۇردى، مەسىلەن، مارك پولو قاتارلىقلار جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى تەرغىپ قىلىپ، غەرپلىكلەرنى جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىگە تەلپۈندۈردى.

**يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە دىن** يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە زاجۇ تىياتىرى (ئەلنەغمىنىڭ بىر تۈرى) ھەممىدىن بەك تەرەققى قىلدى. يۇەن سۇلالىسى زاتلىرى قالدۇرغان خاتىرىلەرگە قارىغاندا، زاجۇ تىياتىرى يازغۇچىلىرىدىن گۇەن خەنچىڭ، ۋاڭ شىپۇ، ما جىيۇەن قاتارلىق يۈز نەچچە كىشى بار ئىكەن، بۇلارنىڭ بەزىلىرى موڭغۇل ئىكەن. زاجۇ تىياتىرىدىن قالسا، رومانچىلىقمۇ راۋاج تاپتى، يۇەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۆتكەن شى نەيئەننىڭ «سۇ بويىدا» ناملىق رومانى ھەممىدىن داڭلىق ئەسەردۇر.

موڭغۇللار ۋە غەلىتە ئىسىملىكلەر خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەدەبىيات جەھەتتە ئوبدان مۇۋەپپەقىيەت

قازاندى. موڭغۇللار دىنغا قارىتا كەڭ سىياسەت قوللاندى، ئۇلار بۇددا دىنىغا قاتتىق ئېتىقات قىلىدىغان، لامالارغا چوقۇنىدىغان بولسىمۇ، ئىسلام دىنى ۋە خرىستىيان دىنىنىڭ تارقىلىشىغىمۇ يول قويدى، داۋجياۋ دىنىغا ئاندا ـ ساندا دۈشمەنلىك بىلەن قارىدى.

**دىخانلار چوڭ قوزغىلاڭلىرىنىڭ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جۇڭگودىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى**

يۈەن سۇلالىسى يۈەن شىزۇ زامانىدا تازا روناق تاپتى. يۈەن شىزۇ ئۆلگەندىن كېيىن كۈنسايىن زەئىپلەشتى. خانىنىڭ باللىرى پادىشالىقنى تالىشىش يولىدا پات ـ پاتلا سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ تۇردى. 1307 ـ يىلدىن 1333 ـ يىلغىچە 8 پادىشا يەڭگۈشلەندى، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بەگ ـ خوجىلار، ئەمەلدارلار، مۇشتۇمزورلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى شۇنىڭدەك سىياسى ئەسلىھەلەرنىڭ كېرەكتىن چىقىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان قۇرغاقچىلىق ـ قەھەتچىلىك بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. خەنزۇ خەلقى كۈن كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن يۈەن شۇندى دەۋرىگە كەلگەندە دىخانلار چوڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى.

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ھالاك بولغان كۈندىن تارتىپلا، خەنزۇ دىخانلار يۈەن سۇلالىسىگە قارشى قوراللىق كۈرەشنى زادىلا توختاتمىدى. شىمالدىكى دىخانلار بەيلىيەنجياۋ دىنىنىڭ

نىقاۋى ئاستىدا، سان ـ ساناقسىز قوزغىلاڭلارنى كۆتەردى؛ بولۇپمۇ جەنۇپتىكى دېھقانلار تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ قوزغىلاڭ كۆتەردى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ:"چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ئەل قىلىنىغاندىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە قاراقچىلار ئىككى يۈز قېتىمدىن ئارتۇق توپىلاڭ كۆتەردى." يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: "چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى يالاڭتۆشلەر 400 قېتىمدىن ئارتۇق توپىلاڭ كۆتەردى." بۇ دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما 1351 ـ يىلىغا كەلگەندە دېھقانلار ئىنقىلاۋى يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتىرىلدى.

1351 ـ يىلىدىن باشلاپ، ليۇ فۇتۇڭ (؟~1363 ـ يىللار)، شۇ شۇخۇي (؟~1360 ـ يىللار)، گو زىشىڭ (؟~1355 ـ يىللار) ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتەردى، چېن يۇلياڭ (1320~1363 ـ يىللار)، جاڭ شىچېڭ (1321~1367 ـ يىللار) قاتارلىقلار ئۇلارغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كۆتەردى. خۇاڭخې، خۇەيخې، چاڭجياڭ دەريالىرى ۋادىلىرىدىن ئىبارەت كەڭ رايونلار پۈتۈنلەي دېھقانلار ئۇرۇشى بولغان رايونلارغا ئايلاندى. قوزغىلاڭچى دېھقانلار قوشۇنى موڭغۇل ھۆكۈمرانلارغىلا قارشى تۇرۇپ قالماي، موڭغۇل ھۆكۈمرانلارنىڭ يالاقچىلىرى بولغان خەنزۇ فېئودال پومېششىكلارغىمۇ قارشى تۇردى. دېھقانلار ئۇرۇشى 20 يىلچە داۋام قىلدى، ئۇرۇش تەرەققى قىلىشىۋېرىپ كۈچلۈكلەر بۆلۈنمە بولۇۋالغان ھالەت كېلىپ چىقتى. ئاخىردا

گوزىشگىنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە جۇ يۈەنـجاڭ (1328~1398 ـ يىللار) يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىتچىت قىلىپ، ھەننۇا بۆلۈنمىچىلەرنى يوقىتىپ، مىڭ سۇلالىسىنى قۇردى.

## 4. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى (14 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە)

مىڭ سۇلالىسى (1368~1644 ـ يىللار) 1368 ـ يىلى مىڭ تەيزۇ جۇ يۈەنجاڭ نەنجىڭنى پايتەخت قىلىپ مىڭ سۇلالىسىنى قۇردى ھەمدە قوشۇن ئەۋەتىپ يۈەن شۇندى ۋە بىر ئوچۇم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنى بېيجىڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋەھشى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. جۇڭگو تارىخىدا قۇدرەتلىك بىر سۇلالە يەنە مەيدانغا كەلدى.

مىڭ تەيزۇ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنى قوغلاپ چىقارغان ۋە بۆلۈنمىچىلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاسىيلىق قىلىشى مۇمكىن دەپ قارىغان سەركەردىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قىرىپ تاشلاپ، ھوقۇقنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھوقۇق مەركەزگە چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە توپلانغان مۇستەبىتلىك سىياسىنى يۈرگۈزدى. ئۇ ھەربى ئىشلار بىلەن سىياسى ئىشلارنى ئايرىۋەتتى، ئوردا مەمۇرى ئىشلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 6 ۋەزىر مەسئۇل بولدى، خان ھەربى ـ مەمۇرى ھوقۇقلارنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتتى.

مىڭ تەيزۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ 4 ـ ئوغلى جۇدى (1403~1424 ـ يىللار) مىڭ تەيزۇنىڭ نەۋرىسى جيەن ۋېندىنىڭ خانلىق ئورنىنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى مىڭ چېڭزۇ دەپ ئاتاپ، پايتەختنى بېيجىڭغا كۆچۈردى. مىڭ چېڭزۇ، مىڭ شۈەنزۇڭ دەۋرلىرىدە مىڭ سۇلالىسى تازا گۈللەندى. ساراي خوجىسى جېڭ خې كېمە كارۋىنىنى باشلاپ جەنۇبىي دېڭىز رايونى ۋە ھىندى ئوكيانىغا 7 قېتىم باردى ھەمدە ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىچە بېرىپ، شۇ جايلاردىكى ئاھالە بىلەن ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ياخشى مۇناسىۋەت ئورناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ مۇھاجىرلار جەنۇبىي دېڭىز رايونى ئەللىرىگە بېرىپ، شۇ جايدىكى ئاھالە بىلەن بىللە، جەنۇبىي دېڭىز رايونى ئەللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى.

مىڭ سۇلالىسى دەسلەپكى 50 يىل ئىچىدە، موڭغۇل ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قايتا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، بىرقانچە قېتىم قوشۇن ئەۋەتىپ موڭغۇللارغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسىدا ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. 1449 ـ يىلى، مىڭ يىڭزۇڭ ئۆزى لەشكەر تارتىپ چىقىپ ئويراتلار (غەربىي موڭغۇللار)غا ھۇجۇم قىلىپمۇ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشتى. بۇ تارىختا "تۇمۇپۇ ۋەقەسى"① دەپ

① مىڭزۇڭ خان ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىدىكى تۇمۇپۇ دىگەن يەردە ئەسىرگە چۈشكەن. — تەرجىماندىن.

ئاتىلىدۇ. مىڭ سۇلالىسى بىلەن موڭغۇللار ئۇزاقىچە قارشىلى-شىپ تۇردى. شەرقىي شىمال تەرەپتە، مىڭ سۇلالىسى دەسلەپكى يىللىرىدا دۇسى، ۋېيسو مەھكىمىلىرى دېگەنگە ئوخشاش بىر-قانچە مەمۇرى ئورگانلار، مەسىلەن، نۇرگەن دۇسى مەھكىمىسى (ھازىرقى خېيلۇڭجياڭ دەرياسى ئېغىزىدىكى مياۋجيې رايونىدا)، جيەنجۇ ۋېيسو مەھكىمىسى (ھازىرقى جىلىن ئۆلكىسى دائىرى-سىدە) قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، چېگرا رايونىدىكى مىللەتلەرگە بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

**يەرنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشى ۋە بىر خىللاشتۇرۇش ئۇسۇلى** مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا دېخانلار موڭغۇللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات بولغانلىقى، شۇنىڭدەك مىڭ تەيزۇ ئىجتىمائى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ۋە راۋاج-لاندۇرۇشقا پايدىلىق بولغان تۈرلۈك سىياسەتلەر، مەسىلەن، بوز يەر ئېچىشقا ئىلھام بېرىش، سۇ قۇرۇلۇشى قىلىش، كېۋەز تېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىجارىنى كەچۈرۈم قىلىش-باجنى ئازايتىش ۋە ئۇرۇقلۇق تارقىتىپ بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، شەندۇڭ، خېبېي، خېنەن ئۆلكىلىرىدىكى ۋە خۇەيخې دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن تېرىق-سىز قالغان يەرلەرگە يېڭىۋاشتىن ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، پادىشامۇ، ئاقسۆڭەكلەر، تۆرىلەرمۇ يەر قوشۇۋېلىشقا قىزىقىپ كەتتى. تارىخىي كىتاپلاردا خاتىرى-لىنىشىچە، مىڭ سۇلالىسى خانلىرىنىڭ قورۇقلىرىنىڭ يەر مەي-

دانى بارا ـ بارا كېڭىيىپ 37 مىڭ چىڭدىن ئاشقان. تۆھپىكار ـ لارنىڭ، ھەرەم ئاغىلىرىنىڭ قورۇقلىرى 332 گە يېتىپ، يەر مەيدانى 33 مىڭ چىڭدىن ئاشقان. شېنزۇڭ خان دەۋرىدە، فۇۋاڭ (شېنزۇڭ خاننىڭ ئوغلى، لوياڭ بەگلىگىنىڭ بېگى)نىڭ قورۇق يېرىنىڭ مەيدانى 20 مىڭ چىڭغا، لۇۋاڭ (لۇئەن ۋىلايە ـ تىنىڭ شاقاۋۇلى)نىڭ 40 مىڭ چىڭغا يەتكەن. بەگلەر، ۋەزىر ـ لەرنىڭ قورۇق يېرى، ئومۇمەن، 100 چىڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنە مەيلىچە قوشۇۋېلىش ياكى ئىلتىپات ئېلىش ۋە زورلۇق ئىشلىتىش يولى بىلەن يەر ـ زېمىننى كېڭەيتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئادەتتىكى پومېششىكلارمۇ ھە دەپ يەر قوشۇ ـ ۋالاتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۆتكەن ئالىم گۇ يەنۋۇ (1613~1682 ـ يىللار) مۇنداق دىگەن: "ۋۇ بەگلىكى زېمىندىكى پۇقرالارنىڭ ئوندىن بىرىنىڭ يېرى بار، ئوندىن توققۇزىنىڭ يېرى يوق." بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ـ كى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە يەرنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشى يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەرلەر ھۆكۈمەت يېرى ۋە پۇق ـ رالار يېرى دەپ ئايرىلاتتى، ھۆكۈمەت يېرى تەخمىنەن مەملىكەت بويىچە تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى ئىگىلەيتتى، سۇجۇ، سۇڭجياڭ رايونلىرىدا ھۆكۈمەت يېرى ھەممىدىن كۆپ ئىدى، پۇقرالار يېرىدىن 15 ھەسسە كۆپ ئىدى. مىڭ سۇلالىسى زامانىدا باج ئومۇمەن مۇنداق ئېلىناتتى:

ھۆكۈمەت يېرىدىن مو بېشىغا 5 شىڭ 3 ئوچۇم، يۇقىرالار يېرىدىن مو بېشىغا 3 شىڭ 3 ئوچۇم. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرى ئىجارىلىق يەرلەر، ئەمەلدارلاردىن مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەردىن تېخىمۇ ئېغىر باج ئېلىناتتى. ئايرىم جايلاردا مو بېشىغا 4 كۈرە ياكى بىر دادەندىن ئارتۇق باج ئېلىناتتى.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەر بېجى ياز ۋە كۈز پەسلىدە تاپشۇرۇلاتتى، گۈرۈچ-بۇغداي تاپشۇرۇلىسىمۇ بولاتتى، باشقا دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ياكى كۈمۈش تەڭگە، يىپەك تاپشۇرۇلىسىمۇ بولاتتى. شېنزۇڭ خان زامانىدا، ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا باجنى بىر خىللاشتۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، باج-ھاشا ۋە تۈرلۈك سېلىقلار بىر تۇتاش ھالدا يەرگە ۋە نوپۇسقا قاراپ ھېساپلىنىپ كۈمۈش ئېلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ باج ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان كۈمۈش ۋە ھاشا ئورنىغا تاپشۇرۇلىدىغان كۈمۈشنىڭ سالمىغى دۆلەتنىڭ باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ھاشا تۈزۈمىدە زور دەرىجىدە ئاشتى.

**ئىشخانا قول سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى، شەھەر ئىگىلىگىنىڭ گۈللىنىشى، ياۋروپالىقلارنىڭ جۇڭگوغا كېلىشى**

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قول سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئالدىنقى ھەرقانداق بىر سۇلالە دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن قول سانائەت ئىشچىلىرىنىڭ قۇللارغا ئوخشاپ قالىدىغان ئۇستىكارلىق ئورنىدىن ئازات بولغانلىقى، ئۇنىڭدىن قالسا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي رايونلاردىن بىرمۇنچە قول

سى جۇڭگوغا كەلدى، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى دېڭىز قاتنىشى شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسپانىيىلىكلەر 1557 ـ يىلى، گوللاندىيىلىكلەر 1606 ـ يىلى، ئەنگلىيىلىكلەر 1637 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگوغا كەلدى.

سودىگەرلەرگە سوغدىشىپ، كاتولىك دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرىمۇ جۇڭگوغا كەلدى. 1581 ـ يىلى ئىيېزۇئىتلاردىن ئىتالىيىلىك ماتتېئو (1552~1610 ـ يىللار) گۇاڭدۇڭغا كېلىپ دىن تارقاتتى، 1601 ـ يىلى بېيجىڭغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كاتولىك دىنىنى تارقاتقۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن كەلدى.

**دېخانلار ئۇرۇشى ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى**

مىڭ سۇلالىسىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى 60 يىلچە داۋام قىلدى، كېيىن ئۇ كۈنسايىن زەئىپلەشتى. مىڭ شىزۇڭ خاندىن كېيىنكى بىر ئەسىر (1521~1627 ـ يىللار) داۋامىدا مىڭ سۇلالىسى كەسكىن ھالدا يىمىرىلىشكە يۈز تۇتتى. بۇ دەۋردە، شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىغا ياپون قاراقچىلىرى تاجاۋۇز قىلدى، غەربىي شىمال رايونىدا تاتارلار (موڭغۇللار) داۋاملىق پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇردى. 1616 ـ يىلىدىن كېيىن مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى كېيىنكى جىن خانلىقىنى قۇردى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي شىمال رايونى يەنە ئېغىر تەھدىت ئاستىدا قالدى. ھەرەم ئاغىلىرى مەركىزىي ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىگە يات كۈچلەرنى چەتكە قاقتى، بۇ ھال

دۆڭلىن گورۇھىدىكىلەرنىڭ ھەرەم ئاغىلىرىغا قارشى كورىشىگە سەۋەپ بولدى ـ دە، ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سىياسى جەھەتتە زۇلمەت ھۆكۈم سۈردى، ئەمەلدارلار خىيانەت قىلدى، ئالۋاڭ ـ سېلىق ئېغىرلىشىپ كەتتى، پۇقرالارنىڭ كۈنى تەس بولدى، بولۇپمۇ لياۋدۇڭ (ھازىرقى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كۆپ قىسمى) مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش بانىسى بىلەن ئارتىلغان سېلىق خەلققە ئىنتايىن ئېغىر يۈك بولدى. 1628 ـ يىلىغا كەلگەندە دېخانلار چوڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى.

دېخانلار قوزغىلىڭى دەسلەپتە شىمالىي شەنشىدە پارتلىدى، شىمالىي شەنشى قەھەتچىلىك ئەڭ ئېغىر بولغان جاي بولۇپ، ئۇ يەردىكى ھەننىۋا دېخانلار ۋە چېگرا مۇداپىئە قىسمىنىڭ ئەسكەرلىرى شۇنىڭدەك ئىشسىز قالغان ئات پوشتىكەشلىرى ئاچارچىلىقتا قالغان ئىدى. يەنئەندە ۋە سۈيدېدا تورۇۋاتقان قوشۇن ئاشلىق يېتىشمىگەنلىكتىن ئىسيان كۆتەردى، كېيىن دېخانلار بىلەن بىرلىشىپ چوڭ قوزغىلاڭ كۆتەردى. مىجېرلىق لى زىچېڭ (1606~1645 ـ يىللار)، يەنئەنلىك جاڭ شيەنجۇڭ (1606~1646 ـ يىللار) قاتارلىقلار دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبەرلىرى بولۇپ قالدى. 1635 ـ يىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولباشچىلىرى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىڭياڭ دېگەن يېرىدە يىغىن ئاچتى، يىغىنغا 13 قوشۇن يولباشچىلىرى، 72 قىسىم باشلىقلىرى قاتناشتى.

دىخانلار قوشۇنلىرىنىڭ مۇشۇ يولباشچىلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك تونۇلغىنى لى زىچېڭ بىلەن جاڭ شيەنجۇڭ ئىدى. جاڭ شيەنجۇڭ ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ خېنەن، ئەنخۇي ئۆلكىلىرىنى كېزىپ ئۆتۈپ، خۇبېي، خۇنەن ئۆلكىلىرىگە باردى، كېيىن سىچۈەن ئۆلكىسىگە باردى. لى زىچېڭ باشچىلىقىدىكى دىخانلار قوشۇنى 1644 ـ يىلى شەنشى ئۆلكىسىدىن چىقىپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، تەييۈەن، داتۇڭ، جۈيۇڭگۇەننى بېسىپ ئۆتۈپ، بېيجىڭغا بېسىپ كىردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى چۇڭجېن خان (1628~1644 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خان سارىيىنىڭ ئارقىسىدىكى مېيشەن (ھازىرقى جىڭشەن)دە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. مىڭ سۇلالىسى يوقالدى.

**يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلگەن مىڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى** سۇڭ، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرىنىڭ پادىشالىرى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلغان چېڭ يى، جۇ شى ئېقىمىنىڭ ئەقىدىچىلىكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تولىمۇ ئەبجەش چىقىپ كېتىپ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ بىر قىسىم زىيالىلىرى تەرىپىدىن ئىرغىتىپ تاشلاندى. چېڭ يى ـ جۇ شى ئېقىمىنىڭ ساختىلىقى ۋە چىرىكلىكىگە قارشى ھالدا، "بىلمەك بىلەن قىلماق بىردۇر" دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋاڭ شۇرېن ئېقىمى بارلىققا كەلدى. ۋاڭ شۇرېن (1472~1528 ـ يىللار) مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەقىدىچىلىكنىڭ ئەڭ كاتتا

پىرى بولۇپ، ئۇنىڭ سۇبىكتىپ ئىدىيالىزىملىق تەلىماتى مىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى پۈتۈن بىر دەۋردە تاكى
چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈمران ئورۇنىدا تۇردى.
چېڭ يى-جۇ شى ئىلمىنىڭ سۆلەتۋازلىغى ۋە بىلىمسىزلىكىگە
قارشى ھالدا، كىتاپ-دەستۇرلەرنى كۆپ ئوقۇيدىغان دەستۇر-
چىلەر ئىلمى ۋە دەستۇرلەر-تارىخنى تەتقىق قىلىدىغان،
ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەيدىغان ئىلىم — دەستۇرنى زامانىغا
بىرلەشتۈرىدىغان ئىلىم ئوتتۇرىغا چىقتى. دەستۇرنى زامانىغا
بىرلەشتۈرگۈچى ئىلىم ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار شەخسلەر تەبىئى
پەن تەتقىقاتىغىمۇ ئەھمىيەت بەردى. سۇڭ يىڭشىڭ يازغان
«تەبىئى بايلىقنى ئىچىش توغرىسىدا» ۋە لى شىجېن (1518~
1593-يىللار) يازغان «دورا ئوسۇملۇكلىرى تەپسىلاتى»نى بۇ
يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدىنقىسىدا ياساش
سانائىتى ئىنتايىن تەپسىلى سۆزلەنگەن؛ كېيىنكىسىدە ھايۋانات،
ئۆسۈملۈك، مىنېرال ماددىلار چۈشەندۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ئۆسۈم-
لۈكلەر خېلىلا جايىدا تۈرگە ئايرىلغان. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ
ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، غەرپ پەنلىرىدىن ئاسترونومىيە،
كالىندارچىلىق، سۇچىلىق، ماشىنىسازلىق، جۇغراپىيە، فىزىئولو-
گىيە قاتارلىق پەنلەر كاتولىك دىندارلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن
جۇڭگوغا تارقالغان، جۇڭگولۇق ئالىم شۇ گۇاڭچى (1562~1633-
يىللار)، لى جىزاۋ (؟~1630-يىللار) قاتارلىقلار غەرپ پەن-
لىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. مىڭ سۇلالىسى زامانىدا

كاپىتالىزىمنىڭ بىخلىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ يېڭى كەيپىيات ئىجتىمائىي ئىڭىلىك جەھەتتىكى يېڭى ئامىللارغا ماس كېلەتتى. ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى، تۈزۈلمىسى زور بولغان نەنچۇ ئەلنەغمىسى زاجۇ تىياتىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئەلنەغمىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالغان ئىدى. ئەدەبىي تىل بىلەن يېزىلغان رومانلار، مەسىلەن، «ئۈچ بەگلىك ھەققىدە قىسسە»، «غەرپكە ساياھەت»، «جىن-ئالۋاستىلار قىسسىسى»، «ئۈچ سەتەڭ» قاتارلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇشۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

**چىڭ سۇلالىسى قۇشۇنىنىڭ شەنخەيگۇەندىن ئۆتۈپ كېلىشى ۋە خەنزۇ خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرىشى** مانجۇلار جۇرجىن مىللىتىنىڭ بىر تارمىغى بولۇپ، مۇدەنجياڭ دەرياسى بىلەن سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدا تېرىقچىلىق-چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق ئىدى.

16-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا، مانجۇلار ئۆزىنىڭ ئاقساقالى نۇرخاچىنىڭ قوماندانلىقىدا باشقا قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى. 1616-يىلى نۇرخاچ كېيىنكى جىن خانلىقىنى (كېيىن دۆلەت نامى چىڭ خاندانلىقى دەپ ئۆزگەرتىلدى) قۇردى، زېمىنى بارا-بارا سۇزىخې دەرياسى ۋادىسىدىن كېڭىيىپ دالىڭخې دەرياسى ۋادىسىغىچە

يەتتى.

1621 ـ يىلى چىڭ تەيزۇ نۇرخاچ مىڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق شەھەر لياۋياڭنى تارتىۋېلىپ پايتەخت قىلدى، كېيىن پايتەختنى شېنياڭغا يۆتكىدى. 1626 ـ يىلى چىڭ تەيزۇ ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنى چىڭ تەيزۇڭ دەپ ئاتىدى. چىڭ تەيزۇڭ موڭغۇللار زېمىنى ۋە باشقا زېمىنلارنى بوي سۇندۇردى، ئۇزۇلدۇرمەي ئۇرۇش قىلىپ، شەرقىي شىمالدىكى نۇرغۇن شەھەرلەر ۋە يېزىلارنى تارتىۋالدى، ئۇنىڭ ئالدىن ماڭغۇچى قوشۇنى شەنخەيگۇەنگىچە قىستاپ كەلدى.

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى شەنخەيگۇەندىن ئۆتۈشكە ھازىرلىنىۋاتقان پەيتتە، لى زىچېڭنىڭ قوشۇنى بېيجىڭغا بېسىپ كىردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ شەنخەيگۇەننى ساقلاپ ياتقان قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ۋۇ سەنگۈي ئۆز مىللىتىگە ئاسىلىق قىلىپ، چىڭ قوشۇنىنى شەنخەيگۇەندىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇ چاغدا چىڭ تەيزۇڭ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى فۇلىن تەختكە چىققان ئىدى. چىڭ قوشۇنى ۋۇ سەنگۈي قاتارلىقلار باشلامچى بولۇپ بەرگەچكە، لى زىچېڭ باشچىلىقىدىكى دېخانلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، بېيجىڭنى ئىشغال قىلدى. فۇلىن ئۆزىنى جۇڭگونىڭ پادىشاسى دەپ جاكالاپ، چىڭ شىزۇ (1644~1661 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەپ ئاتىدى.

چىڭ قوشۇنى شەنخەيگۇەندىن ئۆتۈش ئالدىدا ۋە ئۆتكەندىن كېيىن، مىڭ سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن مەمۇرى ھەم ھەربى

ئەمەلدارلىرى چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، يېڭى خوجايىنىغا خىزمەت قىلىپ، خەنزۇ خەلقىنىڭ قارشىلىقلىرىنى غالجىرلىق بىلەن باستۇردى. ئەمما مىڭ سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئەمەلدارلىرى خەلقنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئىلگىر - كېيىن بولۇپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. ھەمدە شى كېفا (؟~1645 - يىللار)، جېڭ چېڭگۇڭ (1624~1662 - يىللار) قاتارلىق ئۆلمەس قەھرىمانلار مەيدانغا كەلدى. خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوشۇنلىرىدىكى ئەڭ داڭلىق قەھرىمانلاردىن لى زىچېڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە لى جىن (؟~1649 - يىللار)، لى لەيخېڭ (؟~1664 - يىللار) ۋە جاڭ شيەنجۇڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە لى دىڭگو (؟~1662 - يىللار) قاتارلىقلار بار ئىدى. بولۇپمۇ لى دىڭگو بىلەن جېڭ چېڭگۇڭ ھەممىدىن داڭلىق ئىدى، ئالدىنقىسى غەربىي جەنۇپنى 13 يىل قوغداپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشنى غەربىي جەنۇبىي رايونلار پۈتۈنلەي قولدىن كەتكىچە داۋاملاشتۇردى؛ كېيىنكىسى تەيۋەندە چىڭ سۇلالىسىگە قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى، 1683 - يىلىغا كەلگەندىلا چىڭ قوشۇنى تەيۋەنگە كىرەلدى.

**چىڭ سۇلالىسى (1636~1912 - يىللار)نىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىشى** چىڭ سۇلالىسى دەسلەپكى بىر يېرىم ئەسىر ئىچىدە تازا گۈللەنگەن ئىدى. ئۇ جۇڭگوغا ئىنتايىن ئاز سانـ دىكى مانجۇ ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى،

خەنزۇ خەلقىنىڭ قارشىلىغىدىن قورقۇپ، ھەددىدىن زىيادە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا پېتىنالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىۋەردى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭەيدى، يېزا ئىقتىسادى گۈللەندى، نوپۇس تېز كۆپىيىپ، ئۇزاققا قالمايلا 400 مىليونغا يەتتى. باج-سېلىق كىرىمىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. كاڭشى يىللىرىدىن چيەنلۇڭ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگونىڭ بىرلىكى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى.

17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، چىڭ ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارغا 3 قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، توپىلاڭچىلارنى بېسىقتۇردى، شىزاڭنىمۇ باشقۇردى، دالاي VI نى لاما دىنىنىڭ بۇ مۇقەددەس جايىغا ئېپىپ قويدى. 1726-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى تۇسلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇسلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بىكار قىلىپ، شۇ مىللىي رايونلاردا ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار تۇرغۇزدى.

چيەنلۇڭ (1736~1795-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى چىڭ سۇلالىسى تازا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. 1756-يىلىدىن كېيىن، چىڭ قوشۇنى جۇڭغارلارغا يەنە ھۇجۇم قىلدى، شىنجاڭغىمۇ ھۇجۇم قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە شىزاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇن كۆپەيتىلدى، شىزاڭدا تۇرۇپ ئىش بېجىرىدىغان ۋەزىرلەرنىڭ ھوقۇقى كۆپەيتىلدى، ھازىرقى

شىزاڭ ۋە شىنجاڭ رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىق كۈچەيتىلدى.

چيەنلۇڭ خان دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، سىياسى جەھەتتە چىرىكلىك ئەۋج ئالدى، خىيانەتچىلىك ئەدەپ كەتتى، جياچىڭ (1796~1820 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خان دەۋرىدە، مەملىكەت ئىچىدىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەر، ئاساسەن خەنزۇلار ئارقا- ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتىرىپ قارشىلىق كۆر- سەتتى، چىڭ ئىمپېرىيىسى شۇنىڭ بىلەن زەئىپلىشىش يولىغا ماڭدى.

1774 - يىلى ۋاڭ لۇن شەندۇڭدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن گەنسۇدىكى خۇيزۇلار، خۇنەن، گۇيجۇ- دىكى مياۋزۇلار ئارقا- ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتەردى. جياچىڭ خان دەۋرىدە بەيليەنجياۋ دىنى، تيەنلىجياۋ دىنى بايرىغى ئاستىدا قوزغالغان دېخانلار قوزغىلىڭى، بولۇپمۇ بەيليەنجياۋ دىنى بايرىغى ئاستىدا قوزغالغان قوزغىلاڭ خۇبېي، سىچۈەن، شەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەرگە يېيىلىپ، 9 يىل داۋام قىلدى، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاش- تۇردى. جەنۇپتىكى تيەندىخۇي، گېلاۋخۇي تەشكىلاتلىرىمۇ ھەممىلا يەردە قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇنداق جۇزئى قوزغىلاڭلار زادىلا ئۈزۈلمىدى، داۋگۇاڭ (1821~1850 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خان دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە كۆلىمى تولىمۇ چوڭ بولغان تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى پارتلىدى.

**چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، سىياسى جەھەتتىكى تۈزۈلمىدە ئاساسەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ تۈزۈملىرىگە ۋارىسلىق قىلىندى، ھوقۇقنىڭ مەركەزگە توپلىنىشى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن كۈچلۈك بولدى. مەركەزدە ئەمىرلەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، بۇ مەھكىمە خانىنىڭ بىۋاستە قوماندانلىقىدا ھەربىي-مەمۇرى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى، ھۆكۈمەت ۋەزىرلىرى پەقەت ئەمىرلەر مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلىدىغان بولدى.

بوي سۇندۇرۇلغان خەنزۇلارغا قارىتا قاتتىق باستۇرۇش سىياستى قوللىنىلدى. بىر تەرەپتىن، مەملىكەت بويىچە ھەر-قايسى مۇھىم جايلاردا سەككىز تۇغلۇق قوشۇن ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن تۇرغۇزۇلۇپ، ئومۇمى يۈزلۈك ھەربى كونتۇرۇللۇق يۈرگۈزۈلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، يېزىق تۈرمىسى سىياستى قايتا-قايتا يۈرگۈزۈلۈپ، خەنزۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى پىكىرلىرى بېسىلدى. مەركەزدىكى چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ۋە يەرلىك مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ خەنزۇلاردىن بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى ئەمەللەرگە خەنزۇلارنى قويۇشقا يول قويۇلمىدى. مىللىي كەمسىتىش قارىماققا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدەك ئوچۇق-ئاشكارا بولمىسىمۇ، ئەمما ئېھتىيات ئۇسۇللىرى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن تېخىمۇ پۇختا بولدى.

يۈەن سۇلالىسىگە ئوخشاشلا، چىڭ سۇلالىسىمۇ يەرلەرنى

ھېيىقماستىن تارتىۋېلىش سىياسىتىنى قوللاندى. مىڭ سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ ۋە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قورۇق يەرلىرى قويـماي مۇسادىرە قىلىندى، بۇ يەرلەرنىڭ بىر قىسمى خـان جەمەتىـگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى، قالغان قىسمى مانجۇ ئاقسۆڭەكلەرگە ۋە سەككىز تۇغلۇق قوشۇن ئەسكەرلىرىگە ئىنئام قىلىپ بۆلـۈپ بېرىلـدى. «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى» ۋە «خاندانلىق ھۆججەتلىرى»دە يېزىلىشىچە، چىڭ سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ قورۇقلىرى 868 گە يەتكەن، سەكـكىز تۇغ ئۇرۇق جەمەتـىنىڭ پۈتۈن قورۇقلىرى بىر مىڭ 407 گە، يېرىم قورۇقلىرى 259 غا، پۈتۈن باغچىـسى 375 كە، يېرىـم باغچىـسى 102 گە يەتـكەن. بۇنىڭدىن باشقا، جايلاردا تۇرۇشلۇق سەككىز تۇغلۇق قوشۇنلار يۇقىرىلارنىڭ ئېتىزلىقلىرىنى ئات بېقىش مەيـدانى قىلـۋالغان، ئىگىلىگەن يەر 3 مىليون مودىن ئېشىپ كەتكەن.

چىـڭ سۇلالىسـىنىڭ باج - ھاشا تۈزۈمـىدە ئەسلـىدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ بىر خىللاشتۇرۇش تۈزۈمى ئۇدۇم قىلىنغان ئىدى، ئەمما نوپۇس بېجى ئېغىر بولغاچقا، جان سانىنى يوشۇرىدىغان، قېچىپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆپىيىپ كېتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇس بېجى يىغىۋېلىشى قىيىن بولۇپ قالـدى. يۇڭـجېڭ يىلـلىرىدا، چىڭ سۇلالـسى نوپۇس بېجـىنى يەر بېجـىگە قوشۇۋېتـىش تۈزۈمىنى قوللىنىپ، يېرى بولسا نوپۇس بېجى ئېلىش، يېـرى بولمىسا نوپۇس بېجى ئالماسلىقنى يولغا قويدى. نوپۇس بېجىنى يەر بېجىگە قوشۇۋېتىش تۈزۈمى بىر خىللاشـتۇرۇش ئۇسۇلـىغا

قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇل-كېسىل بولدى، نوپۇس بېجى ئايرىم ئېلىنمايدىغان بولدى.

**ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرىكى سودا-سانائەت** رۇدا قېزىش ئىشلىرى بەك تەرەققى تاپقان بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قەلەي، قوغۇشۇن، سىماپ، سىماپ سۇلفىد، زەرنىخ، كۆمۈر قېزىلىپ تۇردى. گۇاڭشىدا ئون نەچچە كان بار بولۇپ، هەر بىر كاندا 10 مىڭچە ئادەم بار ئىكەن. يۈننەندە 45 جايدا كان بار ئىدى. بۇ كانلارنىڭ بەزىلىرىنى پۈتۈنلەي هۆكۈمەت باشقۇرغان، بەزىلىرىنى هۆكۈمەت دەسمايە سېلىپ سودىگەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغان ئىدى، سودىگەرلەر ئۆزلىرى ئاچقان كانلارمۇ بار ئىدى. سىچۈەندىكى ئارتېزيان قۇدۇقى سۈيىدىن پايدىلىنىلىدىغان تۇزچىلىق بەك تەرەققى تاپقان. جىڭدېجېندىكى خۇمدانىدا ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئىنچىكە ئايرىلغان. گۇاڭدۇڭدىكى بەزى چايچىلىق مەيدانلىرىدا 500 ئەتراپىدا ئىشچى ئىشلىگەن. داۋگۇاڭ يىللىرى گۇاڭدۇڭدا 2 مىڭ 500 توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلغان، ئىشچىلار سانى جەمئى 50 مىڭغا يەتكەن. بۇنىڭدىن باشقا، جياڭسۇ، جېجياڭدىن چىقىدىغان تاۋار-دۇردۇن، سىچۈەندىن چىقىدىغان زەرباپلار، سەنشىدىن چىقىدىغان يىپەك توقۇلمىلار، شەندۇڭ، خېنەنلەردىن چىقىدىغان پاختا رەخت شۇ چاغلاردا داڭلىق قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىدى. كاپىتالىزىمنىڭ بىخلىرى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن تېخىمۇ ئەۋج ئالغان ئىدى.

سودا جەھەتتە ياڭجۇدىكى تۇز سودا سارىيى ۋە سەنشىدىكى پۇل-چەك دۇكىنىنىڭ تەسىر كۈچى ھەممىدىن زور ئىدى، بولۇپمۇ سەنشىدىكى پۇل-چەك دۇكىنى پىرىۋوت، پۇل ئاماﻧەت، پۇل قوبۇل قىلىش، ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن باج يىغىش ئىشلىرىنى بېجىرەتتى، ئۇ يېقىنقى زامان بانكىلىرىغا ئوخشاپ قالىدىغان ئىش كۆلىمىگە ئىگە ئىدى.

تاشقى سودا ئىشلىرى مىلىي سۇلالىسى ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ راۋاجلاندى. قۇرۇقلۇق جەھەتتە، 1655~1660-يىللاردا روسىيە بىلەن رەسمىي بېرىش-كېلىش بولدى؛ 1689-يىلى ۋە 1727-يىلى روسىيە بىلەن ئىلگىر-كېيىن بولۇپ نىبۇچۇ شەرتنامىسى ۋە چاكتۇ شەرتنامىسى تۈزۈلدى، جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ شەرقىي چېگرىسى ۋە ئوتتۇرا چېگرىسى ئايرىلدى ھەمدە نورمال سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى.

دېڭىز-ئوكيان جەھەتتە، پورتۇگالىيىلىكلەر، ئىسپانىيىلىكلەر ۋە گوللاندىيىلىكلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى پەقەت ئۈزۈلۈپ قالمىدى. 1685-يىلى ئەنگلىيىلىكلەر گۇاڭجۇدا سودا سارىيى قۇردى، شەرقىي ھىندى شىركىتىنىڭ تەسىر كۈچى جۇڭگوغا كىردى. 1793-يىلى ئەنگلىيىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ماكارتنېي جۇڭگوغا كېلىپ، ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ جۇشەن، نىڭبو، تيەنجىن قاتارلىق جايلاردا سودا قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، لېكىن بۇنىڭغا چىڭ خاندانلىقى قوشۇلمىدى. ئۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى فېئوداللىق

ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، چەتئەللەر بىلەن سودا قىلىش جەھەتتە قاتتىق بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنى قوللىنىپ، گۇاڭجۇنى بىردىن-بىر ئوچۇق سودا پورتى قىلىپ بەلگىلىدى، يەنە كېلىپ گۇاڭجۇدىكى بارلىق چەتئەل سودىگەرلىرى ھۆكۈمەت سودا سارىيى (13 سودا سارىيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئارقىلىق جۇڭگو سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلىشى كېرەك دەپ بەلگىلەپ قويدى.

18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ياۋروپا كاپىتالىزمى سودا پائالىيەتلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك راۋاجلاندۇردى، دەل مۇشۇ دەۋردە جۇڭگودىن ئىبارەت يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى كۆپ ئەل ئۇلار تاۋارلىرىنى ساتىدىغان ئەڭ ياخشى بازار بولۇپ قالاتتى، ئەلۋەتتە. 1840-يىلىغا كەلگەندە ئاخىر ئەپيۇن ئۇرۇشى پارتلىدى، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرى جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى زەمبىرەك بىلەن ئاچتى. چەتئەل كاپىتالىزمى بېسىپ كىرىشى بىلەن، جۇڭگو فېئودال كۈچلىرى بارا-بارا چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جۇڭگو كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىنى توساپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو جەمئىيىتى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق يولغا ماڭدى.

**ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئاۋالقى مەدەنىيەت** فېئوداللىق جەمئىيەت بارا-بارا يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەن ئەھۋالغا ماس ھالدا، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئىدىيەۋى

تۈۋرۈك بولغان ۋاڭ شۈرېن ئېقىمى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئۆز تارىخىغا خاتىمە بەردى. مىڭ سۇلالىسى دەۋ-رىنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدا خۇاڭ زۇڭشى (1610~1695-يىللار) قاتارلىقلار ۋاڭ شۈرېن تەلىماتىنى يەنىلا تارقىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خاتىمە بولۇپ قالغان ئىدى. چېڭ يى، جۇ شى تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلغۇچى گۇ يەنۋۇ (1613~1682-يىللار) ۋە ماتېرىيالىستىك ئىدىيىنى بايان قىلغۇچى ۋاڭ فۇجىز (1619~1692-يىللار) ۋاڭ شۈرېن ئېقىمىغا قارشى تۇرغۇچىلار ئىدى. ۋاڭ فۇجىز ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتى دەسلەپكى بۇرژۇئا پەلسە-پىسىگە يېقىن كېلەتتى. كاڭشى يىللىرى ئىيېزۇئىتلاردىن بىلگىيىلىك فېردىنانت ۋېربىست قاتارلىقلار غەرپ پەنلىرىنى داۋاملىق تارقاتتى، جۇڭگو ئالىمى ۋاڭ شىچەن (1628~1682-يىللار)، مېي ۋېندىڭ (1633~1721-يىللار) قاتارلىقلارمۇ غەرپ پەنلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئەمما رىم پاپاسى 1704-يىللىق دىنىي بۇيرۇق (جۇڭگو دىندارلىرىنىڭ ئەجداتقا چوقۇنۇشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇغى)نى چىقارغاندىن كېيىن، جۇڭگوغا كەلگەن كاتولىك دىندارلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ-مىتى تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، غەرپ پەنلىرىنىڭ جۇڭگودا تارقىتىلىشىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭ يىللىرى مەدەنىيەت-ئىدىيە ساھەسىدە يۇقىرى بېسىم ئىشلىتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ،

يېزىق تۈرمىسى ۋەقەسىنى كۆپ قېتىم پەيدا قىلغانلىقتىن، چيەنلۇڭ، جياچىڭ يىللىرى (1736~1820 ـ يىللار)غا كەلگەندە، نۇرغۇن ئالىملار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدىكى خۇاڭ زوڭشى، گۇيەنۋۇ، ۋاڭ فۇجىز قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلغان دەستۇرنى زامانىغا بىرلەشتۈرۈش تەلىماتى ئۈستىدە ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىپ، كىلاسسىك هۆججەت ـ ئەسەرلەرنى رەتلەش يولىغا، يەنى دەلىللەش ئىلمى ياكى دەلىلچىلىك يولىغا ماڭدى. ئۇلار كىلاسسىك هۆججەت ـ ئەسەرلەرنى رەتلەش خىزمىتىدە زور نەتىجە ياراتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەھەتتە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ باشلىرىدىكى ئەلنەغمە يەنىلا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئەۋج ئالغان كۇنچياڭ ئەلنەغمىسى ئىدى، چيەنلۇڭ يىللىرىدىن كېيىن، پىخۇاڭ تىيا- تىرى (بېيجىڭ تىياتىرى) بارا ـ بارا كۇنچياڭ ئەلنەغمىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئەلنەغمىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان رومانلار تېخىمۇ تەرەققى قىلدى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «كۆكزىچىلارنىڭ سىرتقى تارىخى» دىگەنگە ئوخشاش داڭلىق باپلىق رومانلار مۇشۇ دەۋردە يېزىلغان ئەسەرلەردۇر.

# يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو (كونا دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرى)

## 1. ئەپيۇن ئۇرۇشى

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغىچە، جۇڭگو خەلقى ھەممىلا يەردە ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتىرىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋەردى، بۇ ھال چىڭ سۇلالىسى ئاقسۆڭەكلىرى باشچىلىغىدىكى فېئودال پومىشىكلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەرتىۋىنىڭ كۇنسايىن ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قېلىۋاتقانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. دەل مۇشۇ دەۋردە، دېڭىز قاراقچىلىرى ــ كاپىتالىستىك چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى قانۇنسىز ئەپيۇن سودىسىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە باشلىدى ھەمدە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى.

**قانۇنسىز ئەپيۇن سودىسى ۋە لىن زېشۇنىڭ ئەپيۇننى چەكلىشى** فېئوداللىق جۇڭگونىڭ كەڭ يېزىلىرىدا ئائىلە قول سانائىتى ئۇششاق دېخانچىلىق بىلەن مەھكەم بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. مۇنداق ئەھۋال ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ تۆكمە قىلىپ سېتىشقا تەقەززا بولۇپ كەتكەن توقۇمىچىلىق

بۇيۇملىرى ئۈچۈن جۇڭگودا كەڭ بازار تېپىشقا ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سودىسىنى مونوپول قىلىۋالغان شەرقىي ھىندى شىركىتىنىڭ گۇاڭدۇڭ سودىگەرلىرىدىن يىپەك-چاي سېتىۋېلىشقا نەق كۈمۈش تۆلىگۈسى كەلمىدى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل ئىچىدە، شەرقىي ھىندى شىركىتى گۇاڭدۇڭدىكى ئەمەلدارلارغا پارا بېرىش يولى بىلەن ئەپيۇننى ئەتكەسچىلىك قىلىپ ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈپ، جۇڭگونىڭ بايلىقىنى بۇلاپ تۇردى. ئامېرىكىنىڭ ۋە باشقا ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرىمۇ مۇشۇ قانۇنسىز سودىغا قاتناشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 مىڭ ساندۇقتىن ئارتۇق ئەپيۇن كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 20 مىليون كۈمۈش تەڭگىگە توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە جۇڭگونىڭ كۈمۈشى كۆپلەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى، خەلقنىڭ يۈكى بىر ئاقلا ئېشىپ كەتتى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ ئېغىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. ھۆكۈمران سىنىپ ئىچىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئەپيۇننىڭ كىرگۈزۈلۈشىنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلمىدى. لىن زېشۈ (1785~1850-يىللار) باشچىلىقىدىكى ئەمەلدارلار بولسا ئەپيۇننى قاتتىق چەكلەشنى تەشەببۇس قىلدى. 1839-يىلى داۋگۇاڭ خان لىن زېشۈنى گۇاڭجۇغا بېرىپ ئەپيۇننى چەكلەشكە خان مۇپەتتىشى قىلىپ

ئەۋەتتى. لىن زېشۇ يەرلىك خەلقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئەپيۇن سودىگەرلىرىگە ۋە يەرلىك قانۇنسىز تۆرىلەر ـ سودىگەرلەرگە قارشى كەسكىن ھەم قەتئىي كۈرەش قىلدى. نەتىجىدە ئەنگلىيە سودىگەرلىرى كونسۇل ئېلىئوتنى ۋەكىل قىلىپ چىقىرىپ، بىر مىليون كىلوگىرامدىن ئارتۇق ئەپيۇننى تاپشۇردى، بۇ ئەپيۇن 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن باشلاپ خۇمېندا ئاشكارا ھالدا كۆيدۈرۈلدى. لىن زېشۇ ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكىنى توساش ئۈچۈن، چەتئەل كېمىلىرى جۇڭگو پورتىغا كىرىشتە ئەپيۇن ئېلىپ كىرمىدۇق دەيدىغان ”كاپالەتنامە“نى كۆرسىتىشى كېرەك، دىگەننى جاكالىدى. ئەمما ئەپيۇن سودىگەرلىرى ئەپيۇننى چەكلەشكە بۇزغۇنچىلىق قىلىش نىيىتىگە كەلدى، ئېلىئوت ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئەسكەر چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ھەمدە ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ گۇاڭجۇدىن قويماي چىقىپ كېتىشى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

**1840 ـ يىلدىن 1842 ـ يىلغىچە بولغان ئۇرۇش** لىن زېشۇ قەتئىي قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، ئەنگلىيە قوشۇنى گۇاڭجۇغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمىدى. 1840 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئەنگلىيە قوشۇنى شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئاۋال شيامېنغا كەلگەندە فۇجيەن ـ جېجياڭ ئۆلكىلىرىنىڭ باش ۋالىسى دېڭ تىڭجېن (1775 ~ 1846 ـ يىللار)نىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەنگلىيە قوشۇنى ھۇجۇم نىشانىنى جېجياڭغا بۇراپ مېڭىپ، 7 ـ ئايدا دىڭخەينى بېسىۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇللا تيەنجىن دېڭىز ئېغىزىغا

كەلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى تاجاۋۇزچىلار بىلەن مۇرەسسەلىشىش قارارىغا كېلىپ، لىن زېشۇ ۋە دېڭ تىڭجېننى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، چى شەننى گۇاڭجۇغا بېرىپ ئەنگلىيە بىلەن سۇلھىلىشىشكە ئەۋەتتى. 1841 ـ يىلى، چى شەن مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى بۇزدۇرۇۋەتتى، شياڭگاڭنى بۆلۈپ بېرىشكە ۋە ئەپيۇن پۇلىنى تۆلەپ بېرىشكە ئۆز ئالدىغا ماقۇل بولدى. داۋگۇاڭ خان ئەلگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان بۇ شەرتكە قوشۇلماي، چى شەننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئەنگلىيىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئەنگلىيە قوشۇنى خۇمېنغا ھۇجۇم قىلدى، باشبۇغ گۇەن تيەنپېي 400 نەچچە ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ خۇمېننى قەتئىي قوغدىدى، ئاخىردا بۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭدە ئۆلدى. ئەنگلىيىنىڭ ھەربى كېمىلىرى خۇمېنغا كىردى. ئارىدىن 3 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى سەنگۇنى يى شەن ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش شەرتنامىسى ئىمزالاپ، ئەنگلىيە قوشۇنىغا 6 مىليون تەڭگە تەقدىم قىلىپ، ئۇلاردىن گۇاڭجۇ شەھىرىگە كىرمەسلىكنى ئۆتۈندى.

ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنىڭ زوراۋانلىغى ۋە چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ نومۇسسىز، ساتقىنلىق قىلمىشلىرى كەڭ خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققانى غەزىۋىنى قوزغىدى. مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان كىشىلەر گۇاڭجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سەنيۈەنلىنى مەركەز قىلغان ھالدا يىغىلىپ، پىڭيىڭتۇەن ھەققانىيەت بايرىغىنى كۆتىرىپ چىقتى. ئۇلار 5 ـ ئاينىڭ

30 ـ كۈنى مىلىڭ نەچچە كىشىلىك ئەنگلىيە قوشۇنىنى قورشىۋالدى. جايلاردىكى خەلقنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى تەشكىلاتلىرىمۇ ئۆز جايلىرىدا قوزغىلىپ ئۆزىنى قوغدىدى، شۇنىڭ بىلەن تاجاۋۇزچىلار گۇاڭدۇڭدا يەنە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىشقا پېتىنالمىدى. بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى ئالدىدا ئىستىخىيىلىك ھالدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى ئىدى.

1841 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1842 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدا پاراكەندىچىلىك سالدى، جياڭسۇ ۋە جېجياڭ ئۆلكىلىرىنى دەپسەندە قىلدى، ئۇلار نىڭ تۆمۈر تاپىنى نەنجىڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا كەلدى. ئۇلار بارغانلا يېرىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىستىخىيىلىك قوراللىق قارشىلىقىغا يولۇقتى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا، بەزى ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەرمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى كۆرسەتتى، مەسىلەن، جياڭنەن ـ جياڭشى باش ۋالىسى يۈ چيەن جېنخەينى جان پىدالىق بىلەن قوغدىدى، باشبۇغ چېن خۇاچېڭ ۋۇسۇڭ پوتەيىنى ئۆلگىچە قوغدىدى، جېنجياڭدا تۇرۇشلۇق تۇغ ئەسكەرلىرى دۈشمەنگە باتۇرانە قارشى تۇردى. ئەمما چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى، سەركەردىلەر بولۇمسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، قارشىلىق كۆرسىتىش، ئومۇمەن، تولىمۇ ئاجىز بولدى. داۋگۇاڭ خان باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئاخىر قارشىلىق كۆرسىتىش ھەركەتلىرىنىڭ ھەممىسى

دىن ۋازكېچىپ، تاجاۋۇزچىلارغا نومۇسسىزلارچە تىز پۈكتى.

**نەنجىڭ شەرتنامىسى، ۋاڭشيا شەرتنامىسى ۋە خۇاڭپۇ شەرتنامىسى** 1842 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئىمزالانغان «نەنجىڭ شەرتنامىسى»دە شياڭگاڭنى بۆلۈپ بېرىش، 21 مىليون تەڭگە تۆلەم تۆلەش، گۇاڭجۇ، شيامېن، فۇجۇ، نىڭبو شاڭخەيدىن ئىبارەت 5 شەھەرنى سودا پورتى قىلىپ ئېچىپ بېرىش بەلگىلەندى. بۇ شەرتنامىدە يەنە جۇڭگونىڭ ئېكسپورت ـ ئىمپورت ماللىرىنىڭ باج نىسبىتىنى جۇڭگو ـ ئەنگلىيە ئىككى تەرەپ ئورتاق كېڭىشىپ بېكىتىش بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمە شۇنىڭدەك 1843 ـ يىلى تۈزۈلگەن «بەش پورتتا سودا قىلىش نىزامى»دا ۋە باشقا ھۆججەتلەردە بەلگىلەنگەن كونسۇل كېسىم چىقىرىش ھوقۇقى ھەمدە باشقا ئىمتىيازلار جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ئەنگلىيىمۇ، كېيىنرەك كەلگەن دۆلەتلەرمۇ بىر تەرەپلىمە "مەنپەئەتدار دۆلەت" مۇئامىلىسىگە ئىگە بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ بويىنىغا چەتئەل تاجاۋۇزچى دۆلەتلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇغى سېلىنىشقا باشلىدى.

ئامېرىكا بىلەن فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ئىز قوغلاپ كېلىپ، جۇڭگودا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تېخىمۇ كۆپ ھوقۇققا ئىگە بولۇۋالدى. ئامېرىكا ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا قاراتقان ھەربى تاجاۋۇزچىلىقىدا قولچوماق بولۇپ بەرگەن ئىدى. 1844 ـ يىلى ئامېرىكا جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تەھدىت سېلىپ «ۋاڭشيا شەرتنامىسى»نى ئىمزالىتىپ، دېڭىز بويلىرىدا سودا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە

بولۇۋالدى، شەرتنامىدە كونسۇل كېيىن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە باشقىلار توغرىسىدا تېخىمۇ تەپسىلى بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. فرانسىيە جۇڭگوغا بىر تۈركۈم ھەربى پاراخوت ئەۋەتىش يولى بىلەن كاتولىك دىنىنى تارقاتتى، دىندارلارنى ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قورالى قىلماقچى بولدى، «جۇڭگو ـ فرانسىيە خۇاڭپۇ شەرتنامىسى»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى دىندارلارنىڭ جۇڭگودا دىن تارقىتىشىغا يول قويۇشتىن ئىبارەت بولدى.

**جۇڭگو خەلقىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى**

«نەنجىڭ شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، گۇاڭجۇ خەلقى چەتئەللىكلەرنىڭ شەھەرگە كىرىش ھوقۇقى بار دېگەن نىمىنى ئېتىراپ قىلمىدى. فۇجۇدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقە يۈز بەردى، ئەنگلىيىنىڭ فۇجۇدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى كونسۇلخانا ئەنگلىيە بايرىغىنى ئاساسلىق شەرتى بىلەن شەھەرگە كىرىشكە رۇخسەت ئالالىدى. گۇاڭدۇڭ خەلقى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان "شېڭپىڭ يېزا ئۇيۇشمىسى"غا ئوخشاش قوراللىق كۈچ تەشكىلاتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەنگلىيىگە ۋە تەسلىمچى تۆرىلەرگە قارشى قىلچە مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىۋەردى، نەتىجىدە ئەنگلىيىلىكلەر ئۇن نەچچە يىل ئىچىدە گۇاڭجۇ شەھىرىگە كىرەلمىدى. "شېڭپىڭ يېزا ئۇيۇشمىسى" 1845 ـ يىلى گۇاڭجۇ مەھكىمىسىنىڭ ئامبىلىنى قوغلاپ چىقىرىش كۈرىشىنى قوزغىدى، 1849 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ھەربى پاراخوتىغا قارشى چوڭ نامايىش ئۆتكۈزدى ۋە بۇ كۈرەشلەردە غەلىبە قازاندى.

"شىڭپىڭ يېزا ئۇيۇشمىسى"نىڭ ئادەم سانى نەچچە ئون مىڭدىن كۆپىيىپ نەچچە يۈز مىڭغا يەتتى، بۇنداق ۋەتەنپەرۋەر كۈچكە فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئۆچمەنلىك قىلدى. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى دەۋرىگە كەلگەندە، يەنى 1855 ـ يىلى گۇاڭدۇڭ ـ گۇاڭشى باش ۋالىسى يې مىڭچېن بىر قېتىمدىلا بۇ ئۇيۇشمىنىڭ 75 مىڭ ئەزاسىنى قىردى.

**چەتئەللەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىنىڭ يوغىنىشى** «نەنجىڭ شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ بەزى رايونلىرىدىكى يېزا قول سانائىتى چەتئەل تاۋارلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، تەدرىجىي ئاستىدا قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەمما ئەنگلىيىنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى، ئاساسەن، رەختى يەنىلا كەڭ بازارغا ئېرىشەلمىدى، ئون نەچچە يىل ئىچىدە سودا ئىزچىل ھالدا گۇللىنەلمەسلىك ھالىتىدە تۇردى. بۇنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگونىڭ يىپەك ـ چېيىنىڭ چەتكە چىقىرىلىشىنىڭ ئېشىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو سودا جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەنگلىيىنىڭ ئەپيۇن ئەتكەسچىلىكى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋەردى، 1850 ـ يىلى كىرگۈزۈلگەن ئەپيۇن 50 مىڭ ساندۇقتىن ئېشىپ كەتتى، ئەمما ئەنگلىيە كاپىتالىستلىرى جۇڭگونى ئىزچىل تۈردە مانچېستېرنىڭ بازىرى دەپ قاراپ كەلدى، تاۋارلىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىش ئۈچۈن، شىمالىي جۇڭگو رايونىدا ۋە چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدا سودا پورتلىرىنى كۆپەيتىشنى تەلەپ قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش

قەستىدە بولدى. ئامېرىكا ۋە فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىمۇ بىرلىكتە ھەركەت قىلدى. 1854 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئۇلار شەرتنامىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى بىرلىكتە تەلەپ قىلدى، بۇ چاغدا چار روسىيە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش ھەركىتىنى باشلىدى. روسىيىنىڭ ئەلچىسى پۇتياتىن 1857 ـ يىلى تيەنجىنگە كېلىپ، ئىككىنچى يىلى شاڭخەيگە بېرىپ، دېڭىز بويلىرىدىكى پورتلاردا سودا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى رەت قىلدى. ئۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۆت دۆلەت بىرلىشىپ جۇڭگوغا تاقابىل تۇرىدىغان سەپنى قۇردى.

**1856 ـ يىلدىن 1860 ـ يىلغىچە بولغان ئۇرۇش** 1856 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە ئاتالمىش "يالو ماركىلىق كېمە ۋەقەسى"نى بانا قىلىپ، بىرىنچى بولۇپ گۇاڭجۇغا ھۇجۇم قىلدى، يەنى ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئاتالمىش يالو ۋەقەسى مۇنداق ئىش ئىدى: ئەنگلىيە جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ "يالو" ناملىق جۇڭگو كېمىسىدە ئادەم تۇتقانلىقىغا ئارىلاشتى. ئەنگلىيە تەرەپ: "شياڭگاڭ بۇ كېمىنى ئەنگلىيە كېمىسى دەپ تىزىملاشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى" دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە تىزىملاش خېتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇنى ئەنگلىيە كېمىسى دەۋېلىش يولسىزلىق ئىدى. ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ مۇشۇنداق تەلۋىلىك قىلىشقا پېتىنالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ شۇكى، بۇ چاغدا گۇاڭدۇڭدىكى ئاممىنىڭ تاجا-

ۋۇزچىلىققا قارشى كۈچلىرى چىڭ سۈلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئىنتايىن زور دەرىجىدە ۋەيران بولغان ئىدى، شۇڭا، بۇ كونسۇلدا غەم - ئەندىشە قالمىغان ئىدى. ئەمما گۇاڭجۇدىكى خەلق قوراللىق كۈچلىرى يەنىلا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى چېكىندۇردى. تاجاۋۇزچىلارغا تەسلىم بولۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچى ئەكسىيەتچىلەر بولسا خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە باستۇرۇش ۋاستىسى بىلەن تاقابىل تۇردى، شۇنىڭ بىلەن خەلق قوراللىق كۈچلىرى يىمىرىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا فرانسىيە گۇاڭشىغا قانۇنسىز ھالدا كىرىۋېلىپ دىن تارقاتقان پوپ شاپدېلاينىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بانا قىلىپ، ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ، 1857 - يىل 12 - ئايدا گۇاڭجۇنى بېسىۋالدى. بۇ تاجاۋۇزچىلار ئارقىدىنلا دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ شىمالغا مېڭىپ، 1858 - يىل 4 - ئايدا داگۇ پورتىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تيەنجىننى ئىشغال قىلىۋالدى. تەيپىڭ تيەنگو خەلق ئىنقىلاۋىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن باستۇرۇۋاتقان چىڭ ھۆكۈمىتى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈستىدە ئەسلا ئويلاپ كۆرمىگەچكە، تاجاۋۇزچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى شۇ زاماتلا قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو - ئەنگلىيە «تيەنجىن شەرتنامىسى» ۋە جۇڭگو - فرانسىيە «تيەنجىن شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى، ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلىگەندىن تاشقىرى، دېڭىز بويىدىكى نيۇجۇاڭ، دېڭجۇ، تەينەن، دەنشۈي، چاۋجۇ، چيۇڭجۇدىن ئىبارەت 6 جاينى ۋە چاڭجياڭ دەرياسى

بويىدىكى خەنكو، جيوجياڭ، نەنجىڭ، جېنجياڭدىن ئىبارەت 4 جاينى سودا پورتى قىلىپ ئېچىۋەتتى؛ تاموژنا ئورۇنلىرى چەتئەللىكلەرنى ياللاپ ئىشلەتسۇن دىگەن تەلەپنى قوبۇل قىلدى، چەتئەللىكلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە ئارىلاپ يۈرۈپ سودا قىلىشىغا، ئەركىن هالدا دىن تارقىتىشىغا رۇخسەت قىلدى؛ چەتئەل هەربى پاراخوتلىرىنىڭ دەريا ـ دېڭىز پورتلىرىدا چارلاپ يۈرۈشىگە يول قويدى. 1859 ـ يىلى شاڭخەيدە داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەپيۇن سودىسىمۇ قانۇنلۇق سودا دەپ ئېتىراپ قىلىندى هەمدە ئىمپورت ـ ئېكسپورت ماللىرىدىن ئېلىنىدىغان باج سوۋارىلا نەق باها بويىچە پىرسەنت قىلىپ بەلگىلەندى، چازا بېجى 2.5 پىرسەنت قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەرنىڭ هەممىسى جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكىلىك پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتۇرۇپ قويدى.

1859 ـ يىلى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئەلچىلىرى شەرتنامە نۇسخىسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ بېيجىڭغا كىرىشتە، جۇڭگو تەرەپ كۆرسىتىپ بەرگەن يول بىلەن ماڭماي، قەستەنگە داگۇ پورتىغا كىرمەكچى بولغاندا، داگۇ پورتىنى ساقلاۋاتقان قوشۇن بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى، ئامېرىكىنىڭ هەربى پاراخودىمۇ ئۇلارغا ياندا تۇرۇپ بولۇشۇپ بەردى. 1860 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە قوشۇنى تۇركۇملەپ قۇرۇقلۇققا چىقىپ، داگۇ ۋە تيەنجىننى ئالدى هەمدە بېيجىڭغا كىرىپ، يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، هە دەپ بۇلاڭ-

چىلىق قىلدى. رېخېغا قېچىپ بېرىۋالغان شيەنفېڭ خان ئۆز ئىنىسى — گۇڭچىنۋاڭ يى شىن (1832~1898-يىللار)نى سۈلھى تۈزۈشكە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى، يى شىن 16 مىليون سەردىن ئارتۇق تۆلەم پۇلى تۆلەشكە، بۇنى تاموژنا ئورۇنلىرىنىڭ تاموژنا بېجىدىن تۇتۇپ قېلىپ تاپشۇرۇشىغا ماقۇل بولدى؛ چەتئەل ئەلچىلىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشقا؛ تيەنجىن پورتىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە؛ ئەنگلىيە، فرانسىيىنىڭ شۇلارغا "قاراشلىق يەر" دە جۇڭگولۇقلارنى ياللاپ ئىشقا سېلىشىغا رۇخسەت قىلىشقا ماقۇل بولدى، ئەمىلىيەتتە، جۇڭگو خەلقى تاجاۋۇزچىلارغا قۇللۇققا سېتىپ بېرىلدى؛ جيۇلۇڭ ئەنگلىيىگە بۆلۈپ بېرىلدى ھەمدە كاتولىك دىندارلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە پائالىيەت قىلىشىغا تېخىمۇ كۆپ قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ چاغدا تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى خەلق ئىنقىلاۋىنى بىرلىكتە باستۇرۇش مەقسىدىدە، چەتئەل قاراقچىلىرىنىڭ ياۋۇزلۇق بىلەن قىلغان ھەممىنى قاقتى-سوقتى قىلىش ھەركەتلىرىنى ئىپلاسلىق بىلەن ئېتراپ قىلدى.

ئىككى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى ئارقىلىق، جۇڭگودىكى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئاستا-ئاستا كاپىتالىستىك چەتئەل قاراقچىلىرى بىلەن بىرلەشتى، ئۇلار جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرىنى بىرلىكتە ئۇجۇقتۇردى، جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمىيەتتىن مۇستەقىل ھالدا كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشىنى توسىدى،

شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ قېلىشتەك ئېچىنىشلىق ھالەتكە چوڭقۇر پېتىپ قالماي تۇرالمىدى.

## 2. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى

**تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە غەلىبە قىلىشى** 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە ئەپيۇن ئىمپورتىنىڭ ئېشىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقانلار تېخىمۇ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىندى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار سىنىپى كۆپ "تۆلەم پۇلى"نى تۆلەش ئۈچۈن، دېھقانلارنى يەنە نورمىدىن تاشقىرى قاقتى ـ سوقتى قىلدى. نامراتلىق، خانىۋەيرانلىق ھەتتا ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قېلىش ھالىتى دېھقانلارنى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرمۇ يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئارقا ـ ئارقىدىن مەخپىي جەمىيەتلەرگە قاتناشتى. بۇنىڭدىن باشقا، سودا پورتلىرى كۆپەيتىلگەنلىكى، كونا تىرانسپورت يوللىرى ئۆزگەرتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن، تۇرمۇش جەھەتتە ئېغىر تەھدىت ئاستىدا قالغان ئەمگەكچىلەر، مەسىلەن، ئەپكەشچىلەر، كېمىچىلەر ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرمۇ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن، ئىنقىلاپقا ئاكتىپ

قاتناشتى. خەلق جايـلاردا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تارىختىن بۇيان ئۇزۇلدۇرمەي كۆتىرىپ كېلىۋاتقان قوزغىلاڭلار قوشۇلۇپ پۈتۈن مەملىكەت كۆلەملىك تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋىغا ئايلاندى. بۇ دەۋردە جايـلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر كۆتەرگەن قوزغىلاڭلارمۇ تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرىگە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇچرىدى.

دىخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان نامرات ئوقۇتقۇچى خۇڭ شيۇچۇەن (1814~1864 - يىللار) تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى ئىدى. ئۇ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى خۇاشيەن ناھىيەسىدىن بولۇپ، "تيەندىخۇي" جەمىيتى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تارقاتقان ئىدىيىلەر بىلەن ئاللىبۇرۇنلا تونۇشلۇق ئىدى، كېيىن ئۇ چەتئەل دىن تارقاتقۇچىلىرىدىن بەزىبىر خىرىستىيان ئەقىدىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇ 1843 - يىلى "خۇداغا سېغىنىش جەمىيىتى"نى قۇرۇپ، "خۇدا" ۋە "خىرىستوس"نى ئاممىنى ئىنقىلاپقا چاقىرىش بايرىغى قىلدى. ئۇ ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىلەرگە سىياسى باراۋەرلىك، ئىقتىسادىي باراۋەرلىك ۋە ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى نەزىرىيىلەرنى سىڭدۇردى. ئۇ نامرات دىخانلار ئارىسىدا نۇرغۇن مۇخلىسلارغا ئىگە بولدى، پومىشىكلار سىنىپىنىڭ ھوقۇقدارلىرى بوزەك ئېتىدىغان ئايرىم پومىشىك - سودىگەرلەرمۇ ئۇنىڭ تەشكىلاتىغا قاتناشتى. 1847 - يىلىدىن باشلاپ، ئۇ يەنە بىر ئىنقىلاۋىي يولباشچى فېڭ يۈنشەن (1821~1852 - يىللار) بىلەن بىرلىكتە ئۆز مۇرىتـ

لىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، پومېششىكلارنىڭ قوراللىق تەشكىلات-لىرىغا قارشى كەسكىن كۆرەش قىلىدى. كېيىن ئۇ 7 كىشىلىك رەھبەرلىك گۇرۇھىنى ئۇيۇشتۇردى. ئۇلار 1851-يىل 1-ئاي-نىڭ 11-كۈنى گۇاڭشى گۇيپىڭ ناھىيىسىنىڭ جىنتيەن كەنتىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ چىقتى، دۆلەت نامىنى تەيپىڭ تيەنگو دەپ ئاتىدى.

تەيپىڭ ئارمىيىسى قورشاپ ھۇجۇم قىلغان دۈشمەنلەرنى چاپسانلا تارمار كەلتۈرۈپ، گۇيلىن، چاڭشاغا ھۇجۇم قىلىپ، يۆجۇ، ۋۇچاڭ، خەنكۇنى ئېلىپ، چاڭجياڭنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلدى. ئۇچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە گۇاڭشىدىن چىقىپ نەنجىڭغا يېتىپ كەلدى. دەسلەپتە ئادەم سانى ئون مىڭغىمۇ يەتمەيدىغان قوشۇن تېز ئۆلغىيىپ بىر مىليوندىن ئارتۇق كىشىلىك چوڭ قوشۇنغا ئايلاندى. تەيپىڭ ئارمىيىسىنىڭ كۆرەش نىشانى ئەمەلدارلار، مۇشتۇمزورلار، پومېششىكلار، جازانىخورلار بولدى، تەيپىڭ ئارمىيىسى بارغانلا يېرىدە غەللە-پاراق دەپتىرى، يەر خېتى، قەرز چېكىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، ئەمەلدارلار، مۇشتۇمزورلار، پومېششىكلار، جازانە-خورلارنىڭ مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ كەمبەغەل خەلققە تەقسىم قىلىپ بەردى. شۇڭا ھەممىلا جايدا دىخانلار تەيپىڭ ئارمىيىسگە كۆپلەپ قاتنىشىپ، ئىنقىلاۋىي قوشۇندىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى. ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۈرلۈك مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشقان قول ھۈنەرۋەنلەر، شەھەر

كەمبەغەللىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن تەيپىڭ ئارمىيىسىگە قاتناشتى.
تەيپىڭ تيەنگو ھۆكۈمىتى 1853-يىلى نەنجىڭدا رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ ھۆكۈمەت ئالدى بىلەن «تەيپىڭ تيەنگونىڭ يەر تۈزۈمى»نى ئېلان قىلىپ، پومىششىكلارنىڭ يەر ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمىنى تۈپتىن ئىنكار قىلدى، ھەر بىر دېھقاننىڭ ئاددى تۇرمۇشىنى قامدىيالايدىغان يېرى بولۇشى لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلدى. تەيپىڭ تيەنگونىڭ يەر مەسىلىسىدىكى بۇنداق تەشەببۇسى، بىر تەرەپتىن، فېئودالىزىمغا ئۆزۈل-كېسىل قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلاۋىيلىقنى ئىپادىلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، يەرنى مۇتلەق ھالدا تەڭ تەقسىم قىلىش ھەمدە يەرنى تەڭ تەقسىم قىلغان ئاساستا مۈلۈك ئومۇملىقىنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى قۇرۇق خىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ قۇرۇق خىياللار ئەمەلگە ئاشمايتتى. تەيپىڭ تيەنگو شەھەرلەردە قول سانائەت زاۋۇدىنىڭ خاراكتېرىغا يېقىن كېلىدىغان تۈرلۈك ھۈنەرۋەنلىك دۇكانلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. سودا جەھەتتە ئەركىن سىياسەت قوللىنىلدى، باج-سېلىق ناھايىتى يېنىك بولدى ھەمدە رەسمىيەت ئاددى بولدى، شۇڭا سودا راۋاج تاپتى. تەيپىڭ ئارمىيىسى تۇرۇشلۇق رايونلاردا يىپەك-چاي كۆپلەپ سىرتقا چىقىرىلىپ تۇردى، ئەپيۇن سودىسى تامامەن يوقىتىلدى.

**تەيپىڭ تيەنگونىڭ مەغلۇپ بولۇشى** تەيپىڭ تيەنگو نەنجىڭنى ئالغاندىن كېيىن، فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەركى-

ژى بولغان بېيجىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلمىدى، چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاياىچ بازىسى بولغان شاڭخەينىمۇ ئىشغال قىلمىدى، بۇ — ئىستىراتېگىيىلىك خاتالىق. 1853 - يىلى تەيپىڭ تيەنگو لىن فېڭشياڭ (؟~1855 - يىللار)، لى كەيفاڭ (1824~1855 - يىللار) نى شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى باشلاپ ھۇجۇم ياساشقا ئەۋەتتى، ئۇلار بىرنەچچە ئۆلكىلەردە ئۇرۇش قىلىپ يۈرۈپ تيەنجىنگە باردى، بىراق ئۇلار ئارقا ياردەم ئۈزۈلۈپ قېلىش سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولدى. شى داكەي (1831~1863 - يىللار) چاڭجياڭ دەرياسىنى بويلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى باشلاپ كېتىۋاتقاندا، پومېشچىكلارنىڭ قوراللىق كۈچىنىڭ كاتتىۋېشى زېڭ گوفەن (1811~1872 - يىللار) نىڭ قارشىلىقىغا يولۇقتى. ئۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى، زېڭ گوفەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك پومېشچىكلارنىڭ كۈچلىرىنى كەڭ قوزغاپ، ئەكسىيەتچىل نەزىرىيىنى تەرغىپ قىلىپ، ئەڭ ۋەھشى جاللات بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ "خۇنەن قوشۇنى" تەيپىڭ تيەنگونىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولۇپ قالدى. 1856 - يىلى تەيپىڭ تيەنگو رەھبەرلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زور بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. پومېشچىك - باي سودىگەر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ۋېي چاڭخۇي (؟~1856 - يىللار) كەمبەغەل دېخان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان مەشھۇر ھەربىي يولباشچى ياڭ

شيۇچىڭ (؟~1856 ـ يىللار)نى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن نەچچە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى. ۋېي چاڭخۇيمۇ ئۇزاققا قالمايلا ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر يولباشچى شى داكەي (پومىششىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان) قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئاساسىي قوشۇندىن ئايرىلىپ چىقىپ، يەككە ـ يىگانە هالدا ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن، ئىنقىلاۋىي كۈچ زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتىپ، ھەربىي جەھەتتە كۈندىن ـ كۈنگە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. تەيپىڭ تيەنگو ئاخىرقى بىرنەچچە يىللىق ئۇرۇشتا، ئاساسەن، لى شۇـ چېڭ (1823~1864 ـ يىللار) ۋە چېن يۈچېڭ (1837~1862 ـ يىللار)غا ـــ مۇشۇ ئىككى ياش سەركەردىگە تايانىدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەر چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرىدىن ئېرىشـ مەكچى بولغان ھەممە نىمىگە ئېرىشتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ قورالـ لىق كۈچلىرىمۇ تەيپىڭ ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ئاشكارا ياردەملەشتى. 1860 ـ يىلدىن كېيىن، ئامېرىكىلىق ۋارد (F·T·Ward) چەتئەللىك لۈكچەك ـ چوماقـ چىلارنى يىغىپ كېلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ، تەيپىڭ تيەنگونىڭ قولىدىكى شەھەرلەرگە هۇجۇم قىلىپ بۇلاڭـ چىلىق قىلدى ۋە ئولجىغا ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى چەكلىك بولدى، ئاتالمىش "غالىپ قوشۇن" لى شيۇچېڭ تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم تارمار قىلىندى.

1863 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم سەركەر-
دىسى لى خۇڭجاڭ (1822~1901 ـ يىللار) بىلەن ئەنگلىيە
قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مەسئۇللىرى "غالىپ قوشۇن"نى
ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلدى،
ئەنگلىيە ھەربى خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىلەرنىڭ بۇ قوشۇنغا
قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەنگلىيە
ئەپتسەرى گوردون (C·G·Gordon) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى
تەيىنلىگەن خىزمەتنى قوبۇل قىلىپ، "غالىپ قوشۇن"غا باش
بولۇپ، لى خۇڭجاڭنىڭ قوماندانلىغىدا ئۇرۇش قىلدى. ئۇلار ئۇ-
چىغا چىققان زەھەرلىك ۋاستە بىلەن، سۇجۇنى ساقلاۋاتقان تەيپىڭ
ئارمىيىسىدىكى بەزى مۇناپىقلارنى ئەل قىلىۋالدى. بۇ مۇناپىقلار
شۇ يىلى 12 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى (جۈملىدىن ئاتال-
مىش "غالىپ قوشۇن")نى سۇجۇ شەھىرىگە كىرگۈزۈۋەتتى.
لى خۇڭجاڭ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ھە دەپ قىرغىنچى-
لىق قىلدى ھەمدە پۈتۈن شەھەرنى بۇلىدى. فرانسىيىنىڭ
دېڭىز ـ قۇرۇقلۇق ئارمىيىلىرىنىڭ سەركەردىلىرىمۇ جېجياڭ
ئۆلكىسىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر سەركەردىسى زو زۇڭ-
تاڭنىڭ ھۇجۇمىنى قوللىدى. ئەكسىيەتچى كۈچلەر ۋە تاجاۋۇزچى
كۈچلەرنىڭ بىرلىشىپ باستۇرۇشى ئارقىسىدا، تەيپىڭ تيەنگو
ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى. 1864 ـ يىل 6 ـ ئايدا خۇڭ شيۇ-
چۈەن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى
نەنجىڭ قولدىن كەتتى. شەھەرنى قوغداۋاتقان تەيپىڭ ئارمى-

يىسى جەڭچىلىرىدىن بىرىمۇ تەسلىم بولمىدى. بەزىلىرى پىداكارلىق بىلەن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى، بەزىلىرى ئۆزىنى ئۆرتەپ ئۆلتۈرۈۋالدى. لى شيۇچېڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى، ئۇ قاماقتا يېتىپ نەچچە ئون مىڭ خەتلىك ھەققى تارىخنى يېزىپ چىقتى، ئەمما بۇنىڭدا ئىنقىلاپتىن يالتىيىپ قالغانلىغىنىمۇ ئىپادىلەپ قويۇپ، ئۆزىگە چوڭ بىر داغ تەككۈزدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زېڭ گوفەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى نوقۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ فېئودالىزىمغا ۋە كاپىتالىستىك تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇشتەك قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. مىليونلىغان نامرات دېھقانلار ئۆز ئازاتلىغى يولىدا ئۆلگىچە كۆرەش قىلىپ، جۇڭگو ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەر ئالدىدا تىز پۈكمەي باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى ئىپادىلىدى. ئۇ چاغدا تېخى پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىگى بولمىغاچقا، شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا، بۇنداق نوقۇل دېھقانلار ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. ئەمما تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى لىڭشىتىپ قويدى، كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو خەلقىنى قوراللىق كۈچ بىلەن بوي سۇندۇرۇش خام خىيالىغا زەربە بەردى.

**نيەنجۈن قوشۇنىنىڭ قوزغىلىڭى ۋە ئاز سانلىق مىللەت-**

لەرنىڭ ئاممىۋى قوزغىلاڭلىرى  تەيپىڭ تيەنگوغا ماسلاشقان نيەنجۈن قوشۇنى شىمالدىكى دىخانلار ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، نيەنـ جۈن قوشۇنى ئەنخۈي، خېنەن رايونلىرىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. 1856 ـ يىلدىن 1860 ـ يىلغىچە، ئۇلار تەيپىڭ ئارمىـ يىسىگە ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ، زور ئۇتۇقلارنى ھاسىل قىلغان ئىدى؛ بىراق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىتتىپاقلاشمىدى ۋە ھەمكارلاشـ مىدى. ئۇلاردا قاتتىق تەشكىلىي ئىنتىزام كەمچىل بولدى، ئىچكى قىسمىدا خائىنلىق قىلمىشلىرى بولۇپ تۇردى. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى نيەنجۈن قوشۇنىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن تاقابىل تۇردى، 1868 ـ يىلى نيەنجۈن قوشۇنى ئاخىر يوقىتىلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر خەلقىمۇ خەنزۇ خەلقىگە ئوخشاشلا، قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلدى، زادىلا تىز پۈكمىدى. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى مەملىكەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قوزغىلىپ كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قارشىلىق كۆرسىتىشىگە تۈرتكە بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە مياۋزۇ مىللىتى ۋە خۇيزۇ مىللىتىنىڭ قارشىلىقى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

50 ـ يىللاردىن باشلاپ، مياۋزۇ مىللىتى گۇيجۇ بويىچە كەڭ كۆلەمدە كۆتەرگەن قوزغىلاڭ 20 يىلچە داۋام قىلدى (1854 ~ 1872 ـ يىللار). ئۇلار تەيپىڭ ئارمىيىسىنىڭ شى داكەي قىسمى بىلەن بىر مەھەل ئالاقە ئورناتقان ئىدى. ئەكسىيەتچىلەر قوزغىلاڭنى چوڭ قىرغىنچىلىق بىلەن باستۇرۇپ، مىليونچە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما مياۋزۇ مىللىتىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنى ئۇجۇقتۇرالمىدى.

يۈننەندىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇردى. 1855 ـ يىلى يۈننەندىكى خۇيزۇ خەلقى ئالدى بىلەن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. يۈننەننىڭ غەربىدىكى يۈگچاڭدا كۆتىرىلگەن قوزغىلاڭ چاپسان ئەۋج ئېلىپ قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالدى. دۇ ۋېنشيۇ (؟ ~ 1873 ـ يىللار) قوزغىلاڭ راۋاجلىنىپ ئوتتۇرا مەزگىلگە كەلگەندە رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. ھەر مىللەت خەلقى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىشانى ئاستىدا ئىتتىپاقلاشقانلىقتىن، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ تەسىر كۈچى تېزلا پۈتۈن ئۆلكىگە كېڭەيدى. دۇ ۋېنشيۇ 1867 ـ يىلى 20 تۈمەن كىشىلىك قوشۇننى كۇنمىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 1869 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ كۇنمىڭ ئەتراپىدا كۆپ ئەسكەرىي كۈچىنى يوقىتىپ قويۇپ، مۇداپىئەگە ئۆتتى. 1873 ـ يىلى دالى شەھىرى قولدىن كەتتى، دۇ ۋېنشيۇ زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى، يۈننەندىكى ھەر مىللەت خەلقى چىڭ سۇلالىسى

قوشۇننىڭ ئىنتايىن رەھىمسىز قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى.

شەنشى ۋە گەنسۇدىمۇ خۇيزۇلار 1861~1863 - يىللاردا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋىغا ماسلاشتى. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى زو زۇڭتاڭ (1812~1885 - يىللار)نى نۇرغۇن قوشۇننى باشلاپ شەنشىگە بېرىشقا ئەۋەتتى، زو زۇڭتاڭ قوزغىلاڭچىلار قوشۇننى شىمالىي شەنشىدە قاپسىۋېلىپ قىرغان (1869 - يىلى)دىن كېيىن، ئاندىن گەنسۇغا كىردى. ئۇ 5 يىل ئۇرۇش قىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خۇيزۇلارنىڭ تايانچ بازىلىرىنى قويماي يىمىرىپ تاشلىدى، ئاخىرقى قورغان سۇجۇغا توپلانغان خۇيزۇ خەلقىنى پۈتۈنلەي دىگۈدەك قىرىپ تاشلىدى (1873 - يىلى).

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ 1864 - يىلدىن باشلاپ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىنى باشلىۋەتتى، كۈرەش 1876 - يىلىغىچە داۋام قىلدى. زو زۇڭتاڭ شىنجاڭغا زور قوشۇن باشلاپ بېرىپ باستۇردى. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قوقاندىن جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ياقۇپبەگ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى يوقاتتى، شىنجاڭ خەلقى جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىچىلىك قۇللۇغىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، زو زۇڭتاڭ خەلققە پايدىلىق رول ئوينىدى.

مۇشۇ بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى ۋە تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى شۇنىڭدەك نيەنجۈن قوشۇننىڭ

قوزغىلىڭى تومۇرداش ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى مەملىكەت مىقياسىدا ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا قانات يايدى. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشى خەلقنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى باستۇرالمىدى، ئەكسىچە، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى كۈچەيتتى.

## 3. جۇڭگونىڭ 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن 80-يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەزىيىتى

جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىك ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشى ئەپيۇن ئۇرۇشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە ئەلگە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ توختىماي كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان قارشىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە پەيدىن-پەي بىرلىشىشى ئارقىسىدا، جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكە ئەلگە ئايلىنىش سۈرئىتى قەدەممۇ-قەدەم تېزلەشتى. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ قويدى، ھۆكۈمرانلار ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە، ئىچكى جەھەتتە زۇلۇمنى ئېغىرلاشتۇردى، تاشقى جەھەتتە كاپىتالىزىم — جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتتى.

خانئانا سىشى (1835~1908 ـ يىللار) باشچىلىغىدىكى فېئوداللىق ھاكىمىيەت زېمىن گوفەن ۋەكىللىگىدىكى خۇنەن مىلىتارىستلىرىغا ۋە لى خۇڭجاڭ ۋەكىللىگىدىكى ئەنخۇي مىلىتارىستلىرىغا تايىنىپ پۈتۈن مەملىكەتنى تىزگىنلەپ تۇردى. 1870 ـ يىلىدىن بۇيانقى 20 نەچچە يىل ئىچىدە، لى خۇڭجاڭ يېڭىچە قوراللانغان شىمال دېڭىز ـ قۇرۇقلۇق ئارمىيىلىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە مۇھاپىزەت ۋە باستۇرۇش يۈرگۈزدى.

ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش ۋەيران قىلىۋەتكەن يېزا ئىگىلىكى 80 ـ يىللارغا كەلگەندىلا بارا ـ بارا ئەسلىگە كەلدى. ئەمما پومېشىكلار يەر قوشۇۋېلىشنى كۈچەيتتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلاپ كەتتى. چىرىك چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى مالىيە چىقىمنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، پارچە باج، بىر پىرسەنتلىك باج، ئىئانە ۋە سېلىق چېچىش يۈكلىرىنى دېھقانلار، ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۈستىگە بىۋاسىتە ۋە ۋاستىلىك ھالدا ئارتتى. چەتئەل كاپىتالىزىمى ئەمىلىيەتتە 5 پىرسەنتتە يەتمەيدىغان چېگرا بېجى ۋە 2.5 پىرسەنت چازا يېرىم بېجىدىن پايدىلىنىپ، پاختا يىپ، پاختا رەخت، كىرسىن، تاماكا قاتارلىقلارنى تۆۋەن باھادا كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، يېزىلاردىكى ياپكارچىلىق (ئىگىرىش ـ توقۇش) قاتارلىق ئاساسىي قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنى بارا ـ بارا ۋەيران قىلىپ، دېھقانلارنى ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باھادا سېتىش ھساۋىغا ئىمپورت ماللىرىنى

يۇقۇرى باھادا ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. مۇشۇ چەتئەل تاۋارلى-رىنىڭ ئىمپورت قىلىنىشى شەھەرلەردىكى قول سانائەت ئىش-لەپچىقىرىشىنىمۇ ۋەيران قىلدى. 1864 - يىلدىن 1894 - يىلغىچە، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئومۇمى سوممىسى يۈز مىليون تاموژنا سەر كۆمۈشتىن 300 مىليون تاموژنا سەر كۆمۈشكە يەتتى، ئىمپورت قىلىنغىنى سانائەت بۇيۇملىرى ۋە ئەپيۇن بولدى، ئېكسپورت قىلىنغىنى يىپەك، چاي، پاختا ۋە باشقا خام ئەش-يالار بولدى. چەتئەلنىڭ كېمە - پاراخوتلىرى دېڭىز بويلىرى ۋە دەريا ياقىلىرىدىكى نەقلىياتنى مونوپول قىلىۋالدى، چەت-ئەللىك باجگىرلار تاموژنا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ۋە دېڭىز بويلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئىشلىرىنى ئىگىلىۋالدى، چەتئەل بانكىلىرى (مەسىلەن، ئەنگلىيىنىڭ خۇيفېڭ بانكىسى، چارتېرېد بانكىسى) جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئىگىلىۋالدى. فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە چەتئەلنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇل قىلىشى خەلقنى ئىككى چوڭ تاغدەك تەڭلا بېسىپ تۇردى.

**فېئودال بيۇروكراتلارنىڭ "ئەجنەبىلەرنى ئۈلگە قىلىش" ھەركىتى ۋە يېقىنقى زامان سانائەت كاپىتالىزمىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى** بۇ چاغدا، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى بىر قىسىم مىلىتارىستلار، بيۇروكراتلار "ئەجنە-بىلەرنى ئۈلگە قىلىش" دىگەننى تەشەببۇس قىلىپ، كاپىتالىس-تىك دۆلەتلەرنىڭ كۈچلىرىگە تايىنىش، چەتئەل كاپىتالىزمى-

نىڭ تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىش بىلەن، كونسايىن زاۋاللىقا يۈز تۇتۇۋاتقان فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى ساقلىماقچى بولدى. خۇنەن مىلىتارىستلىرى بىلەن ئەنخۇي مىلىتارىستلىرى بۇنداق "ئەجنەبىلەرنى ئۆلگە قىلىش" ھەركىتىدە باش رولچى بولدى. 60 ـ يىللاردىن 70 ـ يىللارغىچە، خۇنەن مىلىتارىستلىرى بىلەن ئەنخۇي مىلىتارىستلىرى "ئەلنى كۈچەيتىش" نامى بىلەن، ھۆكۈمەت مەبلىغى سېلىنغان، بىيۇروكرات ـ دەللاللار باشقۇرىدىغان بەزىبىر ھەربى لازىمەتلىكلەر سانائەتلىرىنى قۇردى. ئۇلار چەتئەللىك تېخنىكلارنى ياللىۋالدى، چەتئەلدىن ماشىنا سېتىۋالدى، تاۋار ئىشلەپچىقارماي، ئاساسەن ھەربى لازىمەتلىكلەرنى ئىشلەپچىقاردى. بۇنداق ئىگىلىك، ماھىيەتتە، فېئوداللىق ھۆكۈمەت سانائىتىنىڭ داۋامى ئىدى. ئۇلار سۇ قاتنىشى ئىشلىرى ۋە كۆمۈر كان ئېچىش ئىشلىرىنىمۇ ئېلىپ باردى. لى خۇڭجاڭ 1872 ـ يىلى قۇرغان پاراخوت شىركىتى — پاراخوت قاتناش ئىدارىسى ھەممىدىن داڭلىق ئىدى، بۇنىڭغا خۇسۇسىلارمۇ پاي قوشقان ئىدى، ئەمما ئۇنى فېئودال مىلىتارىستلار ۋە چەتئەلنىڭ دەللاللىرى پۈتۈنلەي تىزگىنلىۋالغان ئىدى. پايچىلاردا، ئەمەلىيەتتە، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئاتالمىش "ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكىدە سودىگەرلەر باشقۇرۇش" ئىشلىرى تازا ئەۋج ئالدى. بۇ، سودىگەرلەر پۇل چىقىرىدۇ، بىيۇروكراتلار باشقۇرىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. 1882 ـ يىلى پىلانلىنىپ ھەممىدە تەييارلىق

كۆرۈلۈپ ئون يىلدىن كېيىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن شاڭخەي ماشىنىلاشقان توقۇمىچىلىق فابرىكىسى ئەنە شۇنداق "ھۆكۈمەت نازارەتچىلىكىدە سودىگەرلەر باشقۇرىدىغان" كارخانا ئىدى. بۇنداق كارخانىلارنى چىرىكلىشىپ كەتكەن، خىيانەتچى بىيۇروكراتلار باشقۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەمىشە زىيان تارتىپ، ئاخىر ھەننىۋا ئىناۋىتىنى يوقىتىپ قويىدى، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ مەبلەغ قوشمايدىغان بولدى.

70 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئايرىم كاپىتالىستلار گۇاڭدۇڭ، شاڭخەي، ۋۇخەن قاتارلىق جايلاردا كىچىك كۆلەملىك مېتال سايمانلار زاۋۇدى، قەغەز زاۋۇدى، سەرەڭگە زاۋۇدى، يىپەك چىلىك فابرىكىسىنى قۇرۇشقىمۇ باشلىدى. بۇ جۇڭگودىكى دەسلەپكى مىللى كاپىتالغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭى سانائەت ئىدى، ئەمما ئۇ چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ قوش زۇلمى ئاستىدا راۋاجلىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى. "ئەجنەبىلەرنى ئۆلگە" قىلغۇچى بىيۇروكراتلار ماشىنىلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، سانائەتنى ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا تىرىشىپ، مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى.

سانائەت كاپىتالىزمى دەسلەپكى قەدەمدە بىخ سۈرۈۋاتقان ئىجتىمائى شارائىت ئارقىسىدا، شۇ چاغدىكى بەزى زىيالىلار بۇرژۇئا خاراكتېرىدىكى سىياسى ئىسلاھات تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى. مەسىلەن، شاڭخەي رايونىدا

سودىگەرچىلىك قىلىغان جېنىڭ گۆەنىيىنىڭ «گۈللەنگەن دەۋر ئەقلىيەلىرى» دىگەن كىتاپنى يېزىپ، غەرپلىكلەرنىڭ سانائەت تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى غەرپلىكلەرنىڭ سىياسىسىنى يەنى بۇرژۇئا سىياسىسىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. يەنە مەسىلەن، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى بەزى ئاقسىلانە پومىشىكلار پارلامېنت قۇرۇشنى تەرغىپ قىلدى، بۇ جياڭسۇ-جېجياڭ رايونلىرىدىكى فېئوداڵ پومىشىكلار مىللى بۇرژۇئازلارغا ئايلىنىشقا ئىنتىلىۋاتقان ئىسلاھاتچىلىق خاراكتىرىدىكى دېموكراتىك ئىدىيىنى ئىپادىلىدى.

**كاپىتالىستىك تاجاۋۇزچىلارنىڭ جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىغا ھەدەپ تاجاۋۇز قىلىشى** كاپىتالىستىك چەتئەل قاراقچىلىرىنىڭ نەپسى تويمايدۇ. 1869-يىلى سۇۋەيش قانىلىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى بىلەن، ياۋروپادىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن بولىدىغان سودا يولى ۋە ھەربى قاتناش يولى قىسقاردى. ئىمپورت ماللىرىنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشى ئارقىسىدا، 1873-يىلى شاڭخەي قاتارلىق جايلارنىڭ ھالى خاراپ بولدى. چەتئەل كاپىتالىزمى تاجاۋۇز قىلىدىغان زېمىننى كېڭەيتىشنى جىددى تەلەپ قىلدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر مەلۇم زېمىننى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىك رايوننىڭ بازىرىنى ۋە بايلىق مەنبەسىنى تەنھا ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن، ئايرىم-ئايرىم ھالدا جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىغا تاجاۋۇز

قىلدى.

ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ ليۇچيۇ تاقىم ئارالىرىغا تاجاۋۇز قىلىشىنى قوللىدى، شۇنداقلا ياپونىيە بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭگونىڭ زېمىنى تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلدى. 1874-يىل 4-ئايدا ئامېرىكىنىڭ ھەربىي سەپتىن بوشانغان ئەپتىسەرى لې گېندىر (Le Gendre) ۋە دېگىز-قۇرۇقلۇق ئارمىيىلىرىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان بىرقانچە ئەپتىسەرلىرى شۇنىڭدەك ياپونىيەنىڭ سەركەردىلىرىدىن داۋېي، شىشياڭ ياپونىيە قوشۇنىغا ئورتاق قوماندانلىق قىلىپ تەيۋەننىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى لاڭچياۋدا قۇرۇقلۇققا چىققاندا، تەيۋەن خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچكېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. 1879-يىلى، ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى گرانت كېلىشتۈرگۈچى سالاھىيىتى بىلەن، ليۇچيۇ تاقىم ئاراللىرىنى جۇڭگو بىلەن ياپونىيىنىڭ بۆلۈشۈۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى، جۇڭگو بۇنىڭغا ئۇنىمىدى. 1881-يىلىغا كەلگەندە ياپونىيە ليۇچيۇ تاقىم ئاراللىرىنى ئاخىر تامامەن بېسىۋالدى.

ئەنگلىيە بىرمىنى قەدەممۇ-قەدەم يۇتۇۋالدى ھەمدە تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى جۇڭگونىڭ يۈننەن ئۆلكىسىگە كىرگۈزدى. 1876-يىلى ئەنگلىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ «يەنتەي شەرتنامىسى»نى ئىمزالاتتى، شۇنىڭ بىلەن يۈننەن ۋە سىچۈەن، شىزاڭ، چىڭخەي، گەنسۇدا ھەركەت قىلىش شارائىتىغا ئىگە بولدى.

فرانسىيمۇ ۋيېتنامغا پائال تاجاۋۇز قىلدى ھەمدە ۋيېتنام

ئارقىلىق يۇننەنگە كىرىشكە ئۇرۇندى. فرانسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقنى جىددىيلەشتۈرۈشى 1883 - يىلدىن 1885 - يىلغىچە بولغان جۇڭگو - فرانسىيە ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ئۇرۇشتا، بۇرۇن گۇاڭشى دېخانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىسى بولغان، كېيىن مەجبۇرى هالدا جۇڭگو - ۋيېتنام چېگرىسىغا چېكىنگەن ليۇ يۇڭفۇ (1837~1916 - يىللار) ۋە ئۇ باشچىلىقىدىكى قارا تۇغلۇق قوشۇن فرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتكۈچى ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى. يەنە بىر پېشقەدەم سەركەردە فېڭ زىسەي (1818~1903 - يىللار) 1885 - يىل 3 - ئايدا جېننەنگۇەندە فرانسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى تارمار قىلدى، بۇ غەلىبە فرانسىيىنىڭ شۇ چاغدىكى هۆكۈمىتىنىڭ تەختتىن چۈشۈشىگە سەۋەپ بولدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، شۇ چاغدىكى هوقۇقدار لى خۇڭجاڭ ئۇرۇشنى تېز ئاياقلاشتۇرۇپ، فرانسىيە بىلەن ۋەتەنگە هاقارەت كەلتۈرىدىغان شەرتنامە تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى.

جۇڭگو - فرانسىيە ئۇرۇشى 20 نەچچە يىلدىن بېرى "ئەجنەبىلەرنى ئۆگىنىش"نى تەشەببۇس قىلىپ، هەربىي لازىمەتلىكلەر سانائىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بيۇروكراتلار ۋە مىلىتارىستلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسەتتى، بۇنداق مەغلۇبىيەت ئون يىلدىن كېيىنكى، يەنى 1894 - يىلى پارتلىغان جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەندى.

## 4. جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشى ۋە كۈچلۈك جاھانـ گىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش خەۋپى

ياپونىيىنىڭ چاۋشيەننى ۋە جۇڭگونى يۇتۇۋېلىش قارا نىيىتى چاۋشيەن بىلەن جۇڭگو چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن دۆلەتلەر. بۇ ئىككى ئەل خەلقى ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى مەدەنىيەت ۋە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىمۇ قويۇق ئالاقە قىلىپ كەلدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، چاۋشيەننىڭ سەركەردىسى لى شۈنچېن قوماندانلىغىدىكى ئارمىيە بىلەن جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى ياردەمگە ئەۋەتكەن قوشۇنى بىرلىشىپ ياپونىيىنىڭ فېڭچېن شىيۇجى قوماندانلىغىدىكى تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى چېكىندۈرۈپ، جۇڭگو ـ چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئىتتىپاقـ لىغىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ياپونىيە مېيجىڭ يېڭىلىقچا كۆچۈش ھەركىتىدىن كېيىن فېئودال كۈچلەر بىلەن زىچ بىرلەشكەن كاپىتالىزمنى راۋاجـ لاندۇرۇشقا باشلىدى. ياپونىيىنىڭ "چوڭ قۇرۇقلۇق سىياسىتى"، كېيىنكى كۈنلەردە تېەنجۇڭ يىيى ئاشكارىلاپ قويغاندەك، جۇڭـ گونىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىگە، چاۋشيەنگە، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا ۋە موڭغۇلىيىگە، ھەتتا پۈتۈن جۇڭگوغا، پۈتۈن دۇنياغا مۇددەتكە بۆلۈپ تاجاۋۇز قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ياپونىيە ليۇچيۇ تاقىم ئاراللىرىغا، تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلىشقا

باشلىغان چاغدا، چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىشقىمۇ باشلىدى. ياپونىيە پاراخودى 1875 - يىلى جياڭخۇا ئارىلىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى، ئارقىدىنلا چاۋشيەننى سودا پورتلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە، ياپونىيىنىڭ چاۋشيەننىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىنى ئەركىن ھالدا ئۆلچەپ چىقىشىغا يول قويۇشقا زورلىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چاۋشيەننىڭ ياپونىيىگە قارشى تۇرۇشىغا رەسمىي ھالدا ياردەم بەرمەي، چاۋشيەننى ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن سودا قىلىشقا ئاستىرتىن ئۈندەپ، شۇ يول بىلەن ياپونىيىنى ئىسكەنجىلەشكە ئۇرۇندى. ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچى كۈچلىرى چاۋشيەندە كۈنسايىن كېڭەيدى.

1882 - يىلى چاۋشيەننىڭ ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچكى مالىمانچىلىققا پېتىپ قالدى، ياپونىيە قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاۋشيەنگە بېسىپ كىردى. 1864 - يىلى ياپونىيە قوشۇنى چاۋشيەننىڭ خان سارىيىنى بېسىۋالدى. جۇڭگو قوشۇنى بىلەن چاۋشيەن خەلقى بىرلىشىپ ياپونىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. ئەمما بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چار روسىيىنى باشلاپ كىرىش يولى بىلەن ياپونىيىنى بايقۇت قىلىشقا ئۇرۇندى. ياپونىيە ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، چاۋشيەندە تەسىر كۈچلىرىنى داۋاملىق تۈردە كېڭەيتتى.

**1894 - يىلدىن 1895 - يىلغىچە بولغان جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى** 1894 - يىلى چاۋشيەن خەلقى دۇڭشۆداڭنىڭ قوزغىشى

ئارقىسىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، فېئودالىلىق زۇلۇمغا ۋە جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتتى. چاۋشيەن ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى، ياپونىيىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەسكەر چىقىرىپ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. جۇڭگو قوشۇنى چاۋشيەنگە يېتىپ بارغان چاغدا، دۇڭشۆداڭ ۋەقەسى ئاياقلاشقان ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياپونىيىگە نوتا تاپشۇرۇپ، جۇڭگو ۋە ياپونىيە ئۆز ئەسكەرلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ياپونىيە قوشۇنى چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە ئۇنىمىغانىنىڭ ئۈستىگە، چاۋشيەننىڭ پادىشاسىنى بۇلاپ كېتىپ، خەنچېڭ (چاۋشيەننىڭ پايتەختى) ئەتراپىدىكى يوللار ۋە مۇھىم جايلارنى بېسىۋېلىپ، جۇڭگوغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشى كېلىپ چىقتى.

جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىدا، جۇڭگونىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرى ۋە بەزى ئەپىتسەرلىرى تولىمۇ باتۇرلۇق كۆرسەتتى، مەسىلەن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى ئەپىتسەرى زو باۋگۈي (؟~1894-يىللار)، دېڭىز ئارمىيىسى ئەپىتسەرى دېڭ شىچاڭ (؟~1894-يىللار) قاتارلىقلار ۋە ئۇلار قوماندانلىق قىلغان ئەسكەرلەر دۈشمەنگە باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، شانلىق جەڭ نەتىجە-لىرىنى ياراتتى ۋە ئەڭ ئاخىردا باتۇرانە ھالدا قۇربان بولدى. ئەمما گۇاڭشۈخان (1875~1908-يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە

ۋېڭ تۇڭخې (1830~1904 ـ يىللار) باشچىلىغىدىكى ئۇرۇش قىلىشنى قۇۋۋەتلىگۈچىلەر ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئويىدىلا بولغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئۇرۇش قىلىش چارىسى يوق ئىدى. خانىشانا سىشى ۋە لى خۇڭجاڭ باشچىلىغىدىكى تەسلىمچىلەر روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ياپونىيىنى توساشنىلا تىلىدى، ئۇرۇش قىلىشقا ھىچقانداق تەييارلىق كۆرمىدى. ئۇ چاغدا تەسلىمچىلەرنىڭ تەسىر كۈچى زور ئىدى، شۇڭا بۇ ھال ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تېزلەتتى، ئاقىۋەتتە ياپونىيە قوشۇنى چاۋشيەننى، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى ۋە ۋېيخەيۋېينى بېسىۋالدى. 1895 ـ يىلى ياپونىيە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ «ماگۇەن شەرتنامىسى»نى ئىمزالاتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇنۇلارغا ماقۇل بولدى: ① چاۋشيەن پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش (ئەمەلىيەتتە، ياپونىيىنىڭ ئىلكىدە بولۇش)؛ ② لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى، تەيۋەننى، پېڭخۇ تىزما ئاراللىرىنى ياپونىيىگە بۆلۈپ بېرىش؛ ③ ياپونىيىگە 200 مىليون سەر كۈمۈش ئۇرۇش خىراجىتى تۆلەش؛ ④ ياپونلارنىڭ جۇڭگونىڭ سودا پورتلىرىدا ئۆز مەيلىچە تۈرلۈك ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇش.

تەيۋەن ئارىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، ليۇ يۇڭفۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياپونىيە قوشۇنى بىلەن يېرىم يىل جەڭ قىلدى، ئۇلار مەملىكەت ئىچىدىكى

ھەرقايسى جايلاردىكى خەلقنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى. ئەمما چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەيۋەننى قامال قىلدى، تەيۋەنگە بولغان ياردەمنى ئۈزۈپ قويدى، نەتىجىدە ليۇ يۇڭفۇ ۋە باتۇر تەيۋەن خەلقى ئاخىر مەغلۇپ بولدى. 1895-يىلدىن تارتىپ 1945-يىلى تەيۋەن جۇڭگوغا رەسمىي قايتۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا، تەيۋەندىكى ھەر مىللەت خەلقى ياپونىيىگە قارشىلىق كۆرسىتىش، ۋەتەن قوينىغا يېنىپ قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىش يولىدىكى كۈرەشنى قەتئىيلىك بىلەن 50 يىل داۋاملاشتۇردى.

ياپونىيىنىڭ چاۋشيەننى ۋە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى بېسىۋېلىشى چار روسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق پىلانى بىلەن سىغىشالمايتتى. شۇڭا چار روسىيە گېرمانىيە ۋە فرانسىيە بىلەن بىرلىشىپ، ياپونىيىنى لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى. ئەنگلىيە چار روسىيىگە قارشى تۇرۇپ، ياپونىيە بىلەن بىرلىشىش ئويىدا بولغىنى بىلەن، ئۇمۇ ياپونىيىنىڭ جۇڭگو قۇرۇقلۇغىدا يەر-زېمىنغا ئىگە بولىۋېلىشىنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ چار روسىيىنىڭ قىلمىشىغا بىتەرەپ پوزىتسىيە تۇتتى. ياپونىيە ئىلاجسىز قېلىپ، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن، جۇڭگودىن يەنە 30 مىليون سەر كۈمۈش تۆلىتىۋالدى.

**كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تەسىر دائى**

رىلىرىنى ئايرىۋېلىشى جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دۇنيا كاپىتالىزمى تەرەققىي قىلىپ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا يەتتى، ئەركىن رىقابەتنىڭ ئورنىنى مونوپولىيە ئالدى، چەتكە كاپىتال چىقىرىش ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن «ماگۇەن شەرتنامىسى»نىڭ ئىمزالىنىشى بىلەن، بارلىق چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى جۇڭگودا ئەركىن ھالدا زاۋۇت قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتا كاپىتال چىقىرىشنى ئاساس قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىشتا قولايلىق شارائىتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ "تەسىر دائىرە"لىرى سۈپىتىدە جۇڭگودا رايونلارنى ئايرىۋېلىشقا باشلىدى. 1895 - يىلىدىن ئېتىبارەن، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگودا تايانچ بازىغا ئىگە بولۇش ۋە تەسىر دائىرە ئايرىۋېلىش رىقابىتىنى باشلاپ، جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش خەۋپىنى تۇغدۇردى.

فرانسىيە 1895 - يىلى ئەڭ ئاۋال يۈننەندىكى مېڭزۇ، ۋۇدې دېگەن ئىككى جايغا ئىگە بولۇشنى، ۋېيتنام تۆمۈريولىنى يۈننەنگە ۋە گۇاڭشىغا تۇتاشتۇرۇشنى، يۈننەن، گۇاڭشى ۋە گۇاڭدۇڭدا كان ئېچىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. 1897 - يىلى يەنە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن خەينەنداۋ ئارىلىنى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى قۇرۇقلۇقنى باشقا

دۆلەتلەرگە بۆلۈپ بەرمەسلىك توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1898 ـ يىلى گۇاڭجۇ قولتۇغىنىمۇ "ئىجارە"گە ئېلىۋالدى.

ئەنگلىيە يۈننەن، گۇاڭشى ۋە گۇاڭدۇڭنىڭ پۈتۈنلەي فرانسىيىنىڭ تەسىر دائىرىسى بولۇپ قېلىشىغا يول قويماي، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يۈننەندىكى يېرىنشەننى ئەنگلىيىگە بۆلۈپ بېرىشنى، گۇاڭشى شىجياڭدىكى ۋۇجۇ قاتارلىق پورتلارنى ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. 1898 ـ يىلى ئەنگلىيە ۋېيخەيۋېينى "ئىجارە"گە ئېلىۋېلىپ، چار روسىيە بىلەن قارشىلاشتى؛ جيولۇڭ يېرىم ئارىلىنى، شياڭگاڭ ئەتراپىدىكى ئاراللارنى، داپېڭ قولتۇغىنى ۋە شېنجېن قولتۇغىنى "ئىجارە"گە ئېلىۋېلىپ، فرانسىيە بىلەن قارشىلاشتى.

گېرمانىيە 1897 ـ يىلى جياۋجۇ قولتۇغىنى زورىغا "ئىجارە"گە ئېلىۋالدى ھەمدە چىڭداۋ ـ جىنەن تۆمۈريولىنى ياساپ، تۆمۈريول ئەتراپىدىكى 30 چاقىرىم دائىرىدە كان ئېچىش ھوقۇقىنىمۇ ئىگە بولۇۋالدى، شۇنداقلا ئەنگلىيە بىلەن بىرلىكتە تيەنجىن ـ پۇكۇ تۆمۈريولىنى ياسىدى.

چار روسىيە 1898 ـ يىلى لۈشۈن ۋە دالىيەننى "ئىجارە"گە ئېلىۋېلىپ، شەرقىي مانجۇرىيە تۆمۈريولىنى ياسىدى. 1897 ـ يىلى بېيجىڭ ـ خەنكۇ تۆمۈريولى ۋە جېڭدىڭ ـ تەييۈەن تۆمۈريولىنى ياساش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالدى؛ ئەنگلىيە بۇنىڭغا قارشى ھالدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە شەنخەيگۇەننىڭ

سىرتىدا تۆمۈريول ياساشقا قەرز پۇل بەردى، شۇڭا چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر مەھەل ئىنتايىن كەس-كىن بولدى. 1899-يىلى چار روسىيە بىلەن ئەنگلىيە مۇرەسسەگە كېلىپ، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىنى ئەنگلىيە تۆمۈريول ياساي-دىغان دائىرە قىلىش، سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى رايون-لارنى چار روسىيە تۆمۈريول ياسايدىغان دائىرە قىلىش ئۈستى-دە ئۆزئارا پۈتۈشۈۋالدى.

كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا تەسىر دائىرىلىرى-نى ئايرىۋېلىشى نەتىجىسىدە، سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار چار روسىيىگە، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسى ئەنگلىيىگە، شەندۇڭ ئۆلكىسى گېرمانىيىگە، يۈننەن ئۆلكىسى، گۇاڭشى ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەنگلىيىگە، بىر قىسمى فرانسىيىگە، فۇجيەن ئۆلكىسى ياپونىيىگە تالىق بولدى-دە، جۇڭگونى تەدرىجى بۆلۈشۈۋېلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئامې-رىكا جۇڭگودا تەسىر دائىرىگە ئىگە بولالماي، 1899-يىلى ئاتالمىش "ئىشىكنى ئېچىۋېتىش" سىياسىتىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى جاكالىدى، بۇ سىياسەتتە، بىر تەرەپتىن، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەردىن جۇڭگودىكى ئىجارىگە ئالغان يەرلەرنى ۋە ئاتال-مىش "تەسىر دائىرە"لەرنى ئېچىۋېتىپ، ئامېرىكىنىمۇ تەڭ-باراۋەر مەنپەئەت ۋە پۇرسەتتىن بەھرىمەن قىلىش تەلەپ قىلىندى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگودىن ئىچكى ئۆلكىلەرنى تولۇق ئېچىۋېتىپ، ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنى مەبلەغ سې-

لىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىش، جۇڭگونى پۈتۈنلەي ھەر- قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش تەلەپ قىلىندى. ئەنگلىيە بۇنى بىرىنچى بولۇپ ياقلىدى، باشقا جاھان- گىر دۆلەتلەرمۇ بۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئامېرى- كا جۇڭگونى تەنھا ئىگىلىۋېلىش مەقسەت قىلىنغان تاجاۋۇزچى- لىق ھەركىتىنى ئەنە شۇنداق باشلىدى.

**چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىدۇر** چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈ- مىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، بىر قىسىم بيۇروكرات پومېشچىكلار خانئانا سىشى باشچىلىقىدا چەتئەلنىڭ ئەيش-ئىشرەت بۇيۇم- لىرىنى قارشى ئېلىپ ئۆزلىرى ھوزۇر ئالغاندىن تاشقىرى، كاپىتالىستىك خاراكتېردىكى ھەنىنۋا شەيئىگە قارشى تۇرۇپ، جاھىللارغا ئايلىنىپ كەتتى؛ يەنە بىر قىسىم بيۇروكرات پومېشچىكلار لى خۇڭجاڭ قاتارلىقلار باشچىلىقىدا جاھانگىرلارغا دەللال بولۇپ، جاھانگىرلارغا خىزمەت قىلىشقا، ئۆزلىرىمۇ بۇنىڭدىن نەپ ئېلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن كاپىتالىستىك نەرسىلەرنى ئاز-تولا ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، "ئەجنە- بىلەرنى ئۈلگە قىلغۇچىلار"غا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا بىرمۇنچە زىددىيەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككى- سىلا كۆچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىرادىسىنى سادىقلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغۇچىلاردۇر. «ماگۇەن شەرتنامىسى» ئىمزا- لانغاندىن كېيىن، كۆچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگودا

كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ، زاۋۇت قۇرۇپ، تۆمۈريول ياساپ، كان بايلىقىنى ئېچىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى ئىگىلەلىۋالدى. ئەنگلىيە، روسسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تاموژنا ھوقۇق-مەنپەئەتىنى كاپالەت قىلىشىنى شەرت قىلغان ھالدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە يەنە 370 مىليون سەر سىياسى قەرز پۇل بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. لى خۇڭجاڭ كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئەڭ سادىقلىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئادەم ئىدى، 1896-يىلى ئۇ روسسىيىگە بېرىپ چار پادىشانىڭ تاج كىيگەنلىكىنى تەبرىكلىدى، شۇنداقلا ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت 4 دۆلەتكە بېرىپ دۆلەت مەكتۇبى سۇندى. ئۇ چار روسسىيە بەرگەن پارىنى قوبۇل قىلىپ، «جۇڭگو-روسسىيە مەخپى شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ، شەرقىي شىمالنى سېتىۋەتتى. جاڭ جىدۇڭ (1837~1909-يىللار)، ليۇ كۇنيى (1830~1901-يىللار) قاتارلىقلار لى خۇڭجاڭنىڭ روسسىيىگە يېقىنلاشقانلىقىغا قارشى تۇرغان ئىدى، ئەمما ئۇلار مۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە ۋە ياپونىيىگە دەللال بولۇپ، جۇڭگونىڭ بىر مۇنچە ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىۋەتتى. قىسقىسى، جۇڭگودىكى پومشىشىك-دەللاللار سىنىپى جاھانگىرلىكنىڭ قورالى ئىدى، جاھانگىرلار مۇشۇ قورالنى ئىشلىتىپ جۇڭگو خەلقىنى ئەزدى.

جاھانگىر قاراقچىلار جۇڭگودىكى چىرىك ھۆكۈمرانلار سىننىپىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگودا ئۆز مەيلىچە ئەسكىلىك قىلدى، ياۋۇزلۇق بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلدى. دەل لېنىن ئېيتقاندەك: "ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى (ھەممىدىن ئاۋال روسىيە ھۆكۈمىتى بولسا كېرەك) جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلار دەسلەپتە ئوچۇق-ئاشكارا بۆلۈشۈۋالماستىن، ئوغرىدەك يوشۇرۇنلۇقچە بۆلۈشۈۋالدى. ئۇلار جۇڭگو زېمىنىنى خۇددى ئۆلۈكنىڭ بايلىقىنى ئوغرىلىغاندەك ئوغرىلىدى". («جۇڭگودىكى ئۇرۇش»، «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، 1-توم، 214-بەت، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1954-يىل نەشرى). بۇنداق ئېغىر ئەھۋال، بىر تەرەپتىن، جۇڭگودىكى كەڭ خەلقنى ئازات-ئوقۇبەتلىك قۇللۇق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاۋىي ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تۈرتكە بولدى.

## 5. 1898-يىلدىكى بۇرژۇئا سىياسى ئىسلاھات ھەركىتى

**بۇرژۇئا سىياسى ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشى** 80-يىللاردىن باشلاپ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ ۋەكىللىك قىلغان رايونلاردا بىر تۈرلۈك بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق پىكىر ئېقىمى پەيدا بولغان ئىدى. بۇنداق پىكىر ئېقىمى جاۋۇ ئۇرۇشىنىڭ تەسىر كۆرستىشى بىلەن كۈچەيدى، بۇنىڭ كونكى-

ىنت ئىپادىسى سىياسىنى يېڭىلاشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىسلاھات ھەركىتى بولدى. 1895 ـ يىلى «ماگۇەن شەرتنامىسى» ئىمزالىنىش ئالدىدا، گۇاڭدۇڭلۇق جۇرېن كاڭ يۇۋېي (1858~1927 ـ يىللار) بېيجىڭدا "مەملىكەتلىك ئىمتىھان"غا قاتناشقان جۇرېنلاردىن 1300 دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ گۇاڭشۇ خانغا كوللىكتىپ ئىمزا قويۇپ مەكتۇپ سۇنۇپ، «ماگۇەن شەرتنامىسى»گە قارشى تۇردى ھەمدە قانۇن ئۆزگەرتىش ـ يېڭىلىققا كۆچۈش پىروگىراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مانا بۇ "ۋۇشۇ قانۇن ئۆزگەرتىش" ھەركىتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھاياتىدا بەزىبىر يېڭى ھادىسىلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى، ئەجنەبىلەرنى ئۈلگە قىلغۇچى بىيۇروكراتلار چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان، ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان سانائەت ئەمدىلىكتە مىللىي كاپىتالغا يول بەرمەي تۇرالمىدى. 30 يىلدىن بېرى، فېئوداللىق مۇستەبىت ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ بىيۇروكراتلىرى كۆچىنىڭ بېرىچە ماشىنىلار ۋە سانائەتنى كۆچىنىڭ بېرىچە تەنھا ئىگىلىۋېلىپ، خەلق باشقۇرغان سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويماي كەلگەن ئىدى. جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ھۆكۈمەت باشقۇرغان يېڭىچە ھەربىي ياراق سانائىتى ۋە يېڭىچە قۇرۇقلۇق ـ دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھېچبىر كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرتنامىلەرنىڭ ئىمزالىنىشى ئارقىسىدا چەتئەللىكلەر جۇڭگودا ئەركىن

ھالدا زاۋۇت قۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋالدى. بۇ چاغدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەلق باشقۇرغان سانائەتنى قانۇن جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنى يولغا قويۇشقا ئىلھام بېرىشى توغرىسىدا ئۇچۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. 1898-يىلىغا كەلگەندە ھەتتا خەلقنىڭ مىلتىق-زەمبىرەك زاۋۇدى قۇرۇشىغا ئىلھام بەردى.

1895-يىلىدىن كېيىن، مىللىي كاپىتالىزىم كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. شاڭخەي، نىڭبو، ۋۇشى، سۇجۇ، خاڭجۇ، نەنتۇڭ قاتارلىق جايلاردا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1897-يىلىغا كەلگەندە جياڭسۇ، جېجياڭ، خۇبېيدىن ئىبارەت 3 ئۆلكىدە قۇرۇلغان يىپ ئىگىرىش فابرىكىسى ۋە يىپەكچىلىك فابرىكىسى 30 غا يەتتى. بولۇپمۇ نەنتۇڭ يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى سانائەت تارىخىدىكى چوڭ بىر ئىش بولدى. ئەمما يېڭىدىن باش كۆتەرگەن بۇنداق مىللىي كاپىتال جاھانگىر تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ زۇلمىغا ۋە چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىماي قالمايتتى. چەتئەللىك سودىگەرلەر ئاچقان زاۋۇت-فابرىكىلار بارغانسېرى كۆپىيىۋەردى، ئۇلار مول كاپىتالىغا ۋە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە ئىمتىيازى ئارقىلىق ئىگە بولۇۋالغان ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ جۇڭگونىڭ مىللىي سانائىتىنى بېسىپ چۈشتى. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتمۇ تۈمۈرىيول ياساش-كان ئېچىش ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئۆزلۈك-

سىز سېتىپ تۇردى، نەتىجىدە جۇڭگونىڭ ئېغىر سانائىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىغىمۇ ئىمكانىيەت بولمىدى، يېنىك سانائىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىمۇ كاپالەتسىز قالدى. يېڭىدىن باش كۆتەرگەن بۇرژۇئازىيە ئىچىدە ئۆز ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سىياسى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئوي ـ پىكىر بارا ـ بارا كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياپونىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشتا جۇڭگونىڭ قاتتىق مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋالغانلىقىدەك ۋەزىيەت كاپىتالىستىك ئىدىيىدىكى بىر قىسىم زىيالىلارغا تەسىر قىلدى. ئۇلار "قانۇننى ئۆزگەرتىپ قۇدرەت تېپىش"نى تەلەپ قىلدى. ئۇلار چەتئەللەردىن ماشىنا ۋە يېڭىچە قورال ـ ياراق سېتىۋېلىش بىلەنلا جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى، سىياسىي ئىسلاھ قىلىش يولى بىلەن جۇڭگونى كاپىتالىزىم يولىغا سېلىشنى ئۈمىت قىلدى.

**1898 ـ يىلدىكى ئىسلاھات ھەركىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى**

ئۇ چاغدا "قانۇن ئۆزگەرتىش"نى تەشەببۇس قىلغۇچى مەركىزىي شەخسلەر كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ (1873～1928 ـ يىللار)، تەن سىتۇڭ (1866 ــ 1898 ـ يىللار)، يەن فۇ (1853～1901 ـ يىللار) قاتارلىقلار ئىدى، بۇلارغا كاڭ يۇۋېي باشچىلىق قىلدى. يەن فۇ غەرپنىڭ دېموكراتىزىم نەزەرىيىسىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇردى. كاڭ يۇۋېي، لياڭچىچاۋ، تەن سىتۇڭ قاتارلىقلار يېڭىلىققا كۆچۈش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن جايلاردا

بىرمۇنچە "ئىلمىي جەمىيەت"لەرنى ئۇيۇشتۇردى، گېزىت چىقاردى.
1897 ـ يىل 11 ـ ئايدا گېرمانىيە جياۋجوۇ قولتۇغىنى مۇتھەملىك بىلەن بېسىۋالدى، جوڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش ئاپىتى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىغىدا قالدى. يېڭىلىقا كۆچۈش تەرەپدارلىرى جايلاردا دۆلەتنىڭ ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغانلىغىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بايان قىلىپ، قانۇن ئۆزگەرتىشنى تەرغىپ قىلدى. 1898 ـ يىلى كاڭ يۇۋېي بېيجىڭدا "ۋەتەن قوغداش جەمىيتى"نى تەشكىللەپ، دۆلەت مۇنقەرز بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئېچىنىشلىق ئاپەت ئۈستىدە نۇتۇق سۆزلەپ، قانۇننى دەرھال ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. گۇاڭشۇ خان كاڭ يۇۋېينىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇنى ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھىدىكىلەرنى خاننىڭ ئوڭ ۋە سول ئەمەلدارلىرى قىلىپ ئۆستۈردى. شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگىچە بولغان 103 كۈن ئىچىدىلا، باگۇچىلىقنى بىكار قىلىش، مەكتەپ ئېچىش، يېشىل تۇغلۇقلار ۋە ئۇشۇقچە خادىملارنى قىسقارتىش، بانكا ئېچىش، كان ئېچىش، تۆمۈريول ياساش، تۇرلۇك سانائەتلەرنى تەشەببۇس قىلىش، يېڭى كەشپىياتقا مۇكاپات بېرىش، گېزىتخانا قۇرۇش، ئىلمىي جەمىيەت قۇرۇش، تەرجىمە ئورگىنى قۇرۇپ غەرپ تەلىماتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، دۆلەت خامچوتىنى تۈزۈش، مالىيە ھىساۋاتىنى ئېلان قىلىپ تۇرۇش قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇن يېڭى قانۇن ـ پەرمانلار ئېلان قىلىندى.

بۇ سياسەتلەر بۇرژۇئازىينىڭ تەلۋدگە ۋەكىللىك قىلاتتى، فېئودالىلىق مۇستەبىتلىك ئۇچۇن ئېيتقاندا زور ئىسلاھات ئىدى.

يېڭىلىققا كۆچۇش تەرەپدارلىرى پادىشانىڭ نامى بىلەن نۇرغۇن يېڭى قانۇن-پەرمانلارنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خانئانا سىشى باشچىلىغىدىكى جاھىللار ئارمىيە ھوقۇقى ۋە ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۋالغان، قانۇن ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرغان بولغاچقا، يېڭى پەرمانلار توسقۇنلۇققا ئۇچراپ ئىجرا قىلىنمىدى. يېڭىلىق تەرەپدارلىرى بىلەن جاھىللار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۆتكۈرلەشتى، خانئانا سىشى سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاش يولى بىلەن، قانۇن ئۆزگەرتىش ھەركىتىنى ئۇجۇقتۇرۇش قەستىدە بولدى. يېڭىلىققا كۆچۇش تەرەپدارلىرى مىلىتارىست يۈەن شىكەينىڭ ئەسكىرى كۈچى بىلەن، قانۇن ئۆزگەرتىش ھەركىتىنى قوغداش ھەمدە جاھىللارغا زەربە بېرىش ئۈمىدىدە بولدى. ئەمما يۈەن شىكەي جاھىللارغا مەخپىيەتنى ئاشكارىلاپ قويۇپ، يېڭىلىققا كۆچۇش تەرەپدارلىرىغا ساتقىنلىق قىلدى. خانئانا سىشى شۇ زاماتلا گۇاگشۈخاننى كېچىلەپ نەزەربەنت قىلىپ، 1898-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنى ھاكىمىيەتنى ئۆزىنىڭ تۇتىدىغانلىغىنى ئېلان قىلىپ، يېڭىلىققا كۆچۇش تەرەپدارلىرىدىن بولغان تەن سىتۇڭ قاتارلىق 6 ئادەمنى ئۆلتۈردى.

1898-يىلدىكى بۇ پاجىئە، يېڭىلىققا كۆچۇش تەرەپدارلىرى

ھەنىڭۋا ئۇمىدىنى خانىڭ ھوقۇقىغا باغلاپ قويغانلىغى سەۋەب-ۋىدىن، تولىمۇ ئاجىز ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى، خالاس.

بۇ سىياسى ھەركەت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ بەزىلىرى بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ لاگىرىغا ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما يېڭىلىققا كۆچۈش تەرەپدارلى-رىنىڭ نۇرغۇنى كاڭ يۇۋېي، لياڭ چىچاۋ باشچىلىغىدا ئىسلا-ھاتچىلىق مەيدانىدا چىڭ تۇرىۋەردى. ئۇلار خانىنى قوغدىغۇ-چىلار قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتى-نىڭ جاھىل ئۆكتىچىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

## 6. جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن يىخېتۇەن دېخانلار ھەرىكىتى

**خەلقىمىزنىڭ چەتئەللەرنىڭ دىنىي جەمىيەتلىرىگە قارشى تۇرۇش شەكلىدە ئىپادىلەنگەن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى** خانىڭ ھوقۇقىغا تايانغان ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جاھانگىرلار جۇڭگوغا ھەدەپ تاجاۋۇز قىلدى، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ئازاپ-ئوقۇبەتلىك بولدى، يوك-سېلىغى بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇنداق ۋەزىيەت 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىلى شىمال خەلقىنىڭ — دېخانلار ئاممىسى ئاساس قىلىنغان، جاھان-

گىرلىككە قارشى تۇرىدىغان يىخېتۇەن ھەركىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلاۋى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كاپىتالىزىم — جاھانگىرلىك جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىغىنى قەدەممۇ-قەدەم كۈچەيتىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالدا، جۇڭگودىكى تۈۋەن قاتلام خەلق ئارىسىدىكى جاھانگىرلىككە قارشى ئۈستىخىيىلىك كۆرەش زادىلا توختاپ قالمىدى. بۇنداق ئۈستىخىيىلىك كۆرەش، ئومۇمەن، بىۋاستە ھالدا، تاجاۋۇزچى دۆلەتلەر ئەۋەتكەن دىن تارقاتقۇچىلارغا ۋە دىنىي جەمىيەتلەرگە قارشى تۇرۇش كۆرىشى بولۇپ ئىپادىلەندى. بۇ دىن تارقاتقۇچىلار جاھانگىرلىك قورال كۈچى بىلەن ئىگە بولۇۋالغان ئىمتىيازغا تايىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىغا سىڭىپ كىردى. چەتئەللىك مۇشۇ دىن تارتاتقۇچىلار، بولۇپمۇ كاتولىك دىنىنى تارقاتقۇچىلار جۇڭگودا چېركاۋلارنى سالدى، يەر مۈلكىنى ئىگىلىۋالدى، جاھانگىرلىكنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنى قورقۇتتى، مەمۇرى ئىشلارغا ئارىلاشتى، ئەرز-شىكايەت ئىشلىرىغا چات كىرىۋالدى، لۈكچەكلەرنى "دىندار"لىققا قوبۇل قىلدى، دىندارلاردىن پايدىلىنىپ ئاممىنى ئەزدى. مانا بۇ قىلمىشلار جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى ئومۇمى يۈزلۈك قوزغىدى.

**يىخېتۇەن ھەركىتى** خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئۇزۇندىن بېرى تەييارلىنىپ كەلگەن جاھانگىرلىككە قارشى ئۇلۇغ كۆرەش 1899-يىلى شەندۇڭدا پارتلاپ، كەڭ كۆلەملىك ھەركەتكە

ئايلاندى. بۇ ھەركەتكە مەخپى تەشكىلات "يىخىچۇەن" رەھبەرلىك قىلدى. كالتەك چامباشچىلىغى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئالاھىدىلىگى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن دىخانىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، قاتناش - ترانسپورت ئىشچىلىرى ۋە باشقا كەمبەغەللەر قاتناشتى، ئاز ساندىكى كۆچمەنلەر ۋە دىنىي جەمىيەتنىڭ زىيانكەشلىگىگە ئۇچرىغان پومىشچىكلارمۇ قاتناشتى. دىخانلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان بۇ ئاممىۋى ھەركەت فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش خاراكتېرىنىمۇ ئالدى، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ چاغدا شەندۇڭ ئۆلكىسى گېرمانىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا بىۋاستە ئۇچرىغانلىقتىن، يىخىتۇەن كۈرەشىنىڭ تىغ ئۇچىنى باشتىلا ئاساسەن چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا، جۈملىدىن تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە — چەتئەللەرنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قاراتتى. شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى ئەمەلدارلار يىخىتۇەننى قورال كۈچى بىلەن يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، ئەمما بۇ ئىشقا ئاشمىدى، بۇ ھەركەت تېخىمۇ ئەۋج ئالدى.

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى يىخىتۇەن ھەركىتىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى، چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭ ھېچقانداق ۋەقەگە تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچى قالمىغان ئىدى، يەنە كېلىپ بۇ قېتىمقى "توپىلاڭ" پايتەختكە يېقىن رايوندا يۈز بەردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى يىخىتۇەن ھەركىتىنىڭ چەتئەللەرنىڭ دىنىي جەمىيەتلىرىگە قارشى تۇرىدىغانلىغىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ھەركەتكە

رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ يىخېتۇەننى قانۇنىي تەشكىلات دەپ ئېتىراپ قىلدىغانلىغىنى ئېلان قىلدى ھەمدە بۇ تەشكىلاتقا ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن يىخېتۇەننىڭ شوئارى "چىڭ سۇلالىسىنى يۆلەپ، ئەجنەبىلەرنى يوقىتىش"قا ئۆزگەردى ھەمدە يىخېتۇەننىڭ رەھبەرلىك تەركىۋى مۇرەككەپلەشتى؛ ئەمما شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يىخېتۇەنىمۇ قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقتىن، شەندۇڭ ئۆلكىسىدىن چاپسانلا تەرەققى قىلىپ خوشنا ئۆلكىلەرگە كېڭەيدى، بېيجىڭ، تيەنجىنگە ئوخشاش شەھەرلەرگىمۇ سىڭىپ كىردى. 1900 ـ يىل يازدا يىخېتۇەن بېيجىڭنى پۈتۈنلەي دىگۇدەكلا ئىگىلىدى. بېيجىڭدا يىخېتۇەن چەتئەللەرنىڭ ئەلچىخانىلىرىغا ۋە چېركاۋلىرىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھۇجۇم قىلدى.

**1900 ـ يىلى جاھانگىر قاراقچىلارنىڭ بىرلىشىپ ئەسكەر چىقىرىشى** بۇنداق ئەھۋالدا، جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى بىۋاستە ئەسكەر چىقىرىپ باستۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا، روسىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيىدىن ئىبارەت 8 دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى داگۇ پورتى ۋە تيەنجىندىن ئۆتۈپ، بېيجىڭغا ھۇجۇم قىلدى. يىخېتۇەن ھەرقايسى جايلاردا تولىمۇ ئىپتىدائى قورااللار بىلەن ياۋۇز تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىمۇ ئىستىخە-

يىلىك ھالدا ئۇرۇشقا قاتناشتى. بىرلەشمە ئارمىيە ئۇستۇن قورال كۈچىگە تايىنىپ، 1900 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭغا بېسىپ كىرىپ، بېيجىڭ شەھىرىدىكى ھەنىنۋا مال ـ دۇنيانى بۇلاپ كەتتى. يىرتقۇچلاردىنمۇ ۋەھشى بولغان بۇ تاجاۋۇزچىلار قوشۇنىنىڭ بېيجىڭ، تيەنجىن، باۋدىڭ رايونلىرىدىكى شەھەر ـ بازارلاردا ۋە يېزا ـ كەنتلەردە ئوت قويغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، قىرغىنچىلىق قىلغان، باسقۇنچىلىق قىلغان جىنايى قىلمىشلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدۇ.

8 دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا بېسىپ كىرگەن چاغدا، خانىئانا سىشى باشچىلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىئەنگە قېچىپ بېرىۋالدى. ئۇ بۇ چاغدا يىخېتۇەننى "توپىلاڭ-چىلار" دەپ ئېلان قىلىپ، تاجاۋۇزچى قوشۇنغا "دوستانە" مۇئا-مىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، تاجاۋۇزچى قوشۇندىن "توپىلاڭ-چىلار"نى يوقىتىپ بېرىشنى تىلىدى. جاھانگىرلارمۇ توپىلاڭنى باستۇرۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشنىلا مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ، ئاۋال فېئودال ھۆكۈمرانلار ئەخمەق ئەتكەن يىخېتۇەن ئەمدىلىكتە جاھانگىرلار بىلەن فېئودال كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈشى ئارقىسىدا قانلىق قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ، ئېچىنىشلىق ھالدا مەغلۇپ بولدى.

يىخېتۇەن ھەركىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنىڭ ئىلغار سىنىپنىڭ رەھبەرلىكىسىز غەلىبە

قازىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇ چاغدىكى جۇڭگودا مۇستەقىل پرولېتارىيات سىنىپى تېخى ۋۇجۇتقا كەلمىگەن ئىدى، يېڭىدىن باش كۆتەرگەن بۇرژۇئازىيىمۇ ناھايىتى ئاجىز ئىدى، ھەتتا بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك ئىنقىلابچىلارمۇ يىخېتۇەن قوزغىلىڭىنى ۋەھشىيانە توپىلاڭ دەپ قارىدى. دېخانلار ئاممىسى يەككە-يېگانە ھالدا ئۇرۇش قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەم ھىلىگەر، ھەم ياۋۇز فېئوداللار ھۆكۈمرانلار سىنىپى ۋە جاھانگىرلىك كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، يىخېتۇەن ھەركىتى بەرىبىر جۇڭگودىكى كەڭ دېخانلار ئاممىسى ئىچىدە جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزىمغا قارشى تۈگىمەس-پۈتمەس زور كۈچ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ كۈچمۇ شۇ چاغدىكى بارلىق جاھانگىر قاراقچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلدى. جاھانگىرلار جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش، جۇڭگوغا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، بۇنداق تۈگىمەس-پۈتمەس كۈرەشكە تاقابىل تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇڭا ئۇلار يەنىلا 1900-يىلدىكى ۋەقەدە بېيجىڭ شەھىرىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ، جۇڭگونىڭ "مۇستەقىل"لىق قىياپىتىنى ساقلاپ، جۇڭگوغا ۋاستىلىك ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش قارارىغا كەلدى.

**1901-يىلدىكى شەرتنامە** . شىمالدا يىخېتۇەن جاھانگىر-

لىككە قارشى كەسكىن كۈرەش قىلىۋاتقان چاغدا، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي ئۆلكىلىرىنىڭ باش ۋالى ـ پەرمەتدارلىرى جاھانگىرلىك بىلەن "دوستانە ھەمكارلىشىش" پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇلار جاھانگىرلىكنىڭ ياردىمىدە، ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ھەركىتىنى باستۇردى. 8 دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جەنۇبىي ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى لى خۇڭجاڭغا شىمالغا كېلىپ جاھانگىرلار بىلەن سۈلھى تۈزۈش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 1901 ـ يىلى لى خۇڭجاڭ ئەنگلىيە، ئامېرىكا، روسىيە، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە ھەم بىلگىيە، ئىسپانىيە، گوللاندىيىدىن ئىبارەت 11 جاھانگىر دۆلەت بىلەن «شىنچۇ شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى: جۇڭگو 450 مىليون سەر تۆلەم تۆلەش، بۇنى 39 يىلدا تۆلەپ بولۇش، دىرى بىلەن ئۆسۈمى قوشۇلۇپ جەمئىي 980 نەچچە مىليون سەر پۇل تۆلەش؛ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ھەركىتىنى باستۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش: جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئارمىيىسى بېيجىڭ، تيەنجىن بىلەن شەنخەيگۇەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم رايونلاردا تۇرۇش، جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئە قورولى بولغان داگۇ پورتىدىكى پوتەيلەرنى چېقىپ تاشلاش.

1901 ـ يىلدىكى شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن، خانئانا

سىشى شىئەندىن بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، جاھانگىرلىككە سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتۈنلەي جاھانگىرلىككە تايىنىپ ساقلىدى. جاھانگىرلار: بۇ ھۆكۈمەت تولىمۇ چىرىكلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بىز قورال كۈچى بىلەن قوللاپ تۇرغاچقا، ئۇ ھەرھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىپ، بىزگە يارامىلىق مالاي بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ قارىدى. بۇ قاراش ئۇزاق ئۆتمەيلا پاكىت تەرىپىدىن بىتچىت قىلىندى.

## 7. 1911 - يىلدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى

**جاھانگىرلىك بىلەن فېئودال كۈچلەرنىڭ قوش بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىكى جۇڭگو خەلقى** 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىلىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پۈتۈنلەي جاھانگىر كۈچلەرنىڭ ھىمايىسىدە تىرىكتاپلىق بىلەن جان ساقلىدى. كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونىڭ ھەممىلا يېرىدە تۇرلۇك زاۋۇتلارنى قۇرغاندىن تاشقىرى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆمۈر ۋە تۆمۈر كانلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىمۇ تارتىۋالدى، مەسىلەن، ئەنگلىيە كەيپىڭ (كەيلۇەن) كۆمۈركانىنى تارتىۋالدى، ياپونىيە فۇشۇن كۆمۈركانى، ئەنشەن تۆمۈر كانىنى تارتىۋالدى، نەتىجىدە جۇڭگونىڭ ئېغىر سانائىتى ئەسلا تەرەققى قىلالمىدى، يېنىك سانائىتىمۇ جاھانگىرلار بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدىغان

بولۇپ قالدى. جاھانگىرلار بىۋاستە مەبلەغ سېلىش ۋە جازانە-خورلۇق قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن، جۇڭگو زېمىنىدىكى تۆمۈر يوللارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى، مەسىلەن، ئەنگلىيە شەرقىي مانجۇرىيە تۆمۈر يولى (ھازىرقى جۇڭگو چاڭچۇن تۆمۈر يولى)، چىڭداۋ-جىنەن تۆمۈر يولى، كۇنمىڭ-خېكۇ تۆمۈريولىنى، ياپونىيە شاڭخەي-خاڭجۇ-نىڭبو تۆمۈريولى، لۇگۇچياۋ-خەنكۇ (بېيجىڭ-خەنكۇ) تۆمۈريولى، بېيجىڭ-شېنياڭ تۆمۈريولىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى. 1911-يىلدىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ جۇڭگودا سالغان مەبلىغى بىر مىليارت 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى قەرزى بىر مىليارت 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى (140 مىليون فوند) ئەتراپىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول ياساشقا ئالغان قەرز پۇلى 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى، كۆپىنچە-سىنىڭ ئۆسۈمى 5 لى بولدى. شاڭخەي ۋەيتەن دىگەن يەردىكى چەتئەل بانكىلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا خوجايىنلىق قىلىدىغان ھۆكۈمەت بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا جۇڭگو-نىڭ تاشقى سودىدا ئىمپورتىنىڭ ئومۇمى قىممىتى ئېكسپورتىنىڭ-كىدىن ھەر يىلى، ئومۇمەن، 100 مىليون تاموژنا سەر كۈمۈشتىن كۆپ ئېشىپ تۇردى، بۇ قەرز ۋە باشقا بارلىق يۈك-سېلىقلار پۈتۈنلەي جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئارتىلدى. كۈچلۈك جاھان-گىر دۆلەتلەرنىڭ سانائەت بۇيۇملىرى جۇڭگونىڭ شەھەر-يېزى-لىرىغا يېيىلدى. پاختايىپنىڭ كىرگۈزۈلۈشى يىلدىن-يىلغا

كۆپىيىپ كەتتى؛ چەتتىن كىرگۈزۈلىدىغان كىرىسىن 1891 - يىلى 50 مىليون گاللونغا يەتمەيتتى، 1905 - يىلىغا كەلگەندە 150 مىليون گاللونغا يەتتى؛ ئەنگلىيە - ئامېرىكا تاماكا شىركىتى جۇڭگودا تاماكا زاۋۇدى قۇرغاندىن تاشقىرى، چەتتىن كىرگۈزۈلىدىغان تاماكا 1905 - يىلى 66 تۈمەن فوند ئېشىپ كەتتى. جۇڭگودىن چىقىدىغان يىپەك خەلقارا بازاردا ياپونىيىدىن چىقىدىغان خام يىپەك تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى، جۇڭگودىن چەتكە چىقىرىلىدىغان چاي 1886 - يىلىدىكى 260 مىليون قاداقتىن ئازىيىپ 1905 - يىلى 180 مىليون قاداققا چۈشۈپ قالدى. چاي - يىپەك تىجارىتىنىڭ كاساتلىشىشى ۋە چاي - يىپەك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئازلاپ كېتىشى بىر قىسىم خەلقنىڭ تىرىكچىلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. چەتكە چىقىرىلىدىغان باشقا بۇيۇملاردىن پەقەت پۇرچاق، چوشقا يۇڭى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىلا قالدى. جاھانگىرلار جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى كونترول قىلدى، جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكىگە ئايلىنىشى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى مەھكەم ئىگەللىۋالدى، بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ زېمىنىغا ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلدى، بۇ ھال كەڭ خەلقنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرغانلىق چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇر-

غانلىق دەپ قاراپ، جايلاردىكى خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىنى جاھانگىرلارغا ساداقەتمەنلىك بىلەن باستۇردى. 1903 - يىل 4 - ئايدا شاڭخەي خەلقى يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ چار روسىيىنىڭ يولسىز تەلىۋىگە قارشى تۇردى؛ شۇ يىلى جايلاردىكى خەلق گۇاڭشى پەرمەتىدارىنىڭ فرانسىيە قوشۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جۇڭگو خەلقىنى ئېزىش قەستىدە بولغانلىقىغا كەسكىن قارشى تۇردى؛ 1905 - يىل 5 - ئايدىن 11 - ئايغىچە، شاڭخەي قاتارلىق 7 سودا پورتىدىكى سودا - سانائەتچىلەر ئامېرىكا ماللىرىنى تۇساش ھەركىتىنى قوزغىدى. بۇ ھەركەتلەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق بۇيرۇق بىلەن چەكلەندى ۋە يولسىزلىق بىلەن ئۇجۇقتۇرۇلدى. جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونىڭ زېمىن پۇتۇنلۇكىگە ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىغا كەلسەك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا پۇتۇنلەي ئېتىراپ قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. 1904 - يىلى ئەنگلىيە شىزاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، لاسا ئاھالىسىدىن بىرمىڭ 500 كىشىنى قىردى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى زاڭزۇ خەلقىنىڭ بۇنىڭغا قارشى كۈرىشىگە ياردەم بەرمەكتە يوق، كېيىن ئەكسىچە، يەرلىك دائىرە ئۆز مەيلىچە تۈزگەن، ۋەتەنگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان شەرتنامىگە قوشۇلدى. شۇ يىلى ياپونىيە - روسىيە ئۇرۇشى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال زېمىنىدا ئېلىپ بېرىلدى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قاراپ تۇرۇپ لياۋخې رايونىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۇرۇش

رايونى قلىپ ئايرىپ بەرگەنلىگىنى ئېلان قىلدى. بۇ شەرمەندىلىكلەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىنتايىن قاتتىق غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى.

**بۇرژۇئا دېموكراتىك ھەركىتىنىڭ راۋاجلىنىشى** بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى بارا ـ بارا راۋاجلاندى. 1905 ـ يىلى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ بىرمۇنچە تەشكىلاتلىرى، جۈملىدىن سۇن جۇڭشەن (1866~1925 ـ يىللار) 1894 ـ يىلدىن كېيىن رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش جەمىيىتى بىرلىشىپ "جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقى" (قىسقارتىپ ئىتتىپاق دېيىلىدۇ)نى تەشكىل قىلدى، سۇن جۇڭشەن بۇ ئىتتىپاقنىڭ يولباشچىسى بولدى. ئىتتىپاق: "ياۋلارنى قوغلاپ چىقىرىش، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن تاشقىرى، دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ، ھەممە جەھەتتە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىمى 'ئەركىنلىك'، 'باراۋەرلىك'، 'مېھرىۋانلىق' ئىزچىل تەشەببۇس قىلىشقا تېگىشلىك روھ بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. دىمەك، ئىلگىرىكى ئىنقىلاپ قەھرىمانلار ئىنقىلاۋى بولغان ئىدى، بۈگۈنكى كۈندىكى ئىنقىلاپ مىللى ئىنقىلاپ بولىدۇ" دىگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. سۇن جۇڭشەن ئۈچ مەسىلەك — مىللەت مەسىلىگى، خەلق ھوقۇقى مەسىلىگى، خەلق تۇرمۇشى مەسىلىگىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مىللەت مەسىلىگىدە مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، جاھانگىر-

لىككه قارشى تۇرۇش ھەققىدە تېخى ئېنىق پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. خەلق ھوقۇقى مەسىلىسىدە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىدە ئۇتوپىك سوتسىيالىزىم ئىدىيىسى ئۇششاق بۇرژۇئا نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سۇن جۇڭشەن جۇڭگودا كاپىتالىزىمدىن ساقلىنىش مۇمكىن دەپ قاراپ، "يەر ھوقۇقىنى تەكشىلەش" ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، مۇشۇنداق قىلىنسا، ھەم دېخانلار سىنىپىنى فېئوداللىق زۇلۇمدىن قۇتقۇزغىلى، ھەم كاپىتالىزىمنىڭ "ئالدىنى ئالغىلى" بولىدۇ، دەپ قارىدى. لېنىن سۇن جۇڭشەننىڭ خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى بىلەن روسىيىدىكى نارودنىكلىق ئىدىيىسىنى سېلىشتۇرۇپ، سۇن جۇڭشەننىڭ پىروگرامىسىدا، كاپىتالىزىمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى ئەكسىيەتچىل، خىيالىي ئىدىيە بىلەن ئۆزۈل - كېسىل دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئىدىيىسى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، دەپ قارىغان ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: سۇن جۇڭشەننىڭ ئىقتىسادىي پىروگرامىسىنىڭ تەل-تۆكۈس ئەمەلگە قويۇلۇشى كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ. ("جۇڭگودىكى دېموكراتىزىم ۋە نارودنىكلىق"قا قاراڭ، «لېنىن، ستالىن جۇڭگو توغرىسىدا»غا كىرگۈزۈلگەن، خەلق نەشرىياتىنىڭ 1954 - يىل نەشرى، 23~31 - بەتلەر)

ئىتتىپاق قۇرۇلۇپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەزالىرى كۆپىيىپ 10 مىڭدىن ئاشتى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى

ئۇنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ باسقان ئىدى، بىراق چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇۋالالمىدى.

1905 ـ يىلىدىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدە مانجۇلارغا قارشى ھەركەت ئەۋج ئېلىپ كەتتى، يوشۇرۇنلۇقچە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان تېرورلۇق ۋە تەييارلىقى يېتەرسىز قوزغىلاڭلار جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى. كەڭ زىيالىلار، دېھقانلارنىڭ بىرمۇنچە مەخپى تەشكىلاتلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەسكەرلىرى سۈن جۇڭشەن مەركەز قىلىنغان ئىنقىلاۋى ھەركەتكە بارغانسېرى كۆپلەپ قاتناشتى.

**1911 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ پارتلىشى** چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ لىڭشىپ قالغان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى بىرمۇنچە ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. مەسىلەن، دۆلەتنىڭ مەمۇرى ئاپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇن ۋە جازا تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ياۋروپا ۋە ئامېرىكىچە كاپىتالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىش، مۇئامىلىگە سېلىنىدىغان پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مىللى سودا ـ سانائەتنى تەشەببۇس قىلىش، تۆمۈريول قۇرۇلۇشىغا ئىلھام بېرىش، ئاخىردا ھەتتا ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلىشقا ۋە ياۋروپاچە پارلامېنتقا ئوخشاش بىرنىمىلەرنى قۇرۇشقا ماقۇل بولۇش. ئەمما ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى بۇنداق ئىسلاھات خەلقنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرالمايتتى.

1911 ـ يىل 5 ـ ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، غول تۆمۈريول لىنىيىلىرىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش توغرىسىدىكى پەرماننى ئېلان قىلىپ، ئەسلى باھاسىنىڭ 45~46 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدىغان نەق پۇلغا پاي چېكى سېتىۋېلىپ، قالدۇق قىسمىغا قەرز چېكى تارقىتىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، سىچۈەن، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، خۇبېيلاردا تۆمۈريولنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىشقا قارشى تۇرۇش دولقۇنى قوزغالدى، چۈنكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تۆمۈريولىنى "دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىشى"، ئىش يۈزىدە، ئۆزىنىڭ چەتئەل خوجايىنىنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىشى ئىدى. سىچۈەندە ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن تەلەپ قويغۇچى خەلق ئوتتۇرىسىدا قوراللىق كۈرەش بولدى، 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دېھقانلار سىچۈەننىڭ مەركىزى — چېڭدۇ شەھىرىنى قورشىۋالدى.

ئارقىدىنلا، 1911 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى كېچىدە، ئارمىيىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنقىلاۋىي تەشكىلات — ئەدەبىياتچىلار جەمىيىتى ۋە ئورتاق ئىلگىرىلەش جەمىيىتى تەييارلىغان قوزغىلاڭ ۋۇچاڭدا پارتلىدى. ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار بۇ قوزغىلاڭغا قالماي قاتناشتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ باش ۋالىسى قېچىپ كەتتى، ۋۇچاڭ ئەتراپىدىكى خەنكو، خەنياڭ چاپسانلا ئىنقىلاۋىي قوشۇن تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ئىنتىپاقنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان ئەزالىرى ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلىپ ۋۇچاڭ ئىنقىلاۋىي قوشۇنىغا ياردەم بەردى.

ئىنقىلاپ بايرىقى جوڭگونىڭ قاق مەركىزىي رايونىدا تىكلەندى.

ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ھەربى تەلىم-تەربىيە ئالغان قوشۇن ئازلىق قىلدى، يېڭىدىن قوشۇلغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى شەھەر-يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ئىدى، ئۇلاردا ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى يوق ئىدى، ئۇلارغا ھەربى تەلىم-تەربىيە بېرىشكىمۇ ۋاقىت يار بەرمىدى. ئەمما دەل چار روسىيىنىڭ جوڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىنىڭ دوكلادىدا دېيىلگىنىدەك، ئۇلار "ئېتىقاتچىغا خاس باتۇرلۇق بىلەن تېخنىكا جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلىدى"، شۇ سەۋەپتىن ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

**ئىنقىلاپ چاپسان غەلىبە قىلىۋاتقان جەريانىدىكى كىردىزىس** ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسى چاپسانلا پۈتۈن مەملىكەتكە تارالدى. ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن بىر ئاي ئىچىدىلا، خۇنەن، جياڭشى، شەنشى، سەنشى، يۈننەن، جياڭسۇ، جېجياڭ، گۈيجۇ، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، ئەنخۇي، فۇجيەن، شەندۇڭ، فېڭتيەن، سىچۇەنلەردە ئىنقىلاۋىي ھەربى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە "مۇستەقىللىق" ئېلان قىلىندى. بۇ جايلارنىڭ ھەربى ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن ۋەكىللەر نەنجىڭدا يىغىلىپ، جوڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى، سۇن جوڭشەن ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ دازۇڭتۇڭلۇقىغا سايلاندى. 1912-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

ئىنقىلاپنىڭ چاپسان غەلىبە قىلغانلىقى چىڭ سۇلالىسى ھاكى-

مىيتىننىڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەن-لىكىنى كۆرسەتتى؛ ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنقىلاپنىڭ ئىچكى قىسمىدا كىرىزىسمۇ يېتىلىۋاتاتتى. چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولماي قالغانلىق-تىن، چەتئەل جاھانگىرلىرىمۇ باشقىدىن مۇۋاپىق قورال ئىزدەش ئۈستىدە باش قاتۇردى. بارلىق خانپەرەس لىبېراللار، ھەتتا نۇرغۇنلىغان ھىلىگەر بيۇروكرات-مىلىتارىستلارمۇ ئىنقىلاپقا قاتنىششىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئەسلىدە ئىنقىلاپقا قارشى تۇرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئەمدى-لىكتە ئىنقىلاپنى ياقلاش چارىسى بىلەن ئىنقىلاپنى چاپسان ئاياقلاشتۇرۇپ، بۇرۇنقى ئىجتىمائى ھۆكۈمرانلىق تەرتىۋىنى مۇقىملاشتۇرۇش كويىدا بولدى. ئىنقىلاپنىڭ ئىچكى قىسمى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى.

بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ كۈچىنى — دېھقانلارنىڭ كۈچىنى ھەقىقى يوسۇندا سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزەلمىدى. ئۇلار غەلىبىدىن ئېسەنكىرەپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرى ئىنقىلاپ غەلىبە قىلىپ ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە ئىنقىلاپقا بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى. ئۇ جاھانگىرلىكنىڭ ئىرادىسىگىمۇ خىلاپلىق قىلالماي، فېئودال كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمى-نىمۇ يېڭەلمەي، ئەكسىچە جاھانگىرلار ھەم فېئودال كۈچلەرنىڭ نىرى-بېرى قىلىشى ئارقىسىدا، ئىنقىلاپنى ئىلاجسىزلىق بىلەن

ئاياقلاشتۇردى.

**1911 - يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم تارىخىي ئەھمىيىتى** بۇنداق ئەھۋالدا، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنىڭ ئەمىلىي ھەربىي ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان ھەمدە جاھانگىرلار ئىشەنچ باغلاپ كەلگەن يۈەن شىكەي (1858- 1916 - يىللار) 1911 - يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ مېۋىسىنى تارتىۋال-غۇچى "قەھرىمان" بولدى. يۈەن شىكەي، بىر تەرەپتىن چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى ئورۇننى ئۇنىڭغا بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى، بىر تەرەپتىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىمۇ ھاكىمى-يەتنى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئۇنى جۇڭخۇا مىنگونىڭ تۇنجى دازۇڭ-تۇڭلۇقىغا "سايلاش"قا مەجبۇر قىلدى. 1912 - يىل 3 - ئايدا يۈەن شىكەي جۇڭخۇا مىنگونىڭ دازۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئول-تۇرغانلىقىنى جاكالىدى، ئەمىلىيەتتە، بۇ قېتىمقى بۇرژۇئا ئىنقى-لاۋىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكالىدى.

1911 - يىلدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ جۇڭگوغا ئازغىنا كەم 300 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان چىڭ خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىللىق فېئوداللىق خانلىق تۈزۈم كەلمەسكە كەتتى. بۇ ۋەقە جۇڭگودىكى كەڭ خەلقنىڭ يەنىمۇ ئويغىنىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. خەلقارا جاھانگىرلارمۇ 1911 - يىل 10 - ئايدىن كېيىنكى ئىنقىلاۋىي كۆتىرىلىشنى كۆرۈپ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا دەككە - دۈككە بىلەن نەزەر سېلىپ

كەلگەن ئىدى، ئۇلار يۈەن شكەي ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولدى. جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاجىزلىقى، مۇرەسسەچىلىكى بۇ قېتىمقى ئەمىلىيەت تەرىپىدىن تولۇق ئىسپاتلاندى.

## 8. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى جۇڭگو

**جاھانگىرلار ۋە مىلىتارىستلار دەپسەندە قىلغان زۇلمەتلىك جۇڭگو** 1912-يىلدىن 1919-يىلغىچە بولغان مەزگىل جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى يەنە بىر زۇلمەتلىك-مالىمانچىلىق دەۋر بولدى.

يۈەن شكەينىڭ ھاكىمىيەتلەقلىغى ئاستىدا، جۇڭگوغا يەنىلا چوڭ پومىشچىكلار ۋە دەللال بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. يۈەن شكەي ساتقىنلىق سىياسىتىنى ئاشكارا يۈرگۈزۈپ، جاھانگىرلىكنىڭ قوللىشى ئاستىدا پادىشا بولماقچى بولدى. يۈەن شكەينىڭ پادىشالىق تۈزۈمىنى ئورنىتىش ھەركىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھاكىمىيىتى يەنىلا يۈەن شكەينىڭ ۋارىسلىرى — شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ قولىدا تۇرىۋەردى. بېيجىڭنى شىمال مىلىتارىستلىرى گۇرۇھلىرىدىن قايسى گۇرۇھ تارتىۋالسا، شۇ گۇرۇھ ئاتالمىش "مەركىزىي ھاكىمىيەت"نى تىكلىدى. "مەركىزىي ھاكىمىيەت" مىلىتارىست بىيۇروكراتلار ۋە

نومۇسسىز سىياسەتۋازلارنىڭ ئولجىسى بولۇپ قالدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى مىلىتارىستلار ھەربى كۈچىگە تايىنىپ زورلۇق قىلىپ، بىر بىرىنى قىرغىن قىلىشتى.

جاھانگىرلار ئاتالمىش "مەركىزىي ھاكىمىيەت" ۋە نۇرغۇن ئۇششاق مىلىتارىستلارنىڭ "يەرلىك ھاكىمىيەت"لىرىدىن داۋاملىق پايدىلىنىپ، جۇڭگو خەلقىنى دەپسەندە قىلدى، جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى نېرى-بېرى قىلدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى توپىلىدىن، جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگودىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىنى بوشاشتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما ياپونىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگودا تەسىر كۈچىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، بېيجىڭدىكى مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى ھەتتا ياپونىيىگە سوقۇنۇشۇپ روسىيە ئىنقىلاۋىغا ئارىلاشتى.

بۇرژۇئازىيە 1911-يىلدىكى ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرى ئۈمىت قىلغان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى فېئودال مىلىتارىستلارغا ئەگىشىپ مېڭىپ، ئاز-تولا پايدىغا ئىگە بولدى؛ سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى يەنە بىر قىسمى فېئودال مىلىتارىستلار بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە تەن بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىنقىلاپنىڭ چىقىش يولىنى قانداق قىلغاندا تاپقىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ، جۇڭگونى قۇتقۇزىدىغان كۈچنى قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمىدى.

جۇڭگودىكى ئىشچىلار، دېخانلار ۋە شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئا-زىيىسى يەنىلا جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزىمنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدا قالدى. زىيالىلار چىقىش يولى ئۇستىدە ئازاپ ئىچىدە ئىزدەندى، جۇڭگونىڭ ئۆتمۈشتىكى 80 يىللىق پاجىئەلىك تەقدىرى، 1911-يىلدىكى ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇپ بولۇشى، جاھان-گىرلىك ئۇرۇشى — ئاخىردا روسسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشى جۇڭگودىكى زىيالىلارغا ۋە كەڭ ئېزىلگۈچى خەلققە تەسىر قىلماقتا ئىدى.

**بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگو كاپىتالىزمى-نىڭ يەنىمۇ تەرەققى قىلىشى** دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، جۇڭگودا كاپى-تالىزم يەنىمۇ تەرەققى قىلغانلىقتىن، جۇڭگو جەمىيىتىدە بەزى يېڭى ئامىللار بىخ سۇرۇشكە باشلىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگو كاپىتالىزمى يەنىمۇ تەرەققى قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. مىللى سانائەت مۇشۇ مەزگىلدە خېلىلا راۋاج تاپتى، بولۇپمۇ يىپ ئىگىرىش سانائىتى ئېشىپ، 1913-يىلدىكى 651 مىڭ 676 ئۇرچۇقتىن 1919-يىلدىكى بىر مىليون 173 مىڭ 21 ئۇرچۇققا يەتتى. ئەمما شۇ مەزگىلدە، ياپونىيىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدىكى كارخانىلىرى زور دەرىجىدە كېڭىيىپ، جۇڭگو مىللى كاپىتالى بىلەن رىقابەتلەشتى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئەنگلىيە، ئامې-رىكا قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگوغا يېڭىۋاشتىن كەلدى-دە، جۇڭگو مىللى كاپىتالى تېخىمۇ قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىدى.

بۇنداق ئەھۋالنىڭ تۇرتكىسىدە مىللى بۇرژۇئازىيىدە كۇرەش قىلىش تەلەۋى كېلىپ چىقتى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇ بولدىكى، مىللى كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگو زىمىنىدىكى كارخانىلىرىنىڭ كېڭىيىشى ئارقىسىدا، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ تەدرىجى ئۇلغايدى. ئىشچىلارنىڭ سانى 1914 ـ يىلدىكى سەل كەم بىر مىليوندىن كۆپىيىپ 1919 ـ يىلى 3 مىليون ئەتراپىغا يەتتى، 1919 ـ يىلدىكى "4 ـ ماي" ھەركىتىنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى يېتىلىپ ئۇلغايدى. ئۇ كۆپ قېتىملاپ ئىش تاشلاش كۇرىشىنى قوزغىدى، تېخى پارتىيىنىڭ ياكى بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما تۇرلۇك شەكىلدىكى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى فېئودالىزىم، كاپىتالىزىم ۋە جاھانگىرلىكنىڭ ئۇچ قات زۇلمىغا ئۇچرايتتى، ئەكسىيەتچى كۇچلەرگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى، رەھبەرلىككە ئېرىشكەن، سىياسى ئېڭى ئۆسكەندىن كېيىن، ئۇ پات ئارىدىلا ئۆزى ئۇچۇن سىنىپ بولۇپ قالاتتى.

مۇشۇ زۇلمەتلىك يىللاردا بارلىققا كەلگەن مۇشۇ يېڭى ئامىل تۇپەيلىدىن، جۇڭگو تارىخى يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويىدى.

## 9. يېڭى ئىلىم ۋە كونا ئىلىم

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، جۇڭگو فېئودال ھۆكۈمرانلار

سىنىپىنىڭ ئۆزىگە خاس فېئوداللىق مەدەنىيىتى بار ئىدى.
بۇنداق مەدەنىيەت بىز كونا ئىلىم دېگەن نەرسە شۇ. كونا
ئىلىم يېڭى ئىلىمغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتتى، يېڭى ئىلىم-
نىڭ تارقىلىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قاتتىق توسقۇنلۇق قىلدى.
يېڭى ئىلىم شۇ چاغدىكى كاپىتالىستىك غەرپ ئەللىرىدىكى
ئىجتىمائىي تەلىمات ۋە تەبىئىي پەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇڭ
شيۇچۈەن، كاڭ يۇۋېي، يەن فۇ ۋە سۇن جۇڭشەنلەرنى ۋەكىل
قىلغان ئىلغار جۇڭگولۇقلار غەرپنىڭ ئىجتىمائىي تەلىماتىنى
ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن جۇڭگونى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشنى
ئۈمىت قىلغان ئىدى. خۇڭ شيۇچۈەن يازغان «تەيپىڭ تيەنگو-
نىڭ يەر تۈزۈمى» ۋە خۇڭ رېنگەن يازغان «ئەلنى ئىدارە
قىلىشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرى»، كاڭ يۇۋېي يازغان قانۇن ئۆزگەر-
تىش توغرىسىدىكى 10 مىڭ سۆزلۈك مەكتۇپ ۋە «بۈيۈك
بىرلىك كىتاۋى»، يەن فۇ تەرجىمە قىلغان «ئەل بايلىقى»،
«قانۇنلار روھى»، «تەدرىجى تەرەققىيات ۋە ئەخلاق»، «ئىجتى-
مائىيەت پىرىنسىپلىرى»، «لوگىكا» قاتارلىق كىتابلار، سۇن جۇڭ-
شەن يازغان «ئۈچ مەسلەك» شۇنىڭدەك تەن سىتۇڭ، لياڭ چىچاۋ
قاتارلىقلار يازغان ئەسەرلەر يېڭى ئىلىم جۈملىسىگە كىرىدىغان
ئىجتىمائىي تەلىمات جەھەتتىكى مۇھىم ئەسەرلەر بولۇپ ھېساپ-
لىنىدۇ. خۇڭ شيۇچۈەن، سۇن جۇڭشەن تەكىتلىگەن ئىنقىلاپ
تەلىماتىدىن باشقا، ئىسلاھاتچىلىق تەشەببۇس قىلىنغان مۇشۇ
ئەسەرلەر زىيالىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى، ئۇلارنى فېئودال-

لىق مەدىنىيەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا قوزغىدى، بۇ كۈرەشلەر ئانچە - مۇنچە غەلىبىلەرگىمۇ ئېرىشتى. ئەمما 1911 - يىلىدىكى ئىنقىلاپ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جاھانگىرلىك دەۋرىدە، يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىدە تۇرغان جۇڭگودا ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە بۇرژۇئازىيە، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئاجىزلىق قىلىدۇ، بۇرژۇئا مەدىنىيىتى ئەسقاتمايدۇ؛ جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋى پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، پرولېتارىيات مەدىنىيىتىنى قوبۇل قىلىشى شەرت.

تەبىئىي پەننىڭ تارقىلىشى ئىجتىمائىي تەلىماتنىڭ تارقىلىشىغا قارىغاندا كۆپ ئوڭۇشلۇق بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىر قىسىم فېئودال ھۆكۈمرانلارمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلانماقچى بولدى. دەسلەپتە، جياڭنەن ماشىنىسازلىق زاۋۇدى قارىمىغىدىكى تەرجىمە ئىدارىسى غول كۈچ قىلىنغان ھالدا ھىساپ، فىزىكا ئىلمى، ئېلېكتىر ئىلمى، خىمىيە، ئاۋازشۇناسلىق، يورۇقلۇق ئىلمى، گاز ئىلمى، ئاسترونومىيە، يەر ئىلمى، فىزىئولوگىيە ۋە پىسخولوگىيە، ھايۋانات - ئۆسۈملۈكشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك، خەرىتىچىلىك قاتارلىقلارغا دائىر كىتاپلار تەرجىمە قىلىندى. لياڭ چىچاۋ «غەرپ ئىلمىگە دائىر كىتاپلار كاتولوگى ئۈستىدە چۈشەندۈرمىلەر» دىگەن كىتاپتا مۇنداق دىگەن ئىدى: ”ئەلنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، غەرپنىڭ كىتاپلىرىنى كۆپرەك تەرجىمە قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك؛ ئۆگەنگۈچىلەر مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان بولسىمەن دەيدىكەن، غەرپنىڭ كىتاپلىرىنى كۆپرەك

ئوقۇشقا بېرىلىشى كېرەك". بۇ سۆزلەر شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئىي پەنگە بولغان كۆزقارىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، تۇرلۇك مەكتەپلەر ئېچىلدى، تەبىئىي پەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ زۆرۈر دەرسى بولۇپ قالدى. ئىلغار زىيالىيلار دۆلەت ئىچىدىكى مەكتەپتە ئۆتۈلىدىغان يەنلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، "ئەلنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەقىل ئىش كۆرەلەيدىغان بولۇش" خام خيالى بىلەن، چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇدى، ئۇلارنىڭ سانى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە كۆپ بولدى. ئۇلار ئۆز كەسپى بويىچە مەلۇم جەھەتتە نەتىجە قازاندى، ئەمما ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتىش پۇرسىتى بەك ئاز بولدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمەلدار بولدى، بەزىلىرى ئۆگەنگەن كەسپىگە قويۇلمىدى. تەبىئىي پەننى ئۆگەنگەنلەر كۆپ بولغىنى بىلەن، تەبىئىي پەننىڭ ئۆزى يەنىلا راۋاج تاپالمىدى.

يۇقۇرىقى ئەھۋال فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ "جۇڭگو ئىلمىنى ئاساس قىلىش، غەرپ ئىلمىدىن پايدىلىنىش" فاڭجېنىغا ماس كېلەتتى. "جۇڭگو ئىلمىنى ئاساس قىلىش" دېگەنلىك فېئوداللىق مەدەنىيەتتىن ئىبارەت كونا ئىلىمنى ساقلاپ قېلىپ، بۇرژۇئا مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت يېڭى ئىلىمنى چەتكە قېقىش دېگەنلىك ئىدى. "غەرپ ئىلمىدىن پايدىلىنىش" دېگەنلىك فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى تەبىئىي پەندىن پايدىلىنىپ مۇستەھكەملەش، تەبىئىي پەننى يېڭىچە پەدەز بويۇمى قىلىش دېگەن-

لىك ئىدى،
جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزىم يېڭى ئىلىمنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى. "4-ماي" ھەركىتى پارتلاشتىن ئىلگىرى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىلغار زىيالىيلىرىنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئىلىم-پەن شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمنىڭ زۇلمىغا نارازىلىق ۋە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.
چەتئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىيات-سەنئەتمۇ يېڭى ئىلىمنىڭ بىر قىسمىدۇر. بىراق ئۇ بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى ئىجتىمائى تەلىمات ۋە تەبىئى پەندەك قوزغىيالمىدى. نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ھەر ھالدا گەۋدىلىك بولدى. لىن شۇ چەتئەللەرنىڭ بىر يۈز نەچچە ئون خىل رومان-ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلدى، بۇلارنىڭ خەت سانى 12 مىليونغا يېتىدۇ. بۇ ھېكايە-رومانلارنىڭ ئىنتايىن زور كۆپچىلىكى ئىشقى-مۇھەببەت ھېكايىلىرى بولۇپ، ھەممە-دىن مەشھۇر بولغىنى «چوغلۇق قىزنىڭ ئىشلىرى» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.
بۇ دەۋردە يېڭى ئىلىمنى تەكىتلىگەن زىيالىلار، ئومۇمەن ئېيتقاندا، غەرپ مەدەنىيىتىنى چىن دىلىدىن ئۆگەنگۈچە-لەردىن بولدى. ئۇلار ئىجتىمائى تەلىماتنى تەكىتلىدى، گەرچە بۇنىڭغا جۇڭگونىڭ يېرىمۇنچە فېئودالىق قالدۇق زەھەرلىرى ئارىلىشىپ قالغان، ھەتتا جاھانگىرلىكنىڭ قۇل قىلىش ئىدىيە-

سىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار سۇبيېكتىپ جەھەتتە ھەر ھالدا جۇڭگونى قۇتقۇزۇش ئويىدا بولدى. ئۇلار تەبىئى پەننى تەكىتلىگەندىمۇ، سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئەلنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەقىل ئىش قىلالايدىغان بولۇش ئويىدا بولدى. بۇ جەھەتتە ئۇلار خۇ شى ۋەكىللىگىدىكى كىشىلەرگە — ئەجنەبىلەرگە قۇل بولغۇچىلارغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، يېڭى ئىلىم تەرەپدارلىرىدىن بولغان ئىلغار شەخسلەر بۇرژۇئازىيىگە خىزمەت قىلىشنىڭ چىقىش يولى يوق ئىكەنلىگىنى بارا-بارا ئاڭقىرىۋېلىپ، يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەتنىڭ نىشانىنى ۋە غەلىبىسىنى كۆرۈپ، يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت قوشۇنىغا ئارقا-ئارقىدىن قاتناشتى. ئىنقىلاپ ئىنتايىن جاپالىق بولۇۋاتقان يىللاردا، لۇشۇننى باش سەركەردە قىلغان بۇ مەدەنىيەت قوشۇنى فېئوداللىق مەدەنىيەتكە، ئەجنەبىلەرگە قۇل بولىدىغان مەدەنىيەتكە قارشى قەيسەرلىك بىلەن تەڭداشسىز جەڭ قىلدى.

# هازىرقى زاماندىكى جۇڭگو (يېڭى دېموكـ-راتىك ئىنقىلاپ دەۋرى ۋە يېڭى دېموكـ-راتىزىمدىن سوتسىيالىزىمغا ئۆتۈش)

## 1. جۇڭگو يېڭى دېموكـراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ باشلىنىشى — "4-ماي" ھەركىتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش

(1919-يىل 5-ئايدىن 1927-يىل 7-ئايغىچە)

**جاھانگىرلىككە قارشى "4-ماي" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى** بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى 1918-يىل 11-ئايدا ئاياق-لاشتى. 1919-يىل 1-ئايدىن باشلاپ، ئۇرۇشتا يېڭىپ چىققان جاھانگىر دۆلەتلەر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھرىدە ئاتالمىش "تېچلىق يىغىنى" ئۆتكۈزدى. بۇ، ئۇرۇشتا يېڭىلگەن دۆلەتلەرنى تالان-تاراج قىلىدىغان ۋە مۇستەملىكىلەرنى قايتىدىن بۆلۈشۈ-ۋالىدىغان ئولجا ئۈلۈشۈش يىغىنى بولدى. بۇ يىغىندا تۈزۈلگەن ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسىدە، گېرمانىيىنىڭ جۇڭگونىڭ شەندۇڭ

ئۆلكىسىدىكى تۆرلۈك ئىمتىيازلىرىغا ياپونىيىنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى قارار قىلىندى. بۇ خەۋەر پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىدى. بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار 4-ماي كۈنى تيەنئەنمېندە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، "تاشقى جەھەتتە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرەيلى، ئىچكى جەھەتتە ۋەتەن خائىنلىرىنى جازالايلى" دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى، جۇڭگونىڭ زېمىنى — شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى چىڭداۋ قاتارلىق جايلارنى ياپونىيىنىڭ زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ياپونپەرەس ۋەتەن ساتقۇچ ساۋ رۇلىن، جاڭ زۇڭشياڭ، لۇ زۇڭيۇدىن ئىبارەت 3 كىشىنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىنلا نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشچىلار قوشۇنى ساۋ رۇلىننىڭ تۇرارجايىنى كۆيدۈردى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغان جاڭ زۇڭشياڭنى تازا ئۇردى. بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈرىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى، جايلاردىكى ئوقۇ-غۇچىلار ئالدى بىلەن ئوقۇش تاشلاپ ئاۋاز قوشتى. شاڭخەي-دىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەر 6-ئاينىڭ 3-كۈنى ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە ئىش تاشلاش ۋە بازار تاشلاش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردى. 5-ئىيۇندىن باشلاپ، شاڭخەي، تاڭشەن، چاڭشىندىيەن قاتارلىق جايلاردىكى 60~70 مىڭ ئىشچى جاھانگىرلىككە قارشى كەڭ كۆلەملىك سىياسى خاراكتېرلىق

ئىش تاشلىدى. بۇ، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئويغانغان مۇستەقىل سىنىپي كۈچ سۈپىتىدە جۇڭگونىڭ سىياسى سەھنە- سىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشتە غول كۈچكە ئايلىنىشى ئىدى. ئىشچىلار ئىش تاشلىغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، جايلاردىكى سودىگەرلەر بازار تاشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇش تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن "4- ماي" ھەركىتى تەرەققى قىلىپ ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار، سودى- گەرلەرنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئاممىۋى خاراكتېرلىق بىرلەشمە ئىنقىلاۋىي ھەركىتىگە ئايلاندى، بۇ فېئودال مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە زور بېسىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت 6- ئاينىڭ 28- كۈنى «ۋېرسال سۈلھى شەرتنامىسى» گە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. جۇڭگو خەلقى- نىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرىشى پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ يېڭىچە ئاممىۋى ئىنقىلاۋىي ھەركەت جۇڭگو خەلقىنىڭ يېڭىدىن ئويغانغان ئۇلۇغ مىللى ئېڭىنى ئىپادىلىدى، ئۇنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا ئۈزۈل- كېسىل قارشى تۇرۇش روھى جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە ئاچتى.

**ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرى** جاھانگىرلىككە قارشى مۇشۇ ۋەتەنپەرۋەر- لىك ھەركىتى قوزغىلىش بىلەن بىرگە، ئىلغار جۇڭگو زىيالىلىرى فېئوداللىق مەدەنىيەتكە ئۈزۈل- كېسىل قارشى تۇرىدىغان،

دېموكراتىيە، ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات ئىنقىلاۋىنى تەشەببۇس قىلىدىغان يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنى ئېلىپ باردى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگو مىللى سانائىتىنىڭ چاپسان تەرەققى قىلىشىغا، جۇڭگو جەمىيىتىدىكى ئىككى يېڭى سىنىپ-نىڭ — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈچىنىڭ تېز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دېموكراتىيىنى ۋە ئەركىنلىك-ئازاتلىقنى تەلەپ قىلىدىغان يېڭى پىكىر ئېقىمى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. 1917-يىلدىكى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىغىچە، جۇڭگودىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى، ئومۇمەن ئالغاندا، يەنىلا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ئىدى. روسىيە ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا قوزغالغان ياۋروپا ئەللىرىدىكى پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ ھەمدە شەرق ئەللىرىدىكى مىللى ئازاتلىق ھەركەتلىرىنىڭ جۇڭگوغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئالامەت زور بولدى. روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشى جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا ئۈلگە تىكلەپ بەردى، جۇڭگونىڭ ئازاتلىق يولىنى كۆرسىتىپ بەردى؛ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلگىرى روسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن جۇڭگو تۈزگەن بارلىق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى جاكالىغانلىقى جۇڭگو خەلقىنىڭ روسىيە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىغا بولغان ھېسداشلىقى ۋە ھىمايىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن، سوتسىيالىستىك پىكىر ئېقىمى جۇڭگوغا

تارقالدى. لى داجاۋ (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرغۇ-
چىلارنىڭ بىرى، 1927 - يىل 4 - ئايدا مىلىتارىست جاڭ زولىننىڭ
دارى ئاستىدا باتۇرانە قۇربان بولغان)، چېن دۇشيۇ (جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى، كېيىن ئەمەل-
دىن قالدۇرغۇچى بولۇپ كەتكەن)، ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي
ۋەكىللىك قىلغان ئىنقىلاۋىي زىيالىيلار ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ
غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلدى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىن كوممۇ-
نىستىك ئېتىقاتنى تۇرغۇزۇپ، كوممۇنىستىك ئىدىيىنى دەسلەپكى
قەدەمدە تىكلىگەن زىيالىيلارغا ئايلاندى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن
كېيىن، جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى راۋاجلىنىپ ئاساسەن
سوتسىيالىستىك پىكىر ئېقىمىنى تەشۋىق قىلىدىغان ھەركەتكە
ئايلاندى. يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى جاھانگىرلىككە قارشى
"4 - ماي" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىگە تۈرتكە بولدى؛ جاھان-
گىرلىككە قارشى "4 - ماي" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى، ئۆز
نۆۋىتىدە، يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولدى.
يېڭى ئىدىيىنى تونۇشتۇرىدىغان ژۇرناللار، كىتاپلار، گېزىتلەر
كۆپلەپ تارقىتىلدى. كوممۇنىستىك ئىدىيىنى دەسلەپكى قەدەمدە
تۇرغۇزغان زىيالىيلار يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ سولقانىتى
بولۇپ قالدى. ئۇلار يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىدىمۇ، جاھانگىرلىككە
قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىدىمۇ رەھبەرلىك رولىنى
ئوينىدى. ماركسىزىملىق پىكىر ئېقىمى ئۇلارنىڭ ۋاستىسى
بىلەن جۇڭگودا تېز تارقىلىپ، زور بىر تۈركۈم ياشلارغا تەسىر

كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، "4-ماي" ھەركىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىدىيە جەھەتتە ۋە كادىر يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تەييارلىق قىلدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە "4-ماي" ھەركىتى جۇڭگو تارىخىدا تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى: جۇڭگو ئىنقىلابى دۇنيا پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى-دە، جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىن ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىگە قەدەم قويۇشقا باشلىدى. "4-ماي" ھەركىتى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

دەل ماۋ زېدۇڭ كۆرسەتكەندەك، "4-ماي ھەركىتى شۇ چاغدىكى دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، روسىيە ئىنقىلابىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، لېنىننىڭ چاقىرىقى ئاستىدا مەيدانغا كەلدى." («يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە») لېنىن 1918-يىلدىن 1920-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقتىكى مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدا بىر مۇنچە مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. بولۇپمۇ 1920-يىلى چاقىرىلغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 2-قۇرۇلتىيىدا لېنىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «مىللەت ۋە مۇستەملىكە مەسىلىسى توغرىسىدىكى تېزىس»تا كوممۇنىزىمچىلار مىللىي ئىنقىلابىي ھەركەتتە قوللىنىشقا تېگىشلىك تۈپ فاكتىكىنى ئېنىق كۆرسىتىلدى. لېنىننىڭ يوليورۇقى

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتتى.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ راۋاجلىنىشى** "4-ماي" ھەركىتىدىن كېيىن، جۇڭگو ئىشچىلار ھەركىتى يەنىمۇ راۋاجلاندى. بەزى كوممۇنىزىمچى زىيالىلار چاڭشىندىيەن، شاڭخەي، خۇنەن قاتارلىق جايلاردا ئىشچىلار ئاممىسى ئىچىدە خىزمەت ئىشلەپ، ئىشچىلارنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشىغا، ئىشچىلار كۇلۇبى ۋە ئەمگەكچىلەر بىلىم ئېلىش مەكتىۋى قۇرۇشىغا ياردەم بەردى ھەمدە بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا تۇرلۇك ئاممىباپ گېزىتچاقلارنى چىقىرىپ، ئىشچىلارغا كوممۇنىزىمنى تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئىشچىلار ھەركىتى بىلەن تەدرىجى بىرلەشتۇرۇلدى.

1920-يىلى يازدا، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ۋە لېنىننىڭ ياردىمىدە، شاڭخەيدە تۇنجى كومپارتىيە گۇرۇپپىسى مەيدانغا كەلدى؛ ئارقىدىنلا جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بېيجىڭ، خەنكۇ، چاڭشا، گۇاڭجۇ، جىنەن قاتارلىق جايلاردىمۇ، شۇنداقلا پارىژدا ۋە توكيودا ئوقۇۋاتقان جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدىمۇ كومپارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلدى.

1921-يىل 7-ئايدا، جايلاردىكى كومپارتىيە گۇرۇپپىلىرى

ماۋ زېدۇڭ، خې شۇخېڭ، دۇڭ بىۋۇ، چېن تەنچيۇ، ۋاڭ جىنمېي، دېڭ ئېنمىڭ، لى خەنجۇن، لى دا، جاڭ گوتاۋ، ليۇ رېنجىڭ، جۇ فوخەي، چېن گوڭبودىن ئىبارەت 12 ۋەكىللىنى سايلاپ چىقتى، ئۇلار 50 نەچچە پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىل بولۇپ، جۇڭگونىڭ سانائەت مەركىزى بولغان شاڭخەيدە 1 - قۇرۇلتاينى ئۆتكۈزدى. چېن دۇشيۇ ئەۋەتكەن ۋەكىل باۋ خۇيسېڭمۇ قۇرۇلتايغا قاتناشتى. قۇرۇلتاي روسسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنى ئۈلگە قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پىروگراممىسى (جۈملىدىن نىزامنامىسى)نى ماقۇللىدى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئورگىنىنى سايلاپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ماركسىزملىق ئىنقىلاۋىي پارتىيىسى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ — جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ زور ئىش. بۇ پارتىيە ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆزىنىڭ قورالى قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىنقىلاپنىڭ تەشكىللاتچىسى ۋە رەھبىرى قىياپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى - دە، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ قىياپىتىنى چوڭقۇر ھالدا ئۆزگەرتىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنى غەلىبىگە يېتەكلىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال بۇ قۇرۇلتايغا ۋەكىل قاتناشتۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشچىلار ھەركىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ سىنىپىي كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، كوممۇنىزمنى ئىشچىلار

ھەركىتى بىلەن يەنىمۇ بىرلەشتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ بىرىنچى مەركىزىي خىزمىتى قىلىپ بەلگىلىدى. پارتىيە مەملىكەت بويىچە ئىشچىلار ھەركىتىگە ئاشكارا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئورگان — جۇڭگو ئەمگەكچىلەر بىرلەشمىسى شۇجىبۇسىنى قۇردى. جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى جاھانگىرلىك، فېئودالىزىم ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۈچ قات ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ۋە زۇلمىغا ئۇچرايتتى، ھەممىدىن ئازاپ-ئوقۇبەتلىك ۋە ھوقۇقسىز ئورۇندا تۇراتتى، ئۇلاردا قەتئىي، ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلاۋىيلىق ۋە جىددى ئازاتلىق تەلىۋى بار ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ پارتىيىسى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىگىگە ئىگە بولغان ھامان، ئۇلارنىڭ كۈرەش يالقۇنى يانار تاغدەك پارتلاپ چىقاتتى. 1922-يىل 1-ئايدىن 1923-يىل 2-ئايغىچە، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى تۇنجى قېتىملىق ئىشچىلار ھەركىتى دولقۇنىنى قوزغىدى. مۇشۇ 13 ئاي ئىچىدە، نەچچە يۈزلىگەن كوممۇنىستلار ۋە سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن، مەملىكەت بويىچە چوڭ شەھەرلەردىكى، زاۋۇت-كان مەركەزلىرىدىكى ۋە مۇھىم تۆمۈريوللاردىكى، سۇ قاتنىشى لىنىيىلىرىدىكى 300 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى يۈز نەچچە قېتىم ئىش تاشلاش كۈرىشى ئېلىپ باردى.

ئىش تاشلاش دولقۇنى شياڭگاڭ دېڭىزچىلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشىدىن باشلاندى. 1922-يىل 1-ئايدا، شياڭگاڭ

دېڭىزچىلىرى ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىش، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن ئىش تاشلىدى. 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، شياڭگاڭدىكى بارلىق ئىشچىلار دېڭىزچىلارغا ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن پۈتۈن ئىتتىپاق بويىچە ئىش تاشلىدى. مەملىكەت بويىچە جايلاردىكى ئىشچىلارمۇ ئىش تاشلىغان شياڭگاڭ ئىشچىلىرىغا قىزغىن ياردەم بەردى. 3 - ئاينىڭ بېشىدا، ئىش تاشلاش تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ غەلىبە پۈتۈن مەملىكەت ئىشچىلىرىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە زور دەرىجىدە ئىلھام بولدى. 5 - ئايدا، مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە گۇاڭجۇدا ئېچىلدى، بۇ قۇرۇلتاي جايلاردىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرىشىنى يەنىمۇ ئالغا سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ئۆزىنىڭ ئېنىق كۈرەش نىشانى ۋە خەلقنى ئىنقىلاپ قىلىشقا چاقىرىدىغان ئېنىق نىشان قىلىدىغان كۈرەش پىروگراممىسىغا مۇھتاج ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1922 - يىل 7 - ئايدا شاڭخەيدە مەملىكەتلىك 2 - قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. قۇرۇلتايغا چېن دۇشيۇ، دېڭ جۇڭشيا، سەي خېسېن، شياڭ جىڭيۇ قاتارلىق 12 ۋەكىل 195 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. قۇرۇلتاي

پارتىيىنىڭ خىتاپنامىسىنى ماقۇللاپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى ئاساسىي پىروگىراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىتاپنامىدە پارتىيىنىڭ ئالىي پىروگىراممىسىنىڭ جۇڭگودا كوممۇنىزىم تۈزۈمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى؛ خىتاپنامىدە پارتىيىنىڭ تۆۋەن پىروگىراممىسى — پارتىيىنىڭ جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى ئاساسىي پىروگىراممىسى تەپسىلىي بەلگىلەندى. خىتاپنامىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: "جۇڭگو خەلقىغە (مەيلى بۇرژۇئازىيە، ئىشچىلار ياكى دېخانلار بولسۇن) ئەڭ زور ئازاپ-ئوقۇبەت كەلتۈرۈۋاتقىنى — كاپىتال جاھانگىرلىك كۈچلىرى ۋە مىلىتارىست-بىيۇروكرات فېئودال كۈچلەر، شۇڭا ئاشۇ ئىككى تۈرلۈك كۈچكە قارشى تۇرىدىغان دېموكراتىك ئىنقىلاۋىي ھەركەت تولىمۇ ئەھمىيەتلىك". خىتاپنامىدە دېموكراتىك بىرلەشمە سەپ قۇرۇش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىرلەشمە سەپنىڭ كونكرېت پىروگىراممىسى بەلگىلەندى، بۇ پىروگىراممىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ نۆۋەتتىكى تۈپ ۋەزىپىسى "ئىچكى مالىمانچىلىقنى تۈگىتىش، مىلىتارىستلارنى يوقىتىش، مەملىكەت ئىچىدە تېچلىقنى ئورنىتىش؛ خەلقارا جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ جۇڭگو زېمىنىنى (شەرقىي شىمالدىكى 3 ئۆلكىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ھەقىقىي دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش"تىن ئىبارەت دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتاي

جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزىمغا قارشى تۇرىدىغان جەڭگىۋار شوئارنى جۇڭگو تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، جۇڭگو خەلقى مۇشۇ جەڭگىۋار شوئار ئاستىدا داغدۇغىلىق ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. قۇرۇلتاي كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالغا قاتنىشىش توغرىسىدىمۇ قارار ماقۇللىدى.

بۇ قۇرۇلتاي ئىش تاشلاش ھەركىتىگە يەنىمۇ تۈرتكە بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن، شاڭخەي، ۋۇخەن، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردا ۋە تۆمۈريول، كان، سۇ قاتنىشى قاتارلىق سانائەت تارماقلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن ئىش تاشلاش يۈز بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، جياڭشى ئۆلكىسى پىڭشياڭ ناھىيىسىدىكى ئەنيۈەن كۆمۈر كانىنىڭ ۋە جۇجۇ-پىڭشياڭ تۆمۈر-يولىنىڭ بولۇپ 20 مىڭغا يېقىن ئىشچىسىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشى، كەيلۈەن كۆمۈر كانىنىڭ 40 مىڭدىن ئارتۇق بارلىق ئىشچىسىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشى بىرقەدەر كەڭ كۆلەملىك بولدى. بۇ ئىش تاشلاش ھەركەتلىرىنىڭ تولىسى غەلىبە قازاندى.

ئىش تاشلاش ھەركەتلىرى كۈنسايىن كېڭىيىۋاتقان، چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، جاھانگىرلار بىلەن فېئودال مىلىتارىستلار بىرلىشىپ، ئىش تاشلاش ھەركىتىنى قانلىق باستۇردى، شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭ-خەنكۇ تۆمۈريول ئىشچىلىرى قانلىق باستۇرۇلغان "7-فېۋرال" پاجىئەسى يۈز بەردى. بېيجىڭ-

خەنكۇ تۆمۇريولى بويىچە ئۇمۇمى ئىش تاشلاش باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى تەشكىللەش ئەركىنلىگىنى قولغا كەلتۇرۇش مەقسىدىدە قوزغالدى. 1923 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۇنى بېيجىڭ ـ خەنكۇ تۆمۇريولى بېكەتلىرىنىڭ شۆبە ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى جېڭجوۇغا يىغىلىپ، بېيجىڭ ـ خەنكۇ تۆمۇريولى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇش يىغىنىنى ئۆتكۇزۇۋاتقاندا، مىلىتارىست ۋۇ پېيفۇ ئەۋەتكەن ھەربى ـ ساقچىلار بۇ يىغىننى يولسىزلىق بىلەن توسىدى. مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمىغا ئېتىراز بىلدۇرۇش ئۇچۇن، بېيجىڭ ـ خەنكۇ تۆمۇريولى بويىچە ھەممە ئىشچىلار 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنى چۇشتىن باشلاپ ئۇمۇمى ئىش تاشلاپ، "ئەركىنلىك ئۇچۇن جەڭ قىلايلى، كىشىلىك ھوقۇقى ئۇچۇن جەڭ قىلايلى!" دىگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاھانگىرلارنىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن، مىلىتارىستلار 7 ـ فېۋرال كۇنى خەنكۇدىكى جياڭئەن دىگەن يەردە ئىش تاشلىغان ئىشچى-لارنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇردى. شۇ كۇنى چاڭشىندىيەن ۋە جېڭجۇدىمۇ ئاشۇنداق قىرغىنچىلىق ۋەقەسى يۇز بەردى، ئىشچىلار ھەركىتى تارىخىدىكى "7 ـ فېۋرال"پاجىئەسى ئەنە شۇ. بۇ پاجىئەدە 50 چە ئىشچى ئۆلتۇرۇلدى، 300 دىن ئارتۇق ئىشچى ياردار قىلىندى، 40 ئىشچى قولغا ئېلىندى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى قويماي ۋەيران قىلىندى ۋە پېچەتلەندى. مۇنەۋ-ۋەر كوممۇنىست لىن شياڭچيەن، شى ياڭ دۇشمەنىنىڭ قىلىچى ئاستىدا قۇربان بولدى. ئۇلار ئۆلگىچە تىز پۇكمىدى، مەرت-

لەرچە قۇربان بولدى، پۈرولېتارىياتلىق ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلىقنى كۆرسەتتى.
"7-فېۋرال" ھەركىتى تۇنجى ئىشچىلار ھەركىتى دولقۇنىدىكى ھەيۋىسى ئەڭ زور بولغان ئىش تاشلاش بولدى، شۇنداقلا بۇ دولقۇننىڭ ئاخىرقى پەللىسى بولۇپ قالدى. "7-فېۋرال" ھەركىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە ئىشچىلار ھەركىتى ۋاقىتىنچە پەسىيىپ قالدى.
تۇنجى ئىشچىلار ھەركىتى دولقۇنى ۋە "7-فېۋرال" ھەركىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى ئىپادىلىدى، "7-فېۋرال" ھەركىتىنى يۇقۇرى پەللە قىلغان ئىشچىلار ھەركىتى نەتىجىسىدە، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئارىسىدىكى سىياسى ئابرويى زور دەرىجىدە ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيادىكى ئىشچىلار سىنىپىمۇ جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى كۆردى.
"7-فېۋرال" ۋەقەسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالدىغا مۇنداق يېڭى مەسىلىنى قويدى: ئىشچىلار سىنىپى يالغۇز ئۆز سىنىپىغىلا تايىنىپ دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلسا بولمايدۇ، ئۇ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئىنقىلاپ قىلىشى مۇمكىن بولغان بارلىق سىنىپلار بىلەن بىرلىشىپ ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپ قۇرۇشى كېرەك. ئىنقىلاۋىي خەلق ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغىنىدىلا

قورالliq ئەكسىلئىنقىلاپقا تاقابىل تۇرالايدۇ.

"7-فېۋرال" ھەركىتىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپ قۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى قىلىشقا باشلىدى.

**جاھانگىرلىك چاڭگىلىدىكى مىلىتارىستلار يېغىلىغى** بۇ چاغدا، مەملىكەت ئىچىدە سىياسى ۋەزىيەت جاھانگىرلىك چاڭگىلىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھتىكى مىلىتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇش قىلىدىغان ھالەتتە ئىدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونى تالىشىش يۈزىسىدىن كەسكىن باش سوقۇشتۇرۇشتى، ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ئەنگلىيە ئاساسىي رولچى بولدى. ئامېرىكا دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەربىي قورال-ياراق سېتىش، پۇل قەرز بېرىش ئارقىلىق تازا پايدا ئېلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىن كاپىتالىزم دۇنياسى بويىچە چەتكە كاپىتال چىقارغۇچى ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تېچ ئوكياندا زومىگەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىشى مۇقەررەر ئىدى. ياپونىيە دۇنيا ئۇرۇشى بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگودا ھەممىدىن كۆپ مەنپەئەتكە ئىگە بولۇۋالدى. پارىژ تېچلىق يىغىنىدا ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى ئالاھىدە ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيىنىڭ جۇڭگونى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەنھا ئىگىلىۋېلىش يۈزلىنىشى كېلىپ چىقتى. ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە جۇڭگونى بەس-بەس بىلەن تالان-تاراج قىلىپ، جاھانگىرلىك بۇلاڭ-

چىلىغىدىكى مۇھىم رولچى بولۇپ قالدى. ئەنگلىيە جۇڭگودا ئەزەلدىنلا ئەڭ زور تەسىر كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى ئامېرىكا، ياپونىيىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا بىرئاز ئاجىزلاپ قالدى، ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى تەسىر كۈچىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشى بىرىشى ئۇنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ زىيان يەتكۈزدى. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە بىرلىشىپ ياپونىيىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

1921 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ۋاشىنگتوندا "تېچ ئوكيان يىغىنى" چاقىرىلدى. بۇ يىغىندا ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە بىرلىشىپ ياپونىيىگە بېسىم ئىشلەتتى، 1922 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئامېرىكا، بىلگىيە، ئەنگلىيە، جۇڭگو، فرانسىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، گوللاندىيە، پورتۇگالىيە «9 دۆلەت ئەھدىنامىسى» ئىمزالاندى. ئەھدىنامىدە نامدا "جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىنىغان" بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگونى بىرلىكتە پارە ـ پارە قىلىدىغان بىر كېلىشىم ئىدى. ئۇنىڭدا "ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى پۇرسىتى باپ ـ باراۋەر" ۋە "جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىش" دېگەن تاجاۋۇزچىلىق پرىنسىپى ئاساس قىلىنىپ، ياپونىيىنىڭ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جۇڭگودا ۋاقىتىنچە ئىگە بولۇۋالغان مونوپول ئورنى بىكار قىلىندى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئامېرىكا باشلىق بولۇپ ۋە ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق

دۆلەتلەر بىرلىكتە جۇڭگونى تىزگىنلەيدىغان ۋەزىيەت دەسسىدى.

ۋاشىنگتون يىغىنىدىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە بىرلىشىپ ياپونىيىنى بەزى جەھەتلەردە يول قويۇشقا مەجبۇر قىلغان ئەھۋالدا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى جۇڭگونى تالىشىش توقۇنۇشى قارىماققا پەسىيىپ قالدى. ئەمما ئەمەلىيەتتە پەقەت كۈرەش ئۇسۇلىلا يەڭگۈشلەندى، ئۆزئارا بىۋاستە تاكاللىشىش ئازايدى، ئۆزى بېقىپ ئۆستۈرگەن مىلىتارىستلار ھە دەپ زېمىن تالىشىشقا سېلىنىغان ئۇرۇش بولسا كۈچەيتىلدى.

جۇڭگو فېئودال مىلىتارىستلىرى جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى گۇماشتىلىرى ئىدى. 1916 ـ يىلى شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ كاتتىۋېشى يۈەن شىكەي ئۆلگەندىن كېيىن، شىمال مىلىتارىستلىرى سىستېمىسى ئەنخۇي مىلىتارىستلىرى ۋە جىزلى مىلىتارىستلىرى دىگەن ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى. فېڭ گوجاڭ (ئۇ 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ساۋ كۇن، ۋۇ پېيفۇ ۋارىسلىق قىلدى) باشچىلىقىدىكى جىزلى مىلىتارىستلىرىنى ئەنگلىيە، ئامېرىكا قوللايتتى. دۈەن چىرۈي باشچىلىقىدىكى ئەنخۇي مىلىتارىستلىرى ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى غالچىلىرى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شەرقىي شىمالدىكى فېڭتيەن مىلىتارىستلىرىنىڭ كاتتىۋېشى جاڭ زولىنمۇ ياپونىيە بىلەن تىل بىرىكتۈردى. ئۇلار يەنە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھتىكى دەللال ـ مۇشتۇمزورلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ

ۋەكىللىك قىلاتتى. جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونى تالىشىش كۈرىشى مىلىتارىستلار گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەيدى-غان ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ ئىپادىلەندى. يۈەن شىكەي ئۆل-گەندىن كېيىن، ئەنخۇي مىلىتارىستلىرى بېيجىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى. 1920 - يىل 7 - ئايدا، ”جژلى مىلىتارىستلىرى بىلەن ئەنخۇي مىلىتارىستلىرى ئوتتۇ-رىسىدىكى ئۇرۇش“ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ياڭسۇن، جوجۇ رايون-لىرىدا پارتلىدى، جژلى مىلىتارىستلىرى ئەنخۇي مىلىتارىست-لىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، بېيجىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى. 1922 - يىل 4 -، 5 - ئايلاردا، ”فېڭتيەن مىلىتا-رىستلىرى بىلەن جژلى مىلىتارىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش“ خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چاڭشىندىيەن، ماچاڭ رايونلىرىدا پارتلىدى، جژلى مىلىتارىستلىرى بۇ قېتىممۇ غەلىبە قىلدى (جژلى مىلىتا-رىستلىرىنىڭ بېيجىڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى 1924 - يىل 10 - ئايغىچە داۋاملاشتى). شىمالدىكى مىلىتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغلاردا، جەنۇپتىكى بىر قىسىم مىلىتارىستلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىمالدىكى مىلىتارىستلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى، جەنۇپتىكى ئۆلكىلەردىمۇ ئۈزۈلمەي ئۇرۇش بولۇپ تۇردى.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپ قۇرۇشنى قارار قىلىشى** جاھانگىرلىكنىڭ يېڭى تاجاۋۇز-چىلىقى ۋە مىلىتارىستلار يېغىلىقى شارائىتىدا، دېھقانلارنىڭ تۇر-

مۇشى ئىنتايىن ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك بولدى، ئېغىر باج ـ سېلىقلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ئۇرۇش ئاپىتى، تەبىئىي ئاپەت ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى، يەر ئىجارىسى ۋە جازانىخورلۇق كۈن ـ سايىن ئېغىرلاشتى، نەتىجىدە دېھقانلارنىڭ كۆرىشى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئەۋج ئالدى. جەنۇپتا دېھقانلار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇشقا باشلىدى (مەسىلەن، پېڭ پەي رەھبەرلىك قىلغان گۇاڭدۇڭ خەيفېڭ باش دېھقانلار جەمئىيىتى ۋە شيې خۇەيدې، ليۇ دۇڭشۇەن رەھبەرلىك قىلغان خۇنەن خېڭشەن ـ يۆبېي دېھقانلار ـ ئىشچىلار جەمئىيىتى)، شىمالدىكى دېھقانلارنىڭ ئىپتىدائىي خاراكتېردىكى قوغدىنىش كۆرىشى (مەسىلەن، قىزىل نەيزىلىكلەر جەمئىيىتى) مۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەۋج ئالدى.

ئىشچىلار تېخىمۇ رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىندى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېغى ۋە ئىنتىپاقلىقىمۇ كۈچەيدى.

1922 ـ يىلىدىن باشلاپ، غەرپ جاھانگىرلىرى يېڭىۋاشتىن كېلىپ، جۇڭگوغا ئىقتىسادىي تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر مەھەل چاپسان تەرەققىي قىلغان مىللىي سانائەت يەنە ئۈزۈلمەس تۈرغۇنلۇق ۋە خەۋپلىك ھالەتتە قالدى. بۇنداق ئەھۋال جۇڭگونىڭ توقۇمىچىلىق ۋە ئۇنچىلىق سانائىتى تەرەققىياتىنىڭ تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە ھەممىدىن روشەن ئىپادى ـ لەندى. ئۇن سودىسىدا 1915 ـ يىلىدىن 1921 ـ يىلغىچە ھەر يىلى ئېكسپورت ئىمپورتتىن ئېشىپ تۇرغان ئىدى، 1922 ـ يىلى

ئىمپورت ئېكسپورتتىن ئېشىپ كەتتى، يەنە كېلىپ 1923 -، 1924 - يىللىرى ئىمپورت ئېكسپورتتىن ھەر يىلى 5 - 6 مىليون دەندىن ئېشىپ تۇردى. سانائەتنىڭ تەرەققىياتى ئوكۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، ئوتتۇرا، كىچىك بۇرژۇئازىيىمۇ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىش ۋە مىلىتارىستلار يېغىلىغىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ھەرقايسى ئىنقىلاۋىي سىنىپلارغا تالىق خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش تەلىۋى تېخىمۇ ئۆستى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى جاھانگىرلىككە ۋە مىلىتارىستلارغا بىرلىشىپ قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن، "7 - فېۋرال" پاجىئە ساۋاقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، كەڭ ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپ ئۇيۇشتۇرۇش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئىنقىلاپنى ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ، دەپ ھىساپلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1923 - يىل 6 - ئايدا گۇاڭجۇدا مەملىكەتلىك 3 - قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتايغا لى داجاۋ، ماۋ زېدۇڭ، چېن تەنچيۇ، چۇ چيۇبەي، جاڭ تەيلېي، سەي خېسېن، شياڭ جىڭيۇ قاتارلىق 30 كىشى 420 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. قۇرۇلتاي مىللىي، دېموكراتىك، ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپ قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. قۇرۇلتاي ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپ قۇرۇشنىڭ كونكرېت فاڭجېننى بەلگىلىدى، بۇ فاڭجېن مۇنداق: بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىي دېموكراتىيىچى

سوُن جوُڭشەننىڭ گومىنداڭنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشىغا ياردەم بېرىش، كوممۇنىستلار ۋە سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ گومىنداڭغا شەخسىي سالاھىيىتى بىلەن كىرىشىگە يول قويۇش، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭنى جوُڭگو ئىشچىلىرى، دېخانلىرى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيە-سىدىن ئىبارەت تۆت سىنىپنىڭ ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپ تەش-كىلاتىغا ئايلاندۇرۇش، ئىنقىلاپ كۈچىنى مۇشۇ تەشكىلىي شەكىل ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش، ئەمما كومپارتىيە ئۆزىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مۇستە-قىللىغىنى يەنىلا ساقلاش. قۇرۇلتاي بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرىگە قويغاندا ئىككى خىل خاتا خاھىش كۆرۈلدى. بىر خىل خاتا خاھىشقا شۇ چاغدا پارتىيىنىڭ مەسئۇلى بولغان چېن دۇشيۇ ۋەكىللىك قىلدى، بۇ خاھىشتىكىلەر: بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىغا بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك، كومپارتىيە-يىنىڭ ھەممە خىزمىتى گومىنداڭغا قاراشلىق بولۇشى لازىم، دەپ قارىدى، بۇ ئوڭچىل تەسلىمچىلىك خاھىشى ئىدى. يەنە بىر خىل خاتا خاھىشقا جاڭ گوتاۋ (جوُڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ خائىنى. پارتىيە ئىچىدە تولىمۇ كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ئىنتايىن زور جىنايەت ئۆتكۈزدى. 1938 - يىلى ئەتىيازدا شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىسىدىن ئۆزى يالغۇز قېچىپ چىقىپ، گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلار گۇرۇھىغا ئۆزىنى ئاتتى) ۋەكىللىك قىلدى، بۇ خاھىشتىكىلەر: كومپارتىيە گومىنداڭ

بلەن ھەمكارلاشماسلغى كېرەك، ئشچلار سنپلا ئنقلاپ قلالايدۇ، گومنداڭ دېموكراتك ئنقلاپ ئېلپ بارالمايدۇ، دەپ قاراپ، كوممۇنستلار ۋە ئشچلار، دېخانلارنڭ گومنداڭغا كرشگە قارشى تۇردى، بۇ "سول"چل بېكنمچلك خاھشى ئدى. ماۋ زېدۇڭ قاتارلقلارنڭ قارشى تۇرۇشى بلەن، قۇرۇلتاي بۇ ئككى تۈرلۈك خاتا پكرنى رەت قلدى.

بۇ قۇرۇلتايدا ماۋ زېدۇڭ پارتيە مەركزي كومتېتنڭ ئەزالقغا سايلاندى، كېين ئۇ مەركزي تەشكلات بۆلۈمنڭ باشلقى بولدى.

**سۇن جۇڭشەننڭ كومپارتيەنڭ ياردىمنى قوبۇل قلپ، گومنداڭنى ئۆزگەرتپ تەشكل قلشى** جۇڭگو كوممۇنستك پارتيەسنڭ ترشچانلق كۆرستشى، كوممۇنستك ئنتېرناتسئونالنڭ رەھبەرلك ئورگنى ۋە سوۋېت ئتتپاقى كوممۇنستك پارتيەسنڭ ياردەم بېرشى ئارقسدا، كومپارتيە بلەن گومنداڭ ھەمكارلقدكى جۇڭگو گومنداڭنڭ مەملكەتلك 1-قۇرۇلتىيى 1924-يل 1-ئايدا گۇاڭجۇدا چاقرلدى. قۇرۇلتاي مەشھۇر ختاپنانە ماقۇللندى، ختاپنامدە كومپارتيە ئوتتۇرغا قويغان پروگرامما — جاھانگرلككە، فېئوداللزمغا قارشى ئاساسي پروگرامما قوبۇل قلندى، روسيە بلەن برلشش، كومپارتيە بلەن برلشش، دېخان-ئشچلارغا يار-يۆلەك بولۇشتن ئبارەت ئۈچ چوڭ سياسەت بەلگلەندى. سۇن جۇڭشەننڭ كونا ئۈچ مەسلكى تەرەققى

قىلىپ ئىنقىلاۋىي يېڭى ئۈچ مەسلەككە ئايلاندى. بۇ قۇرۇلتايغا قاتناشقان كوممۇنىستلاردىن ماۋ زېدۇڭ، لى داجاۋ، لىن بوچۈ، چۈ چيۇبەي قاتارلىقلار مەركىزىي ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ ئەزالىغىغا ياكى كاندىدات ئەزالىغىغا سايلاندى. ئۇلار بۇ قۇرۇلتايدا مۇھىم رول ئوينىدى. ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى، بۇ قۇرۇلتاي يېڭى ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخى بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنە سۇن جۇڭشەننىڭ خۋاڭپۇ ئەپىتسەرلەر مەكتىۋىنى ئېچىشىغا، ئىنقىلاۋىي ئارمىيە قۇرۇشىغا ياردەم بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جۇ ئېنلەي، يې جيەنيىڭ، نيې رۇڭجېن، يۈن دەيىڭ، شياۋ چۇنۈ، شيۇڭ شيۇڭ قاتارلىقلارنى خۋاڭپۇ ئەپىتسەرلەر مەكتىۋىگە بېرىپ سىياسى تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئەۋەتتى. ئەپىتسەرلەر مەكتىۋىدىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارمۇ پارتىيە جايلاردىن تاللاپ ئەۋەتكەن كوممۇنىستلار ۋە ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ئىدى، ئۇلار ئەپىتسەرلەر مەكتىۋىدىكى ئىنقىلاۋىي تايانچلار ئىدى. 1924-يىل 10-ئايلاردا، ئىنقىلاۋىي ئارمىيە گۇاڭدۇڭدىكى ئىشچى-دېخانلار ئاممىسىنىڭ ياردىمىدە، گۇاڭدۇڭدىكى

پومىششىك ـ دەللاللارنىڭ قۇراللىق كۈچى ــ سودىگەرلەر ئۇيۇم-
گىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلىڭىنى باستۇردى، شۇنىڭ بىلەن
گۇاڭدۇڭ ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيىتى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشتى.

بۇ چاغدا، لېنىن، ستالىن رەھبەرلىگىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى
جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا ئاكتىپ ياردەم بەرگەندىن تاشقىرى، بېيجىڭ
ھۆكۈمىتى ئارقىلىق تەڭ ھوقۇقلۇق شەرتنامە ئىمزالاش ۋە
جۇڭگو خەلقى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشتى.
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىرىششى ۋە جۇڭگو خەلقى جامائەتچىلە-
گىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى 1924 ـ يىل
31 ـ مايدا ئاخىر سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىككى دۆلەت ئوت-
تۇرىسىدىكى ھەل بولماي كەلگەن بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل
قىلىش پىرىنسىپلىرى توغرىسىدا رەسمىي كېلىشىم ئىمزالاپ،
تاشقى مۇناسىۋەت ئورناتتى.

ئىنقىلاۋىي بىرلىك سەپنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى جايلاردىكى
ئاممىۋى ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.
"7 ـ فېۋرال" پاجىئەسىدىن كېيىن بىر مەھەل پەسىيىپ قالغان
ئىشچىلار ھەركىتى بۇ چاغدا يەنە يېڭىۋاشتىن كۆتىرىلدى.
دېھقانلار ھەركىتىمۇ راۋاج تاپتى، گۇاڭدۇڭ ئىنقىلاۋىي تايانچ
بازىسىدىكى دېھقانلار ھەركىتى ناھايىتى چاپسان ئەۋج ئالدى.
خۇنەن، سىچۈەن، خۇبېي، جياڭشى قاتارلىق ئۆلكىلەردە دېھقانلار
جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلاتىمۇ مەخپىي ھالدا راۋاج تاپتى. ئىنقىلاۋىي
بىرلىك سەپنىڭ راۋاجلىنىشى شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ ئىچكى

جەھەتتىكى پارچىلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتتى، 1924 ـ يىل ئۆكتەبىردە فېئك يۇشياڭ قىسمى شىمال مىلىتارىستلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئىنقىلاپقا مايىل بولدى، جژلى سىستېمىسىدىكى مىلىتارىستلار بىلەن فېڭتيەن سىستېمىسىدىكى مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتقاندا "بېيجىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشى"نى قوزغاپ، جژلى سىستېمىسىدىكى ۋەھشىلىكتە ئۇچىغا چىققان مىلىتارىستلارنى غولىتىپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بېيجىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتى يەنىلا ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غالچىسى بولغان فېڭتيەن سىستېمىسىدىكى مىلىتارىستلار ۋە ئەنخۇي سىستېمىسىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما فېئك يۇشياڭ قىسمىدىكى مىللىي قوشۇن ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا ــ خېبېينىڭ بىر قىسمى، چاخار ۋە خېنەن قاتارلىق ئۆلكىلەردە ئىشچى ـ دېھقانلار ئىنقىلاۋىي ھەركىتى يەنىمۇ ئەۋج ئالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ مەملىكەت بويىچە مىللىي يىغىن چاقىرىش ۋە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىش مەزمۇن قىلىنغان خەلق ھەركىتىنى قوزغىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىنقىلاپ دولقۇنىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 1925 ـ يىل 1 ـ ئايدا شاڭخەيدە مەملىكەتلىك 4 ـ قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتايغا لى داجاۋ، جۇ ئېنلەي، سەي خېسېن قاتارلىق 20 كىشى 994 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. قۇرۇلتاي پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ۋە ئاممىۋى خىزمەت مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. قۇرۇلتاي پۈتۈن

مەملىكەت مىقياسىدا پارتىيە تەشكىلاتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قارار قىلدى. قۇرۇلتاي ئىشچىلار ھەركىتى، دېخانلار ھەركىتى ۋە باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى ھەمدە مىللى يىغىن ھەركىتىگە رەھبەرلىك قىلىش فاكچىيىنى بەلگىلىدى. بۇ قۇرۇلتاي ئاممىۋى كۈرەشنىڭ يېڭى كۆتىرىلىشىگە تەشكىلىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆردى. شۇ يىلى 3-ئايدا، مىللى يىغىن چاقىرىش ۋە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلىش مەقسىدىدە شىمالغا كەلگەن سۇن جۇڭشەن بېيجىڭدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. بۇ ئۇلۇغ دېموكراتىك ئىنقىلاپچىنىڭ ۋاپات بولغانلىغى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى قايغۇغا سالدى.

**"30-ماي" ھەركىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە زور ئىنقىلاپ بورىنىنى چىقىرىشى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 4-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، جايلاردىكى ئاممىۋى ئىنقىلاۋي ھەركەتلەر تېخىمۇ چاپسان ئەۋج ئالدى. شاڭخەي، چىڭداۋدىكى ياپونلۇق سودىگەرلەر ئاچقان يىپ ئىگىرىش فابرىكىلىرىدىكى ئىشچىلار ئارقا-ئارقىدىن كەڭ دائىرىدە ئىش تاشلىدى. مەملىكەتلىك 2-نۆۋەتلىك ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيى 1925-يىل 1-مايدا گۇاڭجۇدا ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا لىن ۋېيمىن باشلىق، ليۇ شاۋچى مۇئاۋىن باشلىق بولغان جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋۇجۇتقا كېلىپ، مەملىكەت بويىچە ئىشچىلار ھەركىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. شۇ كۈنى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك دېخانلار قۇرۇلتىيىمۇ گۇاڭجۇدا

چاقىرىلدى.

15 ـ مايدا شاڭخەيدىكى ياپونلۇق سودىگەرلەر ئاچقان يىپ ئىگىرىش فابرىكىسىنىڭ كاپىتالىستلىرى ئىشچىلارنىڭ ۋەكىلى، كوممۇنىست گۇجېڭخۇڭنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ھەمدە ئون نەچچە ئىشچىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. مۇشۇ قىرغىنچىلىق ۋەقەسىگە ئېتىراز بىلدۈرۈش، شاڭخەي كونسېسسىيە ھۆنەر ـ كەسىپ ئىدارىسى ماقۇللىماقچى بولغان، جۇڭگو مىللى سودا ـ سانائىتىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان 3 قارار لايىھىسىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، 30 ـ ماي كۈنى شاڭخەيدە 2 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى كوچىلارغا چىقىپ نۇتۇق سۆزلىگەندە، كونسېسسىيە ساقچىلىرى ئۇلاردىن نەچچە يۈز كىشىنى تۇتۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئون مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى، ئىشچى نەنجىڭ كوچىسىدىكى لاۋجا ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، قولغا ئېلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەنگلىيە ساقچىلىرى ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ، نەق مەيداندىلا 10 ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 15 ئادەمنى ئېغىر يارىدار قىلدى، يەنە 53 ئادەمنى قولغا ئالدى، داڭلىق "30 ـ ماي" پاجىئەسى ئەنە شۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئەنگلىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە، فرانسىيە قاتارلىق جاھانگىرلار ھەربىي پاراخوتلىرىنى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسمىنى كۆپلەپ ئېپكەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە، شاڭخەي خەلقىدىن جاھانگىرلىكنىڭ قوراللىق كۈچى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە يارىدار

قىلىنغانلار 100 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى.

نەنجىڭ كوچىسىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، شاڭخەي خەلقى قاتتىق غەزەپكە كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلقنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ھەركىتىگە رەھبەرلىك قىلىش يۈزىسىدىن "ھەركەت كومىتېتى"نى ئۇيۇشتۇردى. 31 - ماي كۈنى، تەشكىللىك 200 مىڭ ئىشچى شاڭخەي باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇردى. شاڭخەي ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۈرتكىسىدە، 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، شاڭخەي شەھىرى بويىچە 200 نەچچە مىڭ ئىشچى ئىش تاشلىدى، سودىگەرلەرنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىگى بازار تاشلىدى، 50 نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچى ئوقۇش تاشلىدى ھەمدە داۋاملىق نامايىش ئۆتكۈزدى. 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شاڭخەي باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە شاڭخەيدىكى ئوقۇغۇچىلار، ئوتتۇرا ھال ھەم ئۇششاق سودىگەرلەر تەشكىلاتلىرى بىرلىكتە "ئىشچىلار - سودىگەرلەر - ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى"نى تەشكىللەپ، بۇنى جاھانگىرلىككە قارشى ھەركەتنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى قىلدى ھەمدە جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ھەر خىل قوراللىق كۈچلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىش ۋە باشقىلار تەلەپ قىلىنغان 17 ماددىلىق شەرتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جاھانگىرلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلدى، جۇڭگو خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي جەڭگىۋار روھىنى ئىپادىلىدى.

"30 - ماي" پاجىئەسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىمۇ غەزەپكە

كەلتۈردى. بېيجىڭ، خەنكۇ، نەنجىڭ، چاڭشا، تيەنجىن، جيۇ-جياڭ، جىنەن، فۇجۇ، چىڭداۋ، جېڭجۇ، كەيفېڭ، چۇڭچىڭ، خاڭجۇ، جاڭجياكۇ قاتارلىق جايلاردا ئىش تاشلاش، بازار تاشلاش، ئوقۇش تاشلاش ھەركەتلىرى ياكى دېخانلارنىڭ نامايىش ھەركەتلىرى كۆپ قېتىم قوزغىلىپ، شاڭخەي خەلقىنىڭ كۈرەشكە مەدەت بېرىلدى ھەمدە شاڭخەيدىكى ئىش تاشلىغان ئىشچىلارغا ئىئانە توپلاپ ياردەم قىلىندى. بىرمۇنچە جايلاردا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ نامايىش قىلغان ئاممىلەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ھەربىي ۋە ساقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى. مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلاردا جاھانگىرلىككە قارشى زور ئىنقىلاپ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

**گۇاڭدۇڭ ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى** جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلاپ دولقۇنىدا، ھەممىدىن قاتتىق كۈرەش قىلغىنى شياڭگاڭ ۋە گۇاڭجۇدىكى جاھانگىرلىككە قارشى ھەركەت بولدى. شاڭخەي ئىشچىلىرىنىڭ كۈرەشكە ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، شياڭگاڭدىكى يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىش تاشلىغانلىقىنى جاكالىدى ھەمدە ئارقا-ئارقىدىن گۇاڭجۇغا قايتىپ كەلدى، گۇاڭجۇدىكى ئەنگلىيە كونسېسسىيە ئىشچىلىرىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىش تاشلىدى. "گۇاڭجۇ-شياڭگاڭ چوڭ ئىش تاشلىشى" دېگەن ئەنە شۇ. 6-ئاينىڭ 23-كۈنى،

ئىش تاشلىغان ئىشچىلار گۇاڭجۇدا كاتتا نامايىش ئۆتكۈزدى، نامايىشچىلار قوشۇنى شاجى دىگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، پورتۇگالىيە توپچى پاراخوتلىرى ۋە ھەربى ـ ساقچىلىرى ئۇلارنى ئوققا تۇتتى، 200 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى ۋە ياردار بولدى، داڭلىق "شاجى پاجىئەسى" ئەنە شۇ. بۇ پاجىئە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئامىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كەيپىياتى تېخىمۇ ئۆركەشلىدى، 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىگە كەلگەندە، شياڭگاڭدىكى ئىش تاشلىغان ئىشچىلار 250 مىڭغا يەتتى، گۇاڭجۇغا يېنىپ كەلگەن ئىشچىلار 130 مىڭغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاۋات شياڭگاڭ بىر مەھەل "ئۆلۈك شياڭگاڭ"غا ئايلىنىپ قالدى. ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ـــ "گۇاڭجۇ ـ شياڭگاڭ ئىش تاشلاش كومىتېتى"نى قۇردى، ئىككى مىڭ كىشىدىن ئارتۇق ئىشچىلار قوراللىق كۈچى ـــ ئىشچىلار چارلاش ئەترىدىنى تەشكىل قىلدى. گۇاڭدۇڭ ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئىشچىلار چارلاش ئەترەتلىرى گۇاڭدۇڭدىكى سودا پورتلىرىغا تارىلىپ، شياڭگاڭغا قارىتا ئىقتىسادىي قامال يۈرگۈزدى ھەمدە سوت تەسىس قىلىپ، جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرىنى سوراققا تارتتى. بۇ قېتىمقى ئىش تاشلاش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئىشچىلارنىڭ مەشھۇر يولباشچىسى دېڭ جۇڭشيا، سۇ جاۋجېڭ قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، گۇاڭدۇڭ ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى ۋە گۇاڭدۇڭ دېخانلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، 16 ئاي داۋام قىلدى، بۇ ـــ

دۇنيا ئىشچىلار ھەركىتى تارىخىدا ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان ئىش تاشلاش. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تەشكىللىك ھالدا ئىش تاشلىغان يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى تىرەك بولۇپ بەرگەچكە، گۇاڭدۇڭ ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىسى ۋە گۇاڭدۇڭ ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مىللى ھۆكۈمەت گۇاڭجۇدا رەسمىي قۇرۇلدى، ئىنقىلاپقا قاتناشقان قوشۇنلار بىر تۇتاش ھالدا مىللى ئىنقىلاۋىي ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى.

1925 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە، گۇاڭدۇڭ ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتى ۋە ئىنقىلاۋىي ئارمىيە گۇاڭدۇڭ دائىرىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلاۋىي قوشۇنلارنى تازىلاش ئۇرۇشىنى ئېلىپ باردى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 2 ـ ئايدا بىر قېتىم ۋە 10 ـ ئايدا بىر قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، چاۋجۇ، شەنتۇ ۋە خۇيجۇنى بېسىپ ياتقان چېن جيۇڭمىڭ قوشۇنىنى تازىلىدى. 6 ـ ئايدا، گۇاڭجۇ رايونىدا تۇرۇۋاتقان، ئىسيان كۆتىرىش قەستىدە بولۇۋاتقان يۈننەن ـ گۇاڭشى مىلىتارىستلىرى قوشۇنىنىمۇ يوقاتتى. بۇ ئۇرۇشلاردا، گۇاڭدۇڭ ئىشچىلىرى ۋە دېھقانلىرى ئىنقىلاۋىي ئارمىيىگە ئىنتايىن زور ياردەم بەردى. كوممۇنىستلار ۋە كومسوموللار ئۇرۇشتا ئاۋانگارتلىق ـ تايانچلىق رول ئوينىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش چاپسان غەلىبە قازاندى. جۇ ئېنلەي شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن سىياسى بۆلۈمىنىڭ باش مۇدىرى بولدى، چاۋجۇ ـ شەنتۇ ئېلىنغاندىن كېيىن، چاۋجۇ ـ شەنتۇ رايونى مەمۇرىيىتە-

نىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئىشچى ـ دېھقانلار ھەركىتىنى قوزغىدى، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى ۋە مۇشتۇمزورلارنى يوقىتىشقا رەھبەرلىك قىلدى. 1926 ـ يىل ئەتىياز پەسلىگە كەلگەندە، پۈتۈن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى ئىنقىلاۋىي ئارمىيە تەرىپىدىن تامامەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

دەل شۇ چاغدا (1925 ـ يىل 12 ـ ئايدا) ئىنقىلاۋىي ئۇستازىمىز ستالىن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن راۋاجلىنىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەلىگەن ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى:

"جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى تۈگىمەس ـ پۈتمەس. بۇنداق كۈچ ـ قۇدرەت تېخى تولۇق نامايان بولمىدى. ئۇ كەلگۈسىدە يەنە نامايان بولىدۇ. شەرقتىكى ۋە غەرپتىكى ھوقۇقدارلار بۇ كۈچ ـ قۇدرەتنى كۆرەلمىسە، بۇ كۈچ ـ قۇدرەتنى تولۇق مۆلچەرلىمىسە، بۇنىڭ زىيىنىنى تازا تارتىدۇ." («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) نىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسى خىزمىتى توغرىسىدا بېرىلگەن خۇلاسە دوكلات»، خەلق نەشرىياتى نەشرى، 28~29 ـ بەتلەر)

ستالىننىڭ بۇ ئىلمىي بېشارىتى دۇنيانىڭ ۋە جۇڭگونىڭ سىياسى ـ ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىتى ۋە تۈرلۈك كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەھلىلگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. جۇڭگو ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنىڭ كېيىن زور دەرىجىدە

تەرەققى قىلغانلىقى دەل ئۇنىڭ بىشارىتىنى ئىسپاتلىدى.

"30 - ماي" ھەرىكىتىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە دېخانلارنىڭ مەشھۇر يولباشچىسى پېڭ پەي قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، گۇاڭدۇڭ دېخانلار ھەرىكىتى ئۇچقاندەك راۋاجلاندى. 1926 - يىل مايدا، گۇاڭجۇدا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك 2 - قېتىملىق دېخانلار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى، مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شۇ چاغدا دېخانلار جەمئىيىتىگە قاتناشقانلار 620 مىڭدىن ئاشقان. 1926 - يىل مايدىن باشلاپ، ماۋ زېدۇڭ گۇاڭجۇدا داڭلىق بولغان "گۇاڭجۇ دېخانلار ھەرىكىتى كۇرسى"نى ئاچتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەت بويىچە 20 ئۆلكىدىن ۋە ئىچكى موڭغۇل رايونىدىن دېخانلار ھەرىكىتىگە باشچىلىق قىلىدىغان نۇرغۇن كادىرلارنى مۇشۇ كۇرسقا بېرىپ ئۆگىنىشكە تاللاپ ئەۋەتتى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى ماۋ زېدۇڭ ئۆزى ئۆتكەندىن تاشقىرى، جۇ ئېنلەي، شياۋ چۇنۈ، يۈن دەيىڭ، پېڭ پەي، لى لىسەن، رۇەن شياۋشيەن قاتارلىق يولداشلارمۇ ئۆتتى. ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە قايتىپ خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى، ئۇلار كېيىن مەملىكەت بويىچە دېخانلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان تايانچلارغا ئايلىنىپ قالدى.

**مىللى بۇرژۇئازىيە ئوڭ قانىتىنىڭ ئىنقىلاپنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش قەستىدە بولۇشى** "30 - ماي" ھەرىكىتىدىن كېيىن، ئىنقىلاب لاگېرى ئىچىدە بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارد-

يات ئۇتتۇرىسىدا ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى مەسلە-سىدە كۆرەش كۈنسايىن ئۆتكۈرلەشتى. مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئوڭ قانىتى ئىشچى-دىخانلار ھەركىتىنىڭ ئۇلغىيىشىدىن ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سىياسى ئىناۋىتىنىڭ ئۆسۈشىدىن قور-قۇپ، كوممۇنىزىمغا قارشى تۇرۇش، سىنىپى كۆرەشكە قارشى تۇرۇش چۇقانلىرىنى كۆتىرىشتى. گومىنداڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئوڭچىلار — پومىششىك-دەللال كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلار گومىنداڭدىن ئاشكارا ھالدا بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي "شىشەن يىغىنى گۇرۇھى" (بۇ ئوڭچىلار 1925-يىل 11-ئايدا بېيجىڭ شەھىرى شىشەن تېغىدىكى سۇن جۇڭشەن قەۋرىسى ئالدىدا يىغىن ئېچىپ ئىنقىلاپقا قارشى تۇردى، شۇڭا ئۇلار "شىشەن يىغىنى گۇرۇھى" دەپ ئاتالدى) بولۇپ قالدى. گومىن-داڭنىڭ 1926-يىل 1-ئايدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 2-قۇرۇل-تىيىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە گومىنداڭ سولچى-لىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، "شىشەن يىغىنى گۇرۇھى" ئىنتىزام جەھەتتىن ئەدەپلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ جىياڭ جېيشى ۋەكىللىكىدىكى ئوڭ قانىتىنىڭ ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش سۇيىقەستىگە قارىتا تېگىشلىك ھوشيارلىق بولمىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-نىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنىمۇ پىرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاپقا رەھ-بەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تۇتۇشى مەسىلىسى ئۈستىدىكى تونۇشى يېتەرسىز بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ماۋ زېدۇڭ 1926-يىل 3-

ئايدا «جۇڭگو جەمىيىتىدىكى سىنىپلار توغرىسىدا تەھلىل» دىگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. ماۋ زېدۇڭ: جۇڭگو پىرولېتارىياتىنىڭ ئەڭ كەڭ، ئەڭ سادىق ئىتتىپاقچىسى دىخانلار، دەپ كۆرسەتتى. ماۋ زېدۇڭ يەنە: مىللى بۇرژۇئازىيە تەۋرىنىپ تۇرىدىغان سىنىپ، ئۇلار ئىنقىلاپ دولقۇنىغا كۆتىرىلگەندە بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ قانىتى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ ئىنقىلاپچىلاردىن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئەسەر خۇسۇسەن پارتىيە ئىچىدىكى شۇ چاغدىكى ئېغىر ئەھۋال نەزەردە تۇتۇلۇپ يېزىلغان ئىدى، يەنى شۇ چاغدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىدا ئوڭچىل ئاغمىچىلىق ۋە "سول"چىل ئاغمىچىلىق خاھىشلىرى بار ئىدى، بۇ ئىككى تۈرلۈك ئاغمىچىلار دىخانلارنى ئۇنتۇپ، قەيەرگە بېرىپ كۈچ ئىزدەشنى بىلمىدى.

ئەمما، ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا پىكرى شۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىچىدىكى ئوڭچىل ئاغمىچى رەھبەر چېن دۇشيۇ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىدى؛ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى مىللى بۇرژۇئازىيە ئوڭ قانىتىنىڭ سىياسى ۋەكىلىنىڭ كومپارتىيىگە زەربە بېرىش، ئىنقىلاپقا زەربە بېرىش بىلەن، ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش قەستىنىن پەخەس بولمىدى. 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە، جياڭ جيېشىنىڭ مۇرىتلىرى جياڭ جيېشىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، كوممۇنىست پاراخوت باشلىغى بولغان جۇڭ-

شەن پاراخودىنى گۋاڭجۇدىن خۇاڭپۇغا ھەيدەپ كېلىش توغ-
رىسىدا جياڭ جيېشىنىڭ نامىدا بۇيرۇق چۈشۈردى، ئۇنىڭدىن
كېيىن: جۇڭشەن پاراخودى ئۆز مەيلىچە ھەيدەپ كېلىندى،
توپىلاڭ كۆتىرىش قەست قىلىندى، دەپ ئىغۋا تېرىدى. 3 -
ئاينىڭ 20 - كۈنى جياڭ جيېشى ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر خۇاڭپۇ
ئەپتىسەرلەر مەكتىۋىدىكى ۋە مىللى ئىنقىلاۋىي ئارمىيە 1 - جۈنە-
دىكى كوممۇنىستلارنى قولغا ئالدى، گۋاڭجۇ - شياڭگاڭ ئىش
تاشلاش كومىتېتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرى تۇرۇش-
لۇق جاينى قورشىۋالدى، كوممۇنىستلارنى مىللى ئىنقىلاۋىي ئار-
مىيە 1 - جۈنىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى چېن دۇشيۇ
باشلىق ئاغمىچىلار بۇ سۇيىقەستلىك ۋەقەگە قارىتا مۇرەسسە
قىلىش، يول قويۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋا-
رەن، مىللى ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنىڭ ھەربى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى
جياڭ جيېشى تارتىۋالدى. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، جياڭ جيېشى
گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمى يىغىنىدا ئاتالمىش
"پارتىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش لايىھىسى"نى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، كوممۇنىستلارنى گومىنداڭنىڭ مەركىزىي بۆلۈملىرىنىڭ
باشلىغى قىلىشقا بولمايدىغانلىغىنى بەلگىلىدى. بۇ لايىھىنىڭ
ماقۇللىنىشى بىلەن، كوممۇنىستلارنىڭ گومىنداڭ ئىچىدىكى رەھ-
بەرلىك ئورنى يەنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى ئىچىدىكى چېن دۇشيۇ باشلىق ئوڭچىل ئاغمىچىلار-

نىڭ قايتا ـ قايتا يول قويۇۋېرىشى، ئەملىيەتتە، ئوڭچىلارنىڭ سۇيىقەستلىك ھەركىتىگە ياردەم بەردى، شۇنىڭ بىلەن مىللى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئوڭ قانىتى ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى تەدرىجى ھالدا تارتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزىمغا قارشى بۇ ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ھەركەتتە ئېغىر خەۋپ يوشۇرۇنۇپ قالدى.

**شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشى**

ئۇ چاغدا، ئىنقىلاۋىي ھەركەت داۋاملىق ئالغا راۋاجلىنىۋەردى. 1926 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مىللى ئىنقىلاۋىي ئارمىيە شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. ئىنقىلاۋىي ئارمىيە گۇاڭجۇدىن يولغا چىقىپ، ئۈچ يۆنىلىش بويىچە شىمال مىلىتارىستلىرىغا ھۇجۇم باشلىدى. شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى جۇڭگو ئىشچىلىرى، دېخانلىرى، شەھەر ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسى ۋە بىر قىسىم مىللى بۇرژۇئازىيە بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئودال كۈچلەرگە قارشى تۈرىدىغان ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇ قېتىمقى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشقا تۈرتكە بولغۇچى ئاساسىي كۈچ ئىدى. ئەمما جياڭ جيېشى قاتارلىق يېڭى ئوڭچىلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى يەر ـ زېمىن تالىشىش — شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەش — يولى بويىچە ئىلگىرىلىتىش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىنقىلاپقا ساتقىنلىق قىلىش سۇيىقەستىنى تەدرىجى ئىشقا ئاشۇرۇش غەرىزىدە بولدى.

كەڭ ئىشچى ـ دېخانلار ئاممىسىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا،

شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە چاپسان ئۆلگىرىلىندى. شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان مىللىي ئىنقىلاۋىي ئارمىيە 4-جۈنى كوممۇنىست يې تىڭ قىسمىغا قاراشلىق مۇستەقىل تۇەننى ئاۋانگارت قوشۇن قىلىپ، خۇنەن ئۆلكىسىدىن ئۆتۈپ خۇبېي ئۆلكىسىگە كىردى، تىڭسىچياۋ جېڭى ۋە خېشېڭچياۋ جېڭىدىن ئىبارەت قانلىق جەڭنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 9-ئاينىڭ 7-كۈنى خەنكۇنى ۋە خەنياڭنى ئالدى، 10-ئاينىڭ 10-كۈنى ۋۇچاڭنى ئالدى. 1927-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت ۋۇخەنگە كۆچۈپ كەلدى. فۇجيەن، جېجياڭ تەرەپلەردە، شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە 12-ئايدا پۈتۈن فۇجيەن ئۆلكىسىنى قايتۇرۇۋالدى ھەمدە جېجياڭنىڭ چۇجۇ دىگەن يېرىگە كىردى. جياڭشى تەرەپتە، شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە 11-ئاينىڭ 8-كۈنى نەنچاڭنى ئالدى، ئارقىدىنلا چاڭجياڭ دەرياسىنى بويلاپ شەرققە ماڭدى. شىمالدا، فېڭ يۈشياڭ قىسمىغا قاراشلىق مىللىي ئارمىيە سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمىدە، سۈييۈەندىن جەنۇپقا قاراپ مېڭىپ، 12-ئايدا پۈتۈن شەنشى ئۆلكىسىنى ئالدى.

شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىنىڭ چاپسانلا زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىشىدىكى سەۋەپ شۇكى، بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئىنقىلاپنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ۋە كەڭ ئاممىنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن ئىدى؛ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش خەلقارا جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى

ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى شىمالغا يۈرۈش قىلىشنىڭ
ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى تۈزۈشكىمۇ ياردەملەشتى. كەڭ
ئىشچى-دىخانلار ئاممىسى شىمالغا يۈرۈش قىلىشقا پائال ياردەم
بەردى، گۇاڭجۇ-شياڭگاڭدىكى ئىش تاشلىغان ئىشچىلار ئارمى-
يىگە كۆپلەپ قاتناشتى. شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە
خۇنەنگە كىرگەندىن كېيىن، خۇنەندىكى كەڭ دىخانلار ۋە تۆمۈر
يول ئىشچىلىرى ئۇلارغا ئىنتايىن زور ياردەم بەردى. كوممۇ-
نىستلار ۋە كومسوموللار شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىدە
زور دەرىجىدە تايانچلىق-ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى، شۇنداق
قىلىپ شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە چاپسان ئىلگىرىلىدى.

شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە قايتۇرۇۋالغان كەڭ رايون-
لاردا، ئىشچى-دىخانلار ئاممىۋى ھەركىتى چاپسان ئەۋج ئالدى.
ۋۇخەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى تېز كۆپىيىپ،
1927-يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە 300 مىڭغا يەتتى ھەمدە بۇ ئۇيۇشما
قوراللىق چارلاش ئەترىتىنى قۇردى. 1-ئاينىڭ بېشىدا، خەنكۇ،
جيۇجياڭدىكى ئىشچىلار ۋە كەڭ ئامما ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنى
قوغلاپ چىقىرىپ، كونسېسسىيىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ۋۇخەن
مىللىي ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن، ئەنگلىيە كونسېسسىيىسىنى
قايتۇرۇۋالدى. 1926-يىل 10-ئايدىكى ۋە 1927-يىل 2-
ئايدىكى ئىككى قېتىملىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن،
شاڭخەيدىكى 800 مىڭ ئىشچى 3-ئاينىڭ 21-كۈنى جۇ ئېنلەي،

لو يىنوُك، جاۋ شىيەنىنىڭ رەھبەرلىگىدە ئۇچىنچى قېتىم قورالىق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئىككى كۈن، بىر كېچە قاتتىق جەڭ قىلىپ شاڭخەينى ئىشغال قىلدى. بۇ چاغدا، شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيىنىڭ كۈچى پۈتكۈل چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا يەتتى ھەمدە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىغا قاراپ راۋاجلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېخانلار ھەرىكىتىمۇ جەنۇپتىكى ئۆلكىلەردە چاپسان راۋاجلاندى، بولۇپمۇ خۇنەندە دېخانلار جەمىيىتىگە ئۇيۇشقان دېخانلار نەچچە مىليونغا يەتتى، دېخانلار قوغدىنىش قوشۇنى ئومۇمى يۈزلۈك قۇرۇلدى، دېخانلار دېخانلار جەمىيە- تىنىڭ رەھبەرلىگىدە مۇشتۇمزورلار ۋە پومىششىكلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى ھەمدە پومىششىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلدى، نۇرغۇن يېزا- كەنتلەردە "ھەممە ھاكىمىيەت دېخانلار جەمىيە- تىگە مەنسۇپ" بولۇش ھەقىقى تۇردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

**ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋى توغرىسىدى- كى توغرا پىكىرلىرى** 1926- يىل 11- ئايدا، ئىنقىلاپ تېز راۋاجلىنىپ چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا يەتكەندە، ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى مەسىلىسى ۋە ئىنقىلاپنىڭ تەرەققى- يات ئىستىقبالى مەسىلىسى كۆنتەرىتېپكە قويۇلدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ستالىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال 7- نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ جۇڭگو ھەيئەتلىرى يىغىنىدا «جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا» دېگەن مەشھۇر نۇتۇقىنى سۆزلىدى. ستالىن بۇ نۇتقىدا جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ

ئاجىزلىغىنى، جاھانگىرلىك جۇڭگودىكى ئەكسلئىنقىلاۋىي كۈچلەردىن پايدىلىنىپ مۇداخىلە يۈرگۈزىدىغان ئېغىر خەۋپنى توغرا كۆرسەتتى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن ئىنقىلاۋىي ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. ستالىن قوراللىق كۈرەش جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى دەپ كۆرسەتتى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدىن ھەقىقى ئىنقىلاۋىي ئارمىيىنى قولىدا تۇتۇشنى ھەمدە ھەربى ئىشلارنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى؛ جاھانگىرلىككە قارشى بىرلەشمە سەپنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يېزا ئىنقىلاۋىنى ئۇزۇل-كېسىل قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇرۇش لازىملىغىنى كۆرسەتتى؛ پرولېتارىيات قوزغىلىپ ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئىگەللىشى كېرەكلىگىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توپ ۋەزىپىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋى تەرەققىياتىنىڭ غەيرى كاپىتالىستىك ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە ستالىن يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىدا قوللىنىشقا تېگىشلىك سىياسەتلىرى ئۈستىدە ئۆز ۋاقتىدا، ئارقا-ئارقىدىن نۇرغۇن قېتىم كۆرسەتمە بەردى.

1927-يىلىنىڭ بېشىدا، مەملىكەت بويىچە خۇنەن مەركەز قىلىنغان دېھقانلار ھەركىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ئارقىسىدا، ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسلئىنقىلاپ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مىسلىسىز ئۆت-

كۆرلىشىپ كەتتى. پۈرولېتارىياتنىڭ دېخانلار ھەركىتىگە مەدەت
بېرىش ـ بەرمەسلىكى ۋە رەھبەرلىك قىلىش ـ قىلماسلىقى ئىنقى ـ
لاپنىڭ غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىقىدىكى ھالقىلىق مەسىلە
بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
مەركىزىي كومىتېتى ماۋ زېدۇڭنى خۇنەنگە بېرىپ دېخانلار ھەر ـ
كىتىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى، ماۋ زېدۇڭ 3 ـ ئايدا «خۇنەن
دېخانلار ھەركىتىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»نى ئېلان قىلدى.
ماۋ زېدۇڭ بۇ دوكلادىدا دېخانلارنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىدىكى
مۇھىم رولىنى تولۇق چۈشەندۈردى، ئىنقىلاپچىلار قەتئىيلىك
بىلەن دېخانلار ھەركىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، دېخانلارنىڭ
كۆرىشىگە مەدەت بېرىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك دەپ
كۆرسەتتى. ئۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ دېخانلار ئىنقىلاۋىنى
"ناھايىتى يامان بولدى" دەپ قارىلىغان چۇقانلىرىغا رەددىيە
بېرىپ، مۇشتۇمزورلار ـ پومېشچىكلار سىنىپى نەچچە مىڭ يىل ـ
لىق ئىستىبدات سىياسىنىڭ ئاساسى، جاھانگىرلار، مىلىتارىستلار
ۋە خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ئۇلى؛ دېخانلارنىڭ قوزغىلىپ
ئىنقىلاپ قىلىپ بۇ فېئودال كۈچلەرنى يوقىتىشى خەلق ئىنقى ـ
لاۋىنىڭ ھەقىقى نىشانى، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ: پومېشچىكلار
سىنىپىنىڭ ئاساسى چىك، دېخانلارنى دادىل قوزغاپ، فېئودا ـ
لىزىمغا ئۇزۇل ـ كېسىل قارشى تۇرىدىغان ئىنقىلاۋىي كۈرەش
ئېلىپ بارغاندىلا، پومېشچىكلار سىنىپىنى ئاندىن ئاغدۇرۇپ
تاشلىغىلى بولىدۇ، دەپ ھېساپلىدى. ئۇ: دېخانلار پومېشچىكلار

ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئىنقىلاپنىڭ غەلى-بىسىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، دېخانلار ھاكىمى-يىتىنى ۋە دېخانلار قوراللىق كۈچىنى بەرپا قىلىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ماۋ زېدۇڭ شۇ چاغدىكى پارتىيە ئىچىدىكى تەسلىمچى چېن دۇشيۇنىڭ ئىشچى-دېخانلار ھەركىتىنى "ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى" دەپ ئەيىپلىگەن خاتا مۇقاملىرىنى كەسكىن تەنقىت قىلدى.

شۇ چاغدا، ستالىن ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكىرلىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى قوبۇل قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىنقىلاپنىڭ كېيىنكى مەغلۇبىيەتتىن خالى بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

**گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىنقىلاپقا ساتقىنلىق قىلىشى** دېخانلار ھەركىتى ۋە ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ مىسلىسىز ئۆرلىشى مىللى بۇرژۇئازىيىنى قورقۇتۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاھانگىرلارمۇ شىمالغا يۈرۈش قىلغۇچى ئارمىيە ئازات قىلغان نەنجىڭنى 1927-يىل 3-ئاينىڭ 24-كۈنى توپقا تۇتتى ھەمدە شاڭخەيگە يەنە ئەسكەر ئەۋەتىپ، مىللى بۇرژۇئازىيىگە تەھدىت سالدى، ئۇنى ئىنقىلاپقا ساتقىنلىق قىلىشقا قىزىقتۇر-دى. شۇنىڭ بىلەن، مىللى بۇرژۇئازىيە ئوڭ قانىتىنىڭ ۋەكىلى بولغان جياڭ جيېشى گۇرۇھى جاھانگىرلار بىلەن ھەمدە شاڭخەيگە مەركەزلەشكەن فېئودال-دەللال كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىنقىلاۋىي ھەركەتنى قانلىق ۋاستە بىلەن ساتتى

ۋە باستۇردى. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى شاڭخەيدە
ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئىشچىلار ئاممە-
سى ۋە كوممۇنىستلارنى كەڭ تۈردە قىردى. ئارقىدىنلا گۇاڭجۇ،
نەنجىڭ، خاڭجۇ، نىڭبو، فۇجۇ قاتارلىق جايلاردا ئەكسىلئىنقى-
لاۋىي سىياسى ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئىنقىلاۋىي ئىشچىلار،
دىخانلار ۋە كوممۇنىستلار كۆپلەپ قولغا ئېلىندى ۋە قىرىلدى.
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى چېن
دۇشيۇچى ئوپپورتۇنىستلارنىڭ خاتا لۇشيەنى تۈپەيلىدىن، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئاسىيلىق قىلىش خەۋپىگە تېگىشلىك ھوشيار
تۇرۇلمىدى ۋە مۇداپىئە كۆرۈلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەكسىلئىن-
قىلاۋىي كۈچنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمى ئالدىدا، ئىنقىلاۋىي كۈچ-
لەر ئۈنۈملۈك ھالدا قارشى تۇرالماي، ئېچىنىشلىق ھالدا
مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

"12 ـ ئاپرېل" ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىياسى ئۆزگىرىشى ئارقى-
سىدا بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش جۇزئىي مەغلۇبىيەتكە
ئۇچرىدى. مىللى بۇرژۇئازىيە جاھانگىرلىك ۋە چوڭ پومىشچىك-
لار، دەللال بۇرژۇئازىيىگە سوغدىشىپ ئىنقىلاپتىن چېكىنىپ
چىقتى. جاھانگىرلار ۋە چوڭ پومىشچىكلار، دەللال
بۇرژۇئازىيە جياڭ جيېشى گۇرۇھىنى يېڭى قورال قىلىپ نەنجىڭ
ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىنى قۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن،
4 سىنىپتىن تەركىب تاپقان ئىنقىلاپ لاگېرى 3 سىنىپتىن
تەشكىل تاپقان ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئىنقىلاپ خېيىم ـ خەتەر

ئىچىدە قالدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1927 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ۋۇخەندە مەملىكەتلىك 5 ـ قۇرۇلتىيىنى چاقىردى، قۇرۇلتايغا 80 كىشى 57 مىڭ 967 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. قۇرۇلتاي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى چېن دۇشيۇنىڭ ئوڭچىل ئاغمىچىلىق خاتالىقىنى تەنقىت قىلدى. ئەمما چېن دۇشيۇنى يەنىلا پارتىيىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلىدى، چېن دۇشيۇ قۇرۇلتايدىن كېيىن يەنىلا ئۆزىنىڭ سىنىپىي تەسلىمچىلىك خاتا لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىۋەردى. قۇرۇلتايدا، دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسى، ۋۇخەندىكى گومىنداڭغا قوللىنىلىدىغان تاكتىكا مەسىلىسى شۇنىڭدەك ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش، ئىشچى ـ دېھقانلارنى قوراللاندۇرۇش، ئىقتىسادىي سىياسەت تۈزۈش قاتارلىق جىددى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ ھەقىقى تۈردە ھەل قىلىنمىدى.

قۇرۇلتايدىن كېيىن، ۋۇخەن ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق بولغان خۇنەن، خۇبېي ئۆلكىلىرىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار ئىنقىلاۋىي ھەركىتى داۋاملىق ئۆرلىدى؛ ئەمما بۇ رايونلاردىكى پومېشچىك ـ بۇرژۇئازىيەمۇ جاھانگىرلىك ۋە جياڭ جيېشى ئەكسىلئىنقىلاپچىلىرىغا دوس تارتىشىپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلاڭ قوزغىدى. 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خۇبېيدا شيا دۈيىن قوراللىق توپىلاڭ كۆتەردى، بۇ توپىلاڭنى يې تىڭ قىسمى بېسىقتۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چاڭشادا شۈ كېشياڭ قوراللىق توپىلاڭ كۆتە-

رىپ، ئىنقىلاۋىي ئىشچى-دېخانلار ۋە كادىرلارنى كۆپلەپ قىردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋۇخەندىكى گومىنداڭ ۋاڭ جىڭۋېي گۇرۇھىمۇ ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى بېسىش توغرىسىدا ئۇرغۇن بۇيرۇقلارنى چىقاردى. خۇنەن ۋەقەسىگە ۋە ۋاڭ جىڭۋېي گۇرۇھىنىڭ ئەكسىيەتچىل خاھىشىغا تەسلىمچى چېن دۇشيۇ قارشىلىق كۆرسەتمەكتە يوق، ئەكسىچە، ئىشچى-دېخانلار ئاممىسىغا ئۆزلۈكىدىن قوراللىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مۇرەسسە قىلىش ۋە يول قويۇش ئارقىلىق گومىنداڭ ۋاڭ جىڭۋېي گۇرۇھىنىڭ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى، ئەمما بۇ ئىش ئەكسىچە نەتىجە بەردى. 7-ئاينىڭ 15-كۈنى ۋۇخەندىكى گومىنداڭ ۋاڭ جىڭۋېي گۇرۇھىمۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ، تۈرلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئارقىدىنلا كوممۇنىستلار ۋە ئىشچى-دېخانلار ئاممىسىنى ھەدەپ قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو خەلقى ئېلىپ بارغان داغدۇغىلىق بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا جاھانگىرلىك بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىرلەشمە كۈچىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىنقىلاۋىي كۈچتىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەنلىكى، بولۇپمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى چېن دۇشيۇ باشچىلىقىدىكى ئوڭچىل ئاغمىچىلارنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىك قىلغان توغرا پىكىر-

نى رەت قىلغانلىغى سەۋەپ بولدى. ئەمما بۇ ئىنقىلاپ ئىنقىلاۋىي خەلقنى چوڭقۇر تەربىيىلىدى، جۇڭگو خەلقىغە جاھانگىرلىك ۋە فېئودال كۈچلەرنى يوقىتىشقا بولىدىغانلىغىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلق مەنپەئەتى يولىدا جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلاۋىي پارتىيە ئىكەنلىگىنى، ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۈمىدى ئىكەنلىگىنى تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئىنقىلاپ جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىمۇ مول تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە قىلدى، جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر تۈركۈم پارتىيە كادىرلىرىنى تاۋلاپ چىقتى. دېمەك، بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنى بىر قېتىملىق ئىنقىلاۋىي "ئومۇمى مانېۋىر" دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھام بەردى.

## 2. ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش

(1927 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1937 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە)

**گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىغىنىڭ جىنايەتلىرى** بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن،

مىللى بۇرژۇئازىيە دەللال بۇرژۇئازىيىگە ئەگىشىپ ئىنقىلاپقا
ئاسىلىق قىلىپلا قالماستىن، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر
قىسمىمۇ ئىنقىلاپتىن ئايرىلدى. ئىنقىلاپنى داۋاملاشتۇرىدىغانلار-
دىن پەقەت ئىشچىلار سىنىپى، ئەمگەكچى دېھقانلار ۋە شەھەر-
لەردىكى كەمبەغەل ئۇششاق بۇرژۇئازىيىلا قالدى. جاھانگىرلىك،
فېئودالىزىم كۈچلىرى، دەللال بۇرژۇئازىيە گومىنداڭ ئەكسى-
يەتچىلىرىنى يېڭى قورال قىلىپ ۋە شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭ
ئورنىغا قويۇپ، ئەكسىلئىنقىلاۋىي بولغان گومىنداڭ يېڭى مىلى-
تارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قۇردى.

جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ يېڭى مىلىتارىستلىرى-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقى جاھانگىرلىكنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ قۇرۇل-
غان بولغاچقا، ئۇ تاشقى جەھەتتە جاھانگىرلىككە تەسلىم بولىدۇ.
جياڭ جيېشى ۋەتەن ساتقۇچىلار گۇرۇھى، ئاساسەن، ئامېرىكا،
ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىگە تايىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەممە
ئىشتا ياپون جاھانگىرلىكىنىمۇ ئۆزىگە يانتاياق قىلاتتى.

ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا
جۇڭگو بازىرىنى تالىشىش يولىدا كەسكىن كۈرەش مەۋجۇت
ئىدى، مۇشۇنداق كۈرەشنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە گومىنداڭنىڭ
ھەرقايسى يېڭى مىلىتارىستلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بۇرۇن-
قىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. 1927 ـ يىل 10 ـ ئايدىن
1930 ـ يىلغىچە بولغان 3 يىلدا، مىلىتارىستلار ئېلىپ بارغان كەڭ
كۆلەملىك ئۇرۇش 6 ـ 7 قېتىمغا يەتتى. 1927 ـ يىلى 10 ـ ئايدا،

نەنجىڭدىكى جياڭ جيېشى، لى زۇڭرېنلار بىلەن ۋۇخەندىكى ۋاڭ جىڭۋېي، تاڭ شېڭجژلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. 11 ـ ئايدا، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ گۇاڭدۇڭنى تالىشىش يولىدىكى ئۇرۇش پارتلىدى. 1928 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قوللىغان جياڭ جيېشى، لى زۇڭرېن، يەن شىشەن، فېڭ يۈشياڭدىن ئىبارەت 4 گورۇھ بىر تەرەپ بولغان، ياپونىيە قوللىغان جاڭ زولىن يەنە بىر تەرەپ بولغان مىلىتارىستلار ئارىسىدا شىمالىي جۇڭگونى تالىشىش يولىدا ئۇرۇش پارتلىدى. 1929 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، يەنە جياڭ جيېشى بىلەن لى زۇڭرېن ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا جۇڭگونى تالىشىش يولىدىكى ئۇرۇش پارتلىدى. 10 ـ ئايدا، جياڭ جيېشى فېڭ يۈشياڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ باردى؛ 12 ـ ئايدا، يەنە تاڭ شېڭجژ، شى يۇسەنلەرنىڭ جياڭ جيېشىغا قارشى ئۇرۇشى بولدى. 1930 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جياڭ جيېشى يەن شىشەن، فېڭ يۈشياڭلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك چوڭ ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇلاردىن باشقا، يۈننەن، گۈيجۇ، سىچۈەن، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى كىچىك مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى يېغىلىقلارمۇ ئۇدا بىرنەچچە يىل داۋام قىلدى. بۇ ئىچكى ئۇرۇشلاردا، مۆلچەردىن قارىغاندا، تەخمىنەن 500 مىڭ ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، ئۇرۇش ئاپىتى جۇڭگونىڭ تەڭدىن تولىسىغا تارقالدى. خەلق قاتتىق ئازاپ ـ ئوقۇبەتتە قالدى.

مىلىتارىستلار ئارا بولغان بۇ ئۇرۇشلاردا جياڭ جيېشى تەرەپ

غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇنىڭغا جياڭ جيېشىنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامىدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كۆپلىگەن ياردەملىرىگە ئېرىشەلىگى ۋە شاڭخەي. جياڭسۇ، جېجياڭدىكى پۇل - مالىيە زومىگەرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغانلىقى سەۋەپ بولدى. جاھانگىر دۆلەتلەر، بىر تەرەپتىن، جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى ئىنقىلاپنى باستۇرۇش ۋە جۇڭگو خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش باش قورالى سۈپىتىدە قوللىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۆلگۈنچىلىك سياسىتىنى يەنە داۋاملىق قوللىنىپ، گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشى، سىچۇەن، غەربىي شىمال، شەرقىي شىمال قاتارلىق جايلاردىكى مىلىتارىستلارنىڭ يېرىم مۇستەقىل ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇشىنى يۆلەپ، ئۇلارنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز ھالدا ئاشكارا قارشىلىشىشى ھەتتا ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشىنى قوللىدى.

جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى پومىشچىك - دەللاللار سىنىپىغا، بولۇپمۇ جياڭسۇ - جېجياڭدىكى پۇل - مالىيە زومىگەرلىرىگە تايىنىپ قۇرۇلغان پومىشچىك، دەللال، مىلىتارىست، بىيۇروكرات، لۈكچەك، مۇرتلار ئارىلىشىپ بىر گەۋدە بولغان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدۇر. بۇ ھاكىمىيەت ماھىيەت جەھەتتىن شىمال مىلىتارىستلىرى ھاكىمىيىتىدىن پەرقى يوق. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، شەكىل جەھەتتە ئۇ گومىنداڭ يېڭى مىلىتارىستلىرىنى شىمال كونا مىلى-

تارىستلىرىنىڭ ئورنىغا قويىدى ۋە دەسلەپكى چاغلاردا ئىنقىلاۋىي بولغان ئۈچ مەسلەك ۋە گومىنداڭ بايرىغىنى سۈيىئىستىمال قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ئالدامچىلىقىنىڭ نىقاۋى قىلىپ، شىمال مىلىتارىستلىرىنىڭكىدىنمۇ ۋەھشى فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويىدى.

بۇ ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەتنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ماۋ زېدۇڭ 1928 ـ يىل 10 ـ ئايدىلا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "ھازىرقى ۋاقىتتا گومىنداڭ يېڭى مىلىتارىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يەنىلا شەھەرلەردىكى دەللاللار سىنىپى ۋە يېزىلاردىكى مۇشتۇمزور ـ تەييارتاپلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولۇپ، تاشقى جەھەتتە، جاھانگىرلىككە تەسلىم بولۇۋاتىدۇ، ئىچكى جەھەتتە، كونا مىلىتارىستلارنىڭ ئورنىغا يېڭى مىلىتارىستلارنى دەسسىتىپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپىغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە سىياسىي زۇلۇمنى بالدۇرقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچەيتىۋاتىدۇ. ...پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئاددىي خەلق ھەتتا بۇرژۇئازىيىمۇ يەنىلا ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا قېلىپ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە قىلچە ئازاتلىققا ئېرىشەلمىدى." («جۇڭگودا قىزىل ھاكىمىيەت نىمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 89 ـ ، 90 ـ بەتلەر)

بۇ رەھىمسىز ۋە زۇلمەتلىك ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ جەۋھەرلىرى ــ كوممۇنىستلار ۋە ئىنقىلاۋىي

ياشلارغا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. 1927 ـ يىلى ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى 4 ـ 5 يىل ئىچىدە بىۋاستە ئۆلتۈرۈلگەن ئىنقىلاپچىلار 1 مىليون كىشىدىن ئاشتى! پارتىيىنىڭ كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر رەھبەرلىرى، مەسىلەن، گو لياڭ، سەي خېسېن، چېن يەننيەن، جاۋ شىيەن، شياۋ چۇنيۇ، يۈن دەيىڭ، شياڭ جىڭيۈ، شيۈڭ شيۇڭ، پېڭ بەي، لو دېڭشيەن، لو يىنۇڭ، ۋاڭ خېبو، چېن چياۋنيەن، شيا مىڭخەن، سۇن بىڭۋېن، خې مېڭشيۇڭ قاتارلىقلار مۇشۇ ۋاقىتتا دەھشەتلىك رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلدى.

لېكىن، مەيلى جياڭ جېيشى گورۇھى قانداق قانخور بولسۇن، جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى قىرىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس، قورقىتىش مۇمكىن ئەمەس! دەل ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك:

"جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقى قورقۇپ كەتكىنى يوق، بوي سۇنغىنى يوق، قىرىلىپ تۈگىگىنى يوق. ئۇلار يەردىن ئۆملەپ تۇرۇپ، بەدەنلىرىدىكى قانلارنى تازىلە-ۋېتىپ، ھەمراھلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى كۆمۈپ قويۇپ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتىرىپ، قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتتى، ..." («بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 ـ توم، 1778 ـ بەت)

**"1 ـ ئاۋغۇست" قوزغىلىڭى ۋە جىڭگاڭشەن ئىنقىلاۋىي**

تايانچ بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنقىلاپنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتقۇزۇۋېلىش ۋە ئىنقىلاۋىي كۈرەشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، جۇ ئېنلەي، جۇ دې، خې لۇڭ، يې تىڭ، ليۇ بوچېڭ قاتارلىقلار 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك قىسىمنى باشلاپ، 1927-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى جياڭشى ئۆلكىسى نەنچاڭ شەھىرىدە قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو خەلق ئارمىيىسى بەرپا قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنقىلاپنىڭ ئۇلۇغ تۇغى كۆتىرىلىپ چىقىلدى. لېكىن قوزغىلاڭچى قوشۇنلار جياڭشىدىكى دېھقانلار ھەركىتى بىلەن بىرلەشمەي، جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ گۇاڭدۇڭغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار فۇجيەندىن ئۆتۈپ گۇاڭدۇڭدىكى چاۋجۇ، شەنتۇ رايونلىرىنى ئىشغال قىلدى. 10-ئاينىڭ باشلىرىدا مۇشۇ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ئۈستۈن كۈچكە ئىگە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش داۋامىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى قوشۇننىڭ بىر قىسمى خەيفېڭ-لۇفېڭ رايونىغا بېرىپ، شۇ جايدىكى دېھقانلار قوشۇنىغا قوشۇلدى، تەخمىنەن 1 مىڭ كىشىلىك يەنە بىر قىسمى جۇ دې، چېن يىنىڭ باشچىلىقىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ خۇنەننىڭ جەنۇبىغا كېلىپ دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، قوشۇننى كېڭەيتىپ،

ئادىمىنى 9 مىڭدىن ئاشۇردى. كېيىن جۇ دې، چېن يىلار بۇ قوشۇنلارنى باشلاپ جىڭگاڭشەن تېغىغا يۆتكىلىپ، ماۋ زېدۇڭ رەھبەرلىك قىلغان قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى، بۇ — جۇڭگودىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئىشچى-دېخان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ مەنبەسى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8-ئاينىڭ 7-كۈنى خەنكۇدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ جىددى يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىن پارتىيە ئىچىدىكى چېن دۇشيۇنىڭ ئوڭچىل تەسلىمچىلىك لۇشيەنىنى ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىشنى قارار قىلدى، يېڭى مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنىنى تەشكىل قىلدى. يىغىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرەشنى داۋاملىق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى قارار قىلدى، يەنە خۇنەن، خۇبېي، گۇاڭدۇڭ، جياڭشىدىن ئىبارەت 4 ئۆلكىدە كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى كۆتىرىپ، دېخانلارنىڭ يومىشىشكىلارنىڭ يېرىنى ئۇلۇشۇۋېلىشىغا رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيىتىنى قورالىلىق قوزغىلاڭ ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

"7-ئاۋغۇست" يىغىنىدىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ماۋ زېدۇڭنى شەرقىي خۇنەن ۋە غەربىي جياڭشى رايونىغا بېرىپ، كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىش، چاڭشاغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 9-ئايدا، ماۋ زېدۇڭ قوزغىلاڭغا قاتناشقان پىڭجياڭ، ليۇياڭدىكى دېخانلار قوشۇنى، ئەنيۈەندىكى كان ئىشچىلىرى ۋە ۋۇچاڭ مىللى ھۆكۈمىتى مۇھا-

پىزەتچىلەر تۇەننى ئىشچى ـ دېخان ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسى 1 ـ جۇنىنىڭ 1 ـ شىسى قىلىپ تەشكىللەپ، يۈنۇلۇشلەر بويىچە لىلىڭ، لىۇياڭ، پىڭجياڭغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ چاڭشاغا ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. لېكىن جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. ماۋ زېـ دۇڭ مەغلۇپ بولغان قوشۇنلارنى خۇنەن ئۆلكىسى لىۇياڭ ناھىيىسىدىكى ۋېنجياشىغا توپلاپ، چاڭشاغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن كېچىپ، لوشياۋشەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا يۈتكىلىپ بېرىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. جاپالىق ئۇرۇشلار ئارقىلىق، 10 ـ ئايدا بۇ قوشۇن خۇنەن ـ جياڭشى چېگرا رايونىدىكى جىڭگاڭشەن رايونىغا يېتىپ كېلىپ، شۇ يەردە تۇنجى يېزا ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، جۇڭگو كومپارتىيىسى گۇاڭدۇڭ ئۆلـ كىلىك كومىتېتىدىكى جاڭ تەيلېي، يې تىڭ، يې جيەنيىڭ، نيې رۇڭجېن قاتارلىقلار گۇاڭجۇ ئىشچىلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىگە رەھبەرلىك قىلدى. قوزغىلاڭغا 50، 60 مىڭ كىشى قاتناشتى، گۇاڭجۇ خەلق ئىنقىلاۋىي ھاكىمىـ يىتى قۇرۇلدى. 3 كۈن قەھرىمانلارچە قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، جاھانگىرلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كۈچلۈك قوراللىق كۈچىنى توپلاپ قايتۇرما ھۇجۇم قىلغانلىقى ئارقىسىدا، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ئاخىر مەغلۇپ بولدى.

گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى نەنچاڭ قوزغىلىڭى، كۈزلۈك يىغىم

قوزغىلىشىدىن كېيىن كۆتىرىلگەن يەنە بىر قېتىملىق خەلق قوزغىلىشى بولۇپ، ئۇ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھىغا بېرىلگەن قاتتىق زەربە بولدى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەنچاڭ قوزغىلىشى، كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىشىغا ئوخشاش، قىزىل ئارمىيە قۇرۇشنىڭ ئۇلۇغ باشلىنىشىدۇر.

1928 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، جۇ دې قوشۇنىنى باشلاپ، ماۋ زېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى قوشۇن بىلەن ئۇچراشتى، 2 قوشۇندا جەمئى 10 مىڭدىن كۆپ ئادەم بار بولۇپ، بۇ قوشۇن جۇڭگو ئىشچى ـ دېخان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 4 ـ جۈنى قىلىپ تەشكىل قىلىندى. پرولېتارىيات رەھبەرلىكىدىكى، پۈتۈنلەي يېڭى تىپتىكى ئىشچى ـ دېخان قوراللىق قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخىدىكى زور ۋەقە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. قىزىل ئارمىيە 4 ـ جۈنى جىڭگاڭشەن ئەتراپىدىكى ناھىيىلەردە پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، دېخانلارنى يەرنى ئۆلۈشۈۋېلىشقا ھەركەتلەندۈرۈپ، ئىشچى ـ دېخانلار دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى قۇردى ۋە خۇنەن، جياڭشىدىكى مىلىتارىستلارنىڭ قوشۇنى ئېلىپ بارغان 3 قېتىملىق قورشالما ھۇجۇمنى ئارقا ـ ئارقىدىن تارمار قىلدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ جىڭگاڭشەنگە يۈرۈش قىلغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتى ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شەھەرلەردىن چېكىنىشنى يېزىلارغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىدە. ماۋ زېدۇڭ 1928 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «جۇڭگودا قىزىل ھاكىمىيەت نىمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ؟» دېگەن مەشھۇر ئىلمىي ماقالىنى

ئېلان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جاھانگىرلار ۋاستە-لىك ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يېرىم مۇستەملىكە جۇڭگودا ھەرقايسى گۇرۇھ مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈشلەر ۋە ئۇرۇشلار شۇنداق بىر يوچۇقنى پەيدا قىلدىكى، يېزا قىزىل ھاكىمىيىتى تۆت تەرىپىنى ئاق ھاكىمىيەت قورشاپ تۇرغان ئەھۋالدا پەيدا بولۇش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيە-نىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە ئاساسەن، قىزىل ئارمىيە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇرۇش، يەر ئىنقىلاۋى، يېزا تايانچ بازىلىرىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت 3 تەرەپنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ئارقىلىق، يېزا ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىلىرىنى پەيدىن-پەي راۋاجلاندۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، شەھەرلەرنى قورشاپ، ئاخىر ئىنقىلاپنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىجادىي يوسۇندىكى ماركسىزملىق نەزەرىيىسى جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئۈچۈن يېڭى، توغرا تەرەققىيات يولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىلارنىڭ راۋاجلىنىشى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 6-قۇرۇلتىيى 1928-يىل 7-ئايدا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 84 كىشى 40 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. قۇرۇل-تاي بىرىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن

جوڭگو جەمىيتى يەنىلا يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فې
جەمىيەت ئىكەنلىكى، ئىنقىلاپنىڭ خاراكتېرى يەنىلا ج
لىكىدە، فېئوداللىزىمغا قارشى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئ
ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. قۇرۇلتاي شۇ چاغدىكى
ۋەزىيەتنىڭ ئىنقىلاپنىڭ ئىككى ئىنقىلاپ دولقۇنى ئارىلى
پەسىيىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىكە
پارتىيىنىڭ شۇ چاغدىكى باش ۋەزىپىسى ھۇجۇم قىلىش
قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى يېڭى ئىنقىلاپ
لىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئامم
كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. قۇرۇلتاي يەنە جوڭگ
كراتىك ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى 10 چوڭ پروگر
ماقۇللىدى.
1929 ـ يىل ئەتىيازدا، ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇ دې ئىشچى
قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 4 ـ جۇننى باشلاپ جەنۇبىي
كىرىپ، ئاممىنى قوزغاپ، پارتىزانلىق ئۇرۇش
يايدۇرۇپ، جەنۇبىي جياڭشى ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىس
قىلدى؛ شۇ يىلى 3 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە يەنە 3 قېتىم
كىرىپ، گو دىرېن، دېڭ زىخۇي، جاڭ دىڭچېڭ قا
رەھبەرلىك قىلغان غەربىي فۇجيەندىكى يەرلىك پارتىيە
لاتى ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ، غەربىي
تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلدى؛ 1928 ـ يىل 7 ـ ئاي
دېخۇەي، تېڭ دەيۇەن، خۇاڭ گۇڭلۈېلەر پىڭجياڭ

ڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ 5 ـ جۇنىنى قۇرۇپ، خۇنەن ـ خۇبېي ـ جياڭشى تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلدى؛ 1927 ـ يىلى قىشتا، فاڭ جژمىن، شاۋشىپىڭ، خۇاڭ داۋلار يىياڭ، خېڭفېڭ دىگەن جايلاردا قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، 1930 ـ يىلى يازدا قىزىل ئارمىيىنىڭ 10 ـ جۇنىنى قۇرۇپ، فۇجيەن ـ جېجياڭ ـ جياڭشى تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلدى؛ بۇ تايانچ بازىلار كېيىن مەركىزىي ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىنى شەكىللەندۇردى. قىزىل ئار-مىيىدە قىزىل ئارمىيە 1 ـ يۆنۇلۇش ئارمىيىسى تەشكىل قىلىندى، بۇ ئارمىيىدە جەمئىي 30 مىڭدىن كۆپ ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭغا جۇ دې باش قوماندان، ماۋ زېدۇڭ باش سىياسىي كومىسسار بولدى. 1927 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1929 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە، ۋۇ گۇاڭخاۋ، پەن جۇگرۇ، دەي كېمىن، ۋۇخۇەنشيەن قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان خۇاڭما قوزغىلىڭىغا قاتناشقان پارتىزانلار بىلەن جۇ ۋېيجۇڭ، چى دېۋېي، شۇ چىشۇ قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان شاڭچېڭ، ليۇئەن قوزغىلىڭىغا قاتناشقان پارتىزانلار ئۇلغىيىپ، 1929 ـ يىلى شەرقىي خۇبېي، غەربىي ئەنخۇي، جەنۇبىي خېنەندىن ئىبارەت 3 رايوندا ھەرقايسىسى قىزىل ئارمىيىنىڭ بىر شىسى بولۇپ قۇرۇلدى. 1930 ـ يىلى ئەتيازدا زېڭ جۇڭشېڭ، شۇ جىشېنلارنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ 3 رايون تۇتاشتۇرۇلۇپ، خۇبېي ـ خېنەن ـ ئەنخۇي تايانچ بازىسى بولۇپ شەكىللەندى، قىزىل ئارمىيە بىرلىككە كەلتۇرۇلۇپ قىزىل ئارمىيە 1 ـ جۇنى قىلىپ تۈزۈلدى. ئارقىدىنلا يەنە ئوتتۇرا خۇبېيدىكى قىزىل

ئارمىيە 15-جۈنى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قىزىل ئارمىيە 4-جۈنتۇەنى قىلىپ تۈزۈلدى، جۈنتۇەنگە شۇ شياڭچيەن باش قوماندان بولدى. 1928-يىلى ئەتىيازدا، خې لۇڭ، جۇ يىچۈن، لۇ دۇڭشېڭ قاتارلىقلار غەربىي خۇنەن-غەربىي خۇبېيغا قايتىپ بېرىپ، شۇ جايدا كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇۋاتقان، خې جىنجەي، دۇەن دېچاڭ،دۇەن يۈلىن قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان پارتىزانلار قوشۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ خۇنەن-خۇبېي چېگرا رايونى ۋە خۇڭخۇ كۆلى رايونىدا قىزىل ئارمىيە 4-جۈنى (كېيىن قىزىل ئارمىيە 2-جۈنىگە ئۆزگەرتىلدى) ۋە قىزىل ئارمىيە 6-جۈننى قۇردى. 1930-يىلى بۇ ئىككى جۈن گۇڭئەن دېگەن جايدا ئۇچرىشىپ، قىزىل ئارمىيە 2-جۈنتۇەنى قىلىپ تۈزۈلدى، جۈنتۇەنگە خې لۇڭ باش قوماندان، جۇ يىچۈن سىياسىي كومىسسار بولۇپ، غەربىي خۇنەن-غەربىي خۇبېي تايانچ بازىسىنى بەرپا قىلدى. 1929-يىل 10-ئايدىن 1930-يىل 2-ئايغىچە دېڭ شياۋپىڭ، جاڭ يۈنيى، لى مىڭرۇي، يۈ زويۈ قاتارلىقلار پارتىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى قوشۇننى باشلاپ، ۋېي باچۈن رەھبەرلىك قىلغان دېھقانلار قوراللىق كۈچى بىلەن بىللە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ يۇجياڭنىڭ بەيسې دېگەن يېرىدە ۋە زوجياڭنىڭ لۇڭجۇ دېگەن يېرىدە قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، قىزىل ئارمىيە 7-جۈنى، 8-جۈنى ۋە ئىشچى-دېھقان دېموكراتىك ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1928-يىلى ئەتىيازدا، ليۇ جىدەن، شېي زىچاڭلار ۋېينەن-خۇاشيەن قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك

قىلدى، قوزغىلاڭدىن كېيىن، گۇەنجۇڭ، شىمالىي شەنشى رايون-لىرىدا پارتىزانلىق ئۇرۇشنى ئېلىپ باردى. يىغىپ ئېيتقاندا، 1929 ـ يىلى ۋە 1930 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خۇنەن، جياڭشى، فۇجيەن، خۇبېي، ئەنخۇي، گۇاڭشى، گۇاڭ-دۇڭ، خېنەن قاتارلىق جايلار تەۋەسىدە ئىلگىر-كېيىن بولۇپ جياڭشى تايانچ بازىسىنى مەركەز قىلغان چوڭ-كىچىك ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىدىن 15نى قۇردى.

ئىشچى-دېخان دېموكراتىك ھاكىمىيىتى تۇرۇشلۇق جايلار ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ قەدىمى يەتكەن جايلاردا كەڭ دېخانلار ئاممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە يەر ئىنقىلاۋى ھەركىتىنى قانات يايدۇردى. تايانچ بازىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ماۋ زېدۇڭ تۈزۈپ بەرگەن يەر ئىنقىلاۋى لۇشيەنى يالانىما دېخان، كەمبەغەل دېخانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېخانلار بىلەن بىرلىشىش، باي دېخانلارنى چەكلەش، پومېششىكلار سىنىپىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت بولدى. ماۋ زېدۇڭ پومېششىكلار سىنىپىنىڭ يەرلىرى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يەرسىز ياكى يېرى ئاز دېخانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادىي جەھەتتە باي دېخانلارغا چىقىش يولى بېرىشنى، تۇرمۇش جەھەتتە ئادەتتىكى پومېششىك-لارغا چىقىش يولى بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. يەر ئىنقىلاۋى ھەركىتى قانات يايدۇرۇلغانلىكى جايلاردا، فېئوداللىق ۋە يېرىم فېئودالىق ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىلدى،

دىخانلار قەد كۆتەردى. ئۇلار پائال قوزغىلىپ ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىـلارنى قوغدىدى، قىزىل ئارمىيـىنىڭ جەڭ قىلىشىغا ياردەم بەردى. كەڭ دىخانلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى قىزىل رايونلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى، قىزىل ئارمىيـىنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىپ تۇرالىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپتۇر.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولغانلىغى، كەڭ دىخانلار قوللىغانلىغى ئۈچۈن، جۇڭگو ئىشچى ـ دىخان قىزىل ئارمـيىسى زورايدى. 1930 ـ يىلىـغا كەلگەندە مەملىكەت بويىچە قىزىل ئارمىيە 13 جۇنگە ئىگە، تەخمىنەن 60 مىڭ ئادىمى بار بولغان قوشۇن بولۇپ قالدى. قىـزىل ئارمىيـىنىڭ ئارمـيە قۇرۇش پىرىنسىپى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدىكى ئىشچى ـ دىخان قوشۇنى پىرولېتارىيات ئىـدىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىگە بوي سۇنـدىغان، خەلق كۈرىشى ۋە تايانچ بازىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورال. بۇ قوشۇن دېموكراتىيە ئاساسـىدىكى قوشۇن، ئۇ مىلىتارىزىم، قاراقچىلىق خاھىشىغا قارشى تۇرىدۇ. قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ـ تاكتىكىلىق پىرىنسىپلىرى: دۈشمەنىنىڭ ئاجىزلىغىدىن ۋە ئۆز ئارتۇقچىلىغىدىن تولۇق پايدىـلىنىش، خەلق ئاممـىسىنىڭ كۈچىگە تولۇق تايىنىش؛ پارتىزان ئۇرۇشى ۋە پارتىزانلىق خاراكتىرىدىكى ھەركەتلىك ئۇرۇشنى شۇ ۋاقىتتىـكى ئاساسىي ئۇرۇش شەكـلى قىلىش؛ ئىستىراتېگىيە جەھەتتە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش، جەڭ تاكتىكىسى جەھەتـتە تېز ھەل قىلىش ئۇرۇشى ئۇسۇلىـنى

قوللىنىپ، ئىستىراتېگىيە جەھەتتە كۆپنى ئاز بىلەن يېڭىش ۋە جەڭ تاكتىكىسى جەھەتتە ئازنى كۆپ بىلەن يېڭىش ئارقىلىق دۈشمەننى يېڭىپ، ئۆزنى زورايتىش. جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربىي لۇشيەنى بويىچە قۇرۇلۇش ۋە ئۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە پەيدىن-پەي ئۆتۈپ، يېڭىلمەس، يېمىرىلمەس، ھەرقانداق مۇستەھكەم قورغاننى بۇزۇپ تاشلايدىغان كۈچ بولۇپ قالدى.

قىزىل ئارمىيە ھەركىتىنىڭ ئۆرلىشى جياڭ جيېشى گومىندا-ڭىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق تەھدىت سالماقتا ئىدى. 1930-يىل 12-ئايدا، جياڭ جيېشىنىڭ ئارمىيىسى جياڭ-شىدىكى مەركىزىي تايانچ بازىغا كەڭ كۆلەمدە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مەركىزىي تايانچ بازىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا ئىستىراتېگىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى 1931-يىل 1-ئايدىن 9-ئايغىچە، دۈشمەن ئېلىپ بارغان 3 قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى ئارقا-ئارقىدىن تارمار قىلىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتتى، ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىنى كېڭەيتتى.

مەملىكەتلىك 1-قېتىملىق ئىشچى-دېھقانلار قۇرۇلتىيى (سوۋېت قۇرۇلتىيى) 1931-يىل 11-ئايدا جياڭشى ئۆلكىسىدىكى

رۇيجىندا ئېچىلدى. قۇرۇلتاي ئاساسىي قانۇنىنىڭ پىروگراممىسى، ئەمگەك قانۇنى، يەر قانۇنى ۋە قىزىل ئارمىيە سىياسىتى، ئىقتىسادىي سىياسەت، ئىشچى ـ دىخانلار تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتارلىقلار توغرىسىدا كۆپ مۇھىم قارارلارنى ماقۇللىدى؛ قۇرۇلتايدا ماۋ زېدۇڭ جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ئىشچى ـ دىخان دېموكراتىك مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، جۇ دې قىزىل ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىقىغا سايلاندى، جۇڭگو قىزىل رايونىدىكى بىرلىككە كەلگەن ئىشچى ـ دىخان دېموكراتىك مەركىزىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

**ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ شەرقىي شىمال رايونىمىزنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى**

1929 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دۇنيادىكى كاپىتالىستىك ئەللەردە ئىقتىسادىي كرىزىس پارتلىدى. مونوپول بۇرژۇئازىيە ئىقتىسادىي كرىزىستىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، فاشىستىك دىكتاتۇرا ئورنىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئىشچىلار سىنىپىنى باستۇردى؛ مۇستەملىكە ۋە تەسىر دائىرىنى يېڭىۋاشتىن بۆلۈشۈۋېلىش ئۇرۇشىنى يەنە قوزغىدى. ياپون جاھانگىرلىكى ئۆزىنىڭ ئىزچىل بولغان تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ـــ ئاۋال مانجۇرىيە ۋە موڭغۇلىيىنى، ئاندىن پۈتۈن جۇڭگونى، ئاندىن كېيىن پۈتۈن ئاسىيانى بېسىۋېلىشتىن ئىبارەت "چوڭ قۇرۇقلۇق سىياسىتى"گە ئاساسەن، 1931 ـ يىل

9 ـ ئايدا جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىش ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ياپون جاھانگىرلىكى شېنياڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، جياڭ جيېشى گومىنداڭى "قارشى تۇرماسلىق" سىياسىتىنى قوللاندى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭدىن ئىبارەت 3 ئۆلكىنىڭ 2 مىليون كۇۋادرات لى زېمىنى ۋە 30 مىليوندىن ئارتۇق قېرىنداش 3 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈنلەي دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ياپونىيە شۇ جايدا "مانجۇرىيە" قورچاق ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىدى. ياپونىيىنىڭ شەرقىي شىمالىمىزنى زورلۇق بىلەن بېسىۋېلىش ۋەقەسى ئارقىسىدا جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي دېموكراتىك ھەركىتى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئىشچى ـ دېخان قىزىل ئارمىيىسى ئالدى بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شەرقىي شىمالدىكى خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىنى كەينى ـ كەينىدىن ئۇيۇشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇردى. شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئىشچىلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ئىش تاشلاش ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلق ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ ياپونىيە ماللىرىنى

توسىدى، نۇرغۇن شەھەر ـ بازارلاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن يىغىلىشلار ۋە نامايىشلار بولدى. ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزى مەملىكىتىمىزدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتتە يېڭى ئۆزگە-رىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەسلەپتە جياڭ جيېشى گومىندا-ڭىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان مىللىي بۇرژۇئازىيىمۇ بۇ ۋاقىتتا جياڭ جيېشى گومىنداڭىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرماس-لىق سىياسىتىگە نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە باشلىدى. 1931 ـ يىل 12 ـ ئايدا، شاڭخەي، بېيپىڭ، تيەنجىن، نەنجىڭ قاتارلىق جايلاردىكى 30 مىڭ ئوقۇغۇچى نەنجىڭغا يىغىلىپ، گومىنداڭنىڭ شەرقىي شىمالنى سېتىشىغا ئېتىراز بىلدۈرگەندە، جياڭ جيېشى گومىنداڭى قانلىق تۈردە قىرغىن قىلدى. بۇ قانلىق ۋەقە ھەرقايسى تەبىقىلەردىكى كەڭ خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرى-تىنى تېخىمۇ قوزغىدى.

ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر ياپونىيىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىدا قولچوماقلىق رولىنى ئوينىدى. ئۇلار ياپونىيىنىڭ شەرقىي شىمال رايونىمىزنى زورلۇق بىلەن بېسىۋالغانلىق ۋەقەسى ھەققىدە خەلقارا ئىتتىپاق نامىدىن بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ، شەرقىي شىمال رايونىمىزدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى، تەكشۈرۈش ئارقىسىدا، قاراپ تۇرۇپ ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي شىمال زېمىنىنى "خەلقارا ئورتاق باشقۇ-رۇش" دېگەن بىمەنە تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ، ئەمە-لىيەتتە، ياپون قاراقچىلىرىنى شەرقىي شىمال رايونىمىز ئارقىلىق

سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئىدى.
شۇ چاغدا خەلقارا جەھەتتە ستالىن رەھبەرلىك قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىلا ئادالەت ئۈچۈن ھەق سۆز قىلىپ، ياپونىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنى قاتتىق ئەيىپلىدى.

پۈتۈن جۇڭگونى بىر يولىلا مۇنقەرز قىلىشقا ئۇرۇنغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرى 1932-يىل 1-ئاينىڭ 28-كۈنى شاڭخەيگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا دولقۇنلىنىۋاتقان كەيپىياتىنىڭ تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق سەي تىڭكەي قاتارلىقلار باشچىلىغىدىكى 19-ئارمىيە جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ ئىرادىسىگە زىت ئىش قىلىپ، ياپون قاراقچىلىرىغا زەربە بېرىشكە ئاتلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شاڭخەيدىكى ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلارنى پىدائىلار قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىشقا ياكى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش خىزمەتلىرىگە ھەركەتلەندۈردى. شاڭخەيدىكى ھەر ساھە خەلقى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ خەلقمۇ ئىئانە توپلاش ئارقىلىق 19-ئارمىيىگە زور دەرىجىدە ياردەم بەردى. شاڭخەيدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قەھرىمانلارچە قارشى تۇرغانلىغى ياپون ئارمىيىسىگە قاتتىق زەربە بولدى. لېكىن جياڭ جيېشى گومينداڭنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى ئارقىسىدا، بۇ قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەركىتى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشقاندىن كېيىن مەغلۇپ بولدى. شاڭخەيدىكى ياپون باسقۇن-

چىلىرىغا قارشى ھەركەت سىتئۇيتىلگەندىن كېيىن، "18 ـ سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن قوزغالغان مەملىكەت دائىرىلىك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھەركەتنىڭ دولقۇنى باستۇرۇلدى. شۇنداقتىمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەركەتلەر يەنىلا داممۇ ـ دەم كۆتىرىلىپ، ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋەردى.

1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرغۇچى سەركەردە فېڭ يۇشياڭ، فاڭ جېنۋۇ ۋە كوممۇنىست جى خۇڭچاڭ قاتارلىقلار جاڭجياكۇدا چاخار ـ سۇيييۇەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دولۇن، باۋچاڭ، گۇيۇەن قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋالدى: شۇ يىلى 11 ـ ئايدا، گومىنداڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەردىن لى جىشېن، چېن مىڭشۇ، سەي تىڭكەي قاتارلىقلار فۇجيەندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى خەلق ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا، جياڭ جيېشىغا قارشى تۇردى. ئەمما ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشى ئاستىدا باستۇرۇلدى.

**جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپىرى** 1932 ـ يىل 6 ـ ئايدا، جياڭ جيېشى گومىنداڭى 500 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىلارغا 4 ـ قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. 1933 ـ يىل 2 ـ ئايدا، مەركىزىي تايانچ بازىدىكى قىزىل ئارمىيە جۇ ئېنلەي، جۇ دې، نيې

رۇگجېن قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىغىدا قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمنى يەنە تارمار قىلدى. مىللى خەۋپ كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ئەھۋالدا، ئىشچى-دىخان دېموكراتىك ھۆكۈمىتى ۋە ئىشچى-دىخان قىزىل ئارمىيىسى مەملىكەت ئىچىدىكى قورallıق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەقسىدىدە، 1933-يىل 1-ئاينىڭ 17-كۈنى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىشنى، خەلقنى قوراللاندۇرۇشنى، خەلققە دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك بېرىشنى خالايدىغان مەملىكەت ئىچىدىكى بارلىق ئارمىيىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى ئورتاق ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ چاقىرىق گومىنداڭ ئىچىدە فېڭ يۈشياڭ، لى جىشېن، چېن مىڭشۇ قاتارلىق بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر سەركەردىلەرنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشتى، لېكىن جياڭ جيېشى گومىنداڭى بولسا داۋاملىق ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا تەسلىم بولىۋەردى ۋە قىزىل ئارمىيىگە تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى ئۇيۇشتۇردى. جياڭ جيېشى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا، 1933-يىل 10-ئايدا، مەركىزىي ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىغا 5-قېتىم كەڭ كۆلەمدە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى باشلىدى. شۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى چېن شاۋيۈ، چىن باڭشيەن باشچىلىغىدىكى "سول"

چىلار ماۋ زېدۇڭ قاتارلىقلار تۈزگەن ھەربى لۇشيەنگە خىلاپلىق قىلىپ، نوقۇل مۇداپىيە كۆرۈش ھەربى لۇشيەنى ۋە باشقا"سول" چىل خاتا سىياسەتلەرنى يولغا قويغاچقا، قىزىل ئارمىيە بىر يىل قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ قېتىملىق قورشاپ ھۇجۇم قىلىشنى تارمار قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ، قىزىل ئارمىيە ئىستراتېگىيىلىك زور يۆتكىلىشنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. 1934 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئىشچى ـ دېخان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرى مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ جياڭشى ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىسىدىن ئايرىلىپ، داڭلىق ئۇزۇن سەپەرنى باشلىدى. شياڭ يىڭ، چېن يى قاتارلىقلار بىر قىسىم قىزىل ئارمىيە پارتىزانلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ پارتىزان ئۇرۇشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قېپقالدى، ئۇلار ئىنتايىن جاپالىق كۈرەش ئارقىلىق، ئىنقىلاۋىي كۈچلەرنى ساقلاپ قېلىپ، كېيىنكى يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى.

ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان قىزىل ئارمىيە گۇاڭدۇڭ، خۇنەن، گۇاڭشىدىن ئۆتۈپ، 1935 ـ يىل 1 ـ ئايدا گۈيجۇدىكى زۇنيىغا يېتىپ باردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى زۇنيىدا مەركىزىي كومىتېت سىياسى بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى. ماۋ زېدۇڭ ئۇرۇشىنىڭ رەھىمسىز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن "سول"چىللىق خاتالىقى ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن يولداشلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك جەھەتتىكى "سول"چىل ھەربى لۇشيەن خاتالىقىنى تۈزەتتى، يىغىندا ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا

تەشەببۇسى ماقۇللاندى، ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي، ۋاڭ جياشياڭدىن تەركىپ تاپقان 3 كىشىلىك ھەربى قوماندانلىق گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك ئورنى تىكلەندى.

زۇنيى يىغىنى داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى قارار قىلدى. مەركىزىي قىزىل ئارمىيە غەرپكە قاراپ مېڭىپ يۈننەندىن ئۆتۈپ، سىچۈەن بىلەن شىكاڭنىڭ چېگرىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، 6-ئايدا سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى ماۋگۇڭغا يېتىپ بېرىپ، سىچۈەن-شەنشى تايانچ بازىسىدىن چېكىنىپ چىققان قىزىل ئارمىيىنىڭ 4-يۈنۈلۈش ئارمىيىسى بىلەن ئۇچراشتى. ئارقىدىنلا يەنە چوڭ قارلىق تاغدىن ئۆتۈپ داۋاملىق شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، سۇگېەن ئەتراپىدىكى ماۋئېرگەي رايونىغا يېتىپ باردى. مۇشۇ جايدا ماۋ زېدۇڭ پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جاڭ گوتاۋنىڭ پارتىيە ۋە قىزىل ئارمىينى پارچىلاشتەك جىنايى ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، مەركىزىي قىزىل ئارمىيىنى باشلاپ داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلدى. سازلىقتا جاپاغا چىداپ يۈرۈش قىلىش، گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرى تەۋەسىدە قاتتىق جەڭ قىلىش ئارقىسىدا، قىزىل ئارمىيە 1935-يىل 10-ئايدا شىمالىي شەنشى تايانچ بازىسىغا يېتىپ بېرىپ، شىمالىي شەنشىدىكى قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىنسانلار تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنى تاماملىدى. 1936-يىل 10-ئايدا، خې لۇڭ،

رىن بىشى، گۇەن شياڭيىڭ، شياۋ كې قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان قىزىل ئارمىيىنىڭ 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيىسى ۋە 4 ـ يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمىمۇ شىمالىي شەنشىگە يېتىپ كېلىپ، مەركىزىي قىزىل ئارمىيە بىلەن ئۇچراشتى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن سەپىرى توپ ـ توغرا بىر يىل داۋام قىلدى، قىزىل ئارمىيە 11 ئۆلكىنى بېسىپ ئۆتۈپ، 25 مىڭ چاقىرىم يول باستى. قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر يولىدا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ نەچچە 100 مىڭ كىشىلىك 411 تۈەننىڭ قورشاش، قوغلاش ۋە توساشلىرىنى بەربات قىلدى، ۋۇلىڭ، ۋۇمېڭ دىكى قاتمۇ ـ قات تاغ ـ داۋانلاردىن ئۆتتى، تەبىئىي توساق ــ ۋۇجياڭ دەرياسى، جىنشاجياڭ دەرياسى، دادۇخې دەرياسىدىن بۆسۈپ ئۆتتى، يىل بويى قار ـ مۇز ئېرىمەيدىغان چوڭ قارلىق تاغلاردىن ئاشتى، ئادەمزات ئاياق باسمىغان چوڭ سازلىقتىن مېڭىپ ئۆتتى، ئىگىز ۋە خەتەرلىك مۇھىم ئۆتكەل لازىكۇنى قولغا كىرگۈزدى، يول بويى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان جاپا ـ مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ ۋە يېڭىپ، يول بويىدىكى كەڭ خەلق ۋە مياۋزۇ، يىزۇ، زاڭزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ؛ ئاخىر ئۇزۇن سەپەردىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلىدى. ئۇزۇن سەپەرنىڭ غەلىبىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ كۈچىنىڭ غالىپ ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر، بۇ غەلىبە قىزىل ئارمىيىنىڭ

ئاساسي كۇچى ۋە پارتىيىنىڭ كادىرلىرىنى چىنىقتۇردى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە ئىلھام بولدى، مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھەركەتنىڭ يېڭى دولقۇنغا كۆتىرىلىشىگە تۈرتكە بولدى.

**ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى بىرلىك سەپنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى** بۇ چاغدا، جياڭ جيېشى ۋە ئۇنىڭ قۇدا-باجىلىرى سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شياڭشى ھەم ئىشەنچلىك كىشىلىرى چېن گوفۇ، چېن لىفۇلار سىياسى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايونلار خەلقىنىڭ قان-تەرلىرىنى شورىدى ۋە ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بيۇروكرات-مونوپولىيىلىك كاپىتال ھۆكۈمرانلىغىنى شەكىللەندۈردى؛ سىياسى جەھەتتە ناھايىتى چوڭ ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىنى تەشكىللەپ، فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقنى قاتتىق يولغا قويۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بارلىق ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى باستۇردى. ئۇلار ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارىتا يول قويۇش سىياسىتىنى داۋاملىق قوللىنىپ، 1933-يىل 5-ئايدا ياپونىيە بىلەن «تاڭگۇ كېلىشىمى»نى ئىمزالاپ، ياپونىيىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى لياۋنىڭ، جىلىن، خېيلۇڭجياڭ، رېخېدىن ئىبارەت 4 ئۆلكىمىزنى بېسىۋالغانلىغىنى ئەمەلىيەتتە ئېتىراپ قىلدى. 1935-يىل 7-ئايدا، يەنە «خې يىڭچىن-مېيجىن مېيجىلاڭ كېلىشىمى»نى ئىمزالاپ، ئەمەلىيەتتە، ياپونىيىنىڭ

شىمالىي جۇڭگونى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىتىراپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ تەرتارتماي ۋەتەنساتقۇچلۇق قىلىشى ئاستىدا، جۇڭگودا مىللىي خەۋپ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. 1935 - يىل 11 - ئايدا، ياپون تاجاۋۇزچىلىرى ۋەتەن خائىنلىرىنى "شەرقىي خېبېي ۋەقەسى"نى قوزغاشقا كۈشكۈرتۈپ، شەرقىي خېبېيدىكى 22 ناھىيىدە قورچاق ھاكىمىيەت قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىمالىي جۇڭگودا قورچاق "ئاپتونومىيە" ھەركىتىنى قوزغاپ، تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنى پۈتۈن شىمالىي جۇڭگوغا كېڭەيتتى.

مىللەت مۇنقەرز بولۇش خەۋپىدە تۇرغان ئەھۋالدا، جۇڭگو مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سول قانىتىمۇ روشەن ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مايىل بولدى، گومىنداڭ لاگېرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش بىلەن تەسلىم بولۇش مەسىلىسىگە بولغان پوزىتسىيىدىمۇ ئوخشاشماسلىقلار مەۋجۇت ئىدى. ياپون جاھانگىرلىگىنىڭ تاجاۋۇز قىلىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتتىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ فاشىزمغا، جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىك سەپنى ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدىكى قائىدىسىگە ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1935 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن پۈتۈن قېرىنداش-

لارغا مۇراجەتنامە» ئېلان قىلىپ، "ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش" تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1935 ـ يىل 12 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەت ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى قارار»نى ماقۇللاپ، پارتىيە-نىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنى بەلگىلىدى، ماۋ زېدۇڭ «ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-نىڭ تاكتىكىسى توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتنى ئېلان قىلىپ، پارتىيىنىڭ مۇشۇ يېڭى سىياسىتىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر تەبىقىدىكى خەلقنىڭ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش تەلىۋى "9 ـ دېكابىر" ياشلار ۋەتەن-پەرۋەرلىك ھەركىتىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولدى. جۇڭگو كوم-مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ چاقىرىقى ۋە رەھبەرلىكىدە، 1935 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بېيپىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش، كوممۇ-نىستىك پارتىيىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش يۈز-سىدىن نامايىش ئۆتكۈزدى. 16 ـ كۈنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك نامايىش يەنە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلدى. بېيپىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك زور نامايىشى پۈتۈن مەملىكەتنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك ھەركەتنىڭ يېڭى دولقۇنىنى كۆتەردى. مەملىكەت

بويىچە خاڭجۇ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق نۇرغۇن شەھەر-لەردىكى ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار ۋە ھەر ساھەدىكى خەلقمۇ كەينى-كەينىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن-نى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن زور نامايىش ئۆتكۈز-دى. شاڭخەيدە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىلگىر-كېيىن بولۇپ ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇ-زۇش جەمىيەتلىرى قۇرۇلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇشقا دائىر كىتاپ-ژورناللار باھار يامغۇرىدىن كېيىن ئۈنۈپ چىققان بامبۇك نوتىلى-رىدەك كۆپلەپ نەشر قىلىندى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەركىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داۋاملىق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى كېيىنكى ۋاقىتتا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ قوزغىلىشى ئۈچۈن شەرت تەييارلاپ بەردى.

1936-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. شەرقىي شىمال قولدىن كەتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەر-لىكى ياكى ياردىمى ئاستىدا، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى پىدائىلار قوشۇنى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاج-لانغان ئىدى. 1934-يىلى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

يولىيورۇغىغا ئاساسەن، شەرقىي شىمال بويىچە ياپون باسقۇنچى-لىرىغا قارشى قوراللىق قوشۇنلارنىڭ نامى بىرلىككە كەلتۈرۈ-لۈپ، شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە بويىچە 7 جۈن تۈزۈلدى، ياڭ جىڭيۈ 1 ـ جۈننىڭ جۈن-جاڭى بولدى، ۋاڭ دېتەي 2 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى بولدى، جاۋ شاڭجى 3 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى بولدى، لى يەنلۇ 4 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى بولدى، جۇ باۋجۇڭ 5 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى بولدى، شيا يۈنجيې 6 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى بولدى، لى شۆفۇ (لى باۋمەن) 7 ـ جۈن-نىڭ جۈنجاڭى بولدى. 1935 ـ يىلى بىرلەشمە ئارمىيە 11 جۈن ۋە بىر مۇستەقىل شى قىلىپ كېڭەيتىپ تۈزۈلدى. 1936 ـ يىلى، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەرقايسى جۈنلەر 3 ئارمىيە قىلىپ تۈزۈلدى، 3 تەرەپتە پارتىزان ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش بەلگىلەندى. 1 ـ ئارمىيىگە ياڭ جىڭيۈ باش قوماندان بولدى، 2 ـ ئارمىيىگە جۇ باۋجۇڭ باش قوماندان بولدى، 3 ـ ئارمىيىگە جاۋ شاڭجى باش قوماندان بولدى (كېيىن لى جاۋلىن باش قوماندان بولدى). ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي شىمالدا، ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك شارائىتتا ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى باتۇرلۇق بىلەن، ئۇزاققىچە داۋام-لاشتۇردى. شەرقىي شىمالدىكى خەلق ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا تۈرلۈك چارىلەر ئارقىلىق بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ كۈرىشىگە يار-دەم بەردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ

رەھبەرلىرى ياڭ جىڭيۇ، لى خۇڭگۇاڭ قاتارلىقلارنىڭ خەلق ئارد-
سىدىكى ئابرويى ناھايىتى يۇقۇرى ئىدى. شەرقىي شىمال ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ كۇرىشىمۇ پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش
كەيپىياتىغا ئىلھام بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى مىللى بىرلىك سەپ سىياستى ۋە پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇن-
قەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەركىتىنىڭ دولقۇنى گومىنداڭنىڭ بىر
قىسىم ۋەتەنپەرۋەر قوشۇنلىرىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى.
1936 - يىلى ئەتىيازدا، جۇئېنلەينىڭ جاڭ شۆلياڭ بىلەن يەن-
ئەندە ئۆتكۈزگەن سۆھبىتى ئارقىسىدا، غەربىي شىمالدىكى
"كوممۇنىستىك پارتىيىنى يوقىتىش" ئالدىنقى سەپىدىكى گومىن-
داڭ شەرقىي شىمال ئارمىيىسى — جاڭ شۆلياڭ قىسمى ۋە 17 -
ئارمىيىسى — ياڭ خۇچېڭ قىسمى قىزىل ئارمىيە بىلەن ئەمەل-
يەتتە ئۇرۇشنى توختىتىشقا باشلاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇشتا دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ
12 - كۈنى، ئۇلار جياڭ جيېشىنىڭ قىزىل ئارمىيىگە ھۇجۇم
قىلىش بۇيرۇغىنى رەت قىلىپ، شىئەندە جياڭ جيېشىنى قولغا
ئېلىش ۋەقەسىنى قوزغاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا دائىر 8 ماددىلىق تەشەببۇسنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، كومپارتىيە بىلەن

بىرلىشىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ۋەقە يۈز بەرگەن مەزگىلدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شۇ چاغدىكى مىللى خەۋپ جىددىيلەشكەن ۋەزىيەتكە ئاساسەن، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش شەرتى ئاستىدا بۇ قېتىمقى ۋەقەنى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى تىرىشىپ تەشەببۇس قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇ ئېنلەي، چىن باڭشيەن، يې جيەنيىڭلەرنى "شىئەن ۋەقەسى"نى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا شىئەنگە ئەۋەتتى. جياڭ جيېشى كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بۇ ۋەقە داۋامىدىكى سىياسىتى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

"شىئەن ۋەقەسى" تارىختىكى بۇرۇلۇش تۈگۈنى بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، 10 يىللىق ئىچكى ئۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئاياقلاشتى، ئىچكى تېچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشتەك يېڭى باسقۇچ باشلاندى. "18-سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى مىللى زىددىيەت پەيدىن-پەي ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالدى، جۇڭگو خەلقى بىلەن باشقا جاھانگىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىنىپىي زىددىيەتمۇ پەيدىن-پەي ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشتى.

ياپونىيىنىڭ شىمالىي جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش ۋە
پۈتۈن جۇڭگونى مۇنقەرز قىلىش غەرىزى ئەنگلىيە، ئامېرىكى-
نىڭ مەنپەئەتىگە زىيان كەلتۈرگەچكە، ئەنگلىيە، ئامېرىكىمۇ
شىمالىي جۇڭگو ۋەقەسىدىن كېيىن جۇڭگونىڭ ياپونىيىگە قارىتا
بىرقەدەر قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇشىنى خالىدى، بۇ ھال جياڭ
جيېشى باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە-ئامېرىكاپەرەس چوڭ بۇرژۇ-
ئازىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ياپونىيىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى پەيدىن-
پەي ئۆزگەرتىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى-
نىڭ كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، ئەنگلىيە-ئامېرىكاپەرەس چوڭ
بۇرژۇئازىيە كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىپ ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەج-
بۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سېپى دەسلەپكى
قەدەمدە شەكىللەندى، بۇ بىرلىك سەپ ئەنگلىيە-ئامېرىكا-
پەرەس چوڭ بۇرژۇئازىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1937-يىلى
ئەتىيازدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى "تىنچلىقنى مۇستەھ-
كەملەپ، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرى-
غا قارشى تۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش" ئۈچۈن كۈرەش قىلىش-
تىن ئىبارەت يېڭى فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى.

ماۋ زېدۇڭ بۇ ۋاقىتتا غايەت كاتتا نەزەرىيىۋى خىزمەتلەرنى
ئىشلىدى. ئۇ 1936-يىلى يازغان «جۇڭگو ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى-
نىڭ ئىستراتېگىيە مەسىلىسى» ۋە 1937-يىلى يازغان «ئەمەلى-

يەت توغرىسىدا»، «زىددىيەت توغرىسىدا» دېگەن پەلسەپە ئەسەرلىرىدە ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرىنى نەزىرىيە جەھەتتىن يەكۈنلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ماركسىزىم-لېنىنىزىملىق ئىدىيىۋى لۇشيەنى ۋە ھەربىي لۇشيەنى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ئىككىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئون يىل داۋامىدا، جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىدە، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىنقىلاپ ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سۈردى. بۇ ئون يىل داۋامىدا سان-ساناقسىز كوممۇنىستلار، پارتىيە سىرتىدىكى ئىنقىلاپچىلار ۋە ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ پىداكارلىق بىلەن كۆرەش قىلىشى تىللاردا داستان قىلارلىق. بۇ ئون يىل داۋامىدا، جۇڭگو خەلقى مول ئىنقىلاپ تەجرىبىلىرىنى، بولۇپمۇ خەلق ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ماركسىزىم-لېنىنىزىم نەزىرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمىلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش ئىشلىرىمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ نەزىرىيىۋى خىزمىتىنى ۋەكىل قىلغان ھالدا ئۇلۇغ تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئون يىللىق جاپالىق كۆرەش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ كادىرلىرىنى چېنىقتۇردى، كۈچلۈك ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنى، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىسىنى ساقلاپ قالدى، بۇلار ئىنقىلاپ

ئىشلىرىنىڭ تۈۋرۈكىگە ۋە كېيىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشتا بازىغا ئايلاندى.

## 3. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش

(1937 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1945 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە)

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىشى** دۇنيا كاپىتالىزمى 1933 ـ يىلدىن باشلاپ كاساتچىلىققا پېتىپ قالغاندىن كېيىن، 1937 ـ يىلنىڭ ئىككىنچى يېرىم يىلىدا يەنە يېڭى ئىقتىسادىي كىرىزىس پارتلىدى. مۇشۇ چاغدا، گېرمانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق فاشىست دۆلەتكەر تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنى غالجىرلىق بىلەن قوزغىدى ۋە كېڭەيتتى. ياپون جاھانگىرلىگى جۇڭگونى ئۆزىنىڭ تەنها بېسىۋالغان مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، 1937 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بېيپىڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى لۇگۇچياۋدا ھۇجۇم قوزغىدى. شۇ يەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگو ئارمىيىسى ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇردى. ئىككىنچى كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئومۇمى تېلېگىرامما ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مىللەتنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىشقا چاقىردى. جياڭ جېيشى گومىنداڭىدىكى ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ـ پەرەس چوڭ پومىشچىكلار ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيە گۇرۇھلىرى

ئىككىلىنىپ تۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ
بېسىمى ئاستىدا، ياپون قاراقچىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى
ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى مەنپەئەتلىرىگە ۋە تۆت
چوڭ ئائىلىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن ئەھۋال
ئاستىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.
شۇ يىلى 8 ـ ئايدا، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى
قىزىل ئارمىيە 8 ـ ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى، 8 ـ
ئارمىيىگە جۇ دې باش قوماندان، پېڭ دېخۇەي مۇئاۋىن باش
قوماندان، يې جيەنيىڭ باش ئىشتاب باشلىقى، زوچۈەن مۇئاۋىن
باش ئىشتاب باشلىقى، رېن بىشى باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ
مۇدىرى بولدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا 3 شى قۇرۇلدى: 115 ـ شى،
ئۇنىڭغا لىن بياۋ شىجاڭ، نيې رۇڭجېن سىياسىي كومىسسار
قوشۇمچە مۇئاۋىن شىجاڭ بولدى؛ 120 ـ شى، ئۇنىڭغا خې لۇڭ
شىجاڭ، گۈەن شياڭيىڭ سىياسىي كومىسسار، شياۋكې مۇئاۋىن
شىجاڭ بولدى؛ 129 ـ شى، ئۇنىڭغا ليۇ بوچېڭ شىجاڭ، دېڭ
شياۋپىڭ سىياسىي كومىسسار، شۇ شياڭچيەن مۇئاۋىن شىجاڭ
بولدى، ئۇلار جەمئىي 45 مىڭچە ئادەم بولۇپ، شىمالىي جۇڭگو
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى. 9 ـ ئايدا
گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە يەنە بىر قېتىم ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى رەسمىي ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى تۈرتكە بولغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ رەسمىي

قۇرۇلدى. كېيىن جەنۇپتىكى قىزىل ئارمىيە پارتىزان ئەترەت-لىرى يېڭى 4 ـ ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى، ئۇنىڭغا يې تىڭ جۇنجاڭ، شياڭ يىڭ سىياسى كومىسسار قوشۇمچە مۇئاۋىن جۇنجاڭ، جاڭ يۈنيى باش ئىشتاپ باشلىقى، جۇزىكۈن مۇئاۋىن باش ئىشتاپ باشلىقى، يۈەن گوپىڭ سىياسى بۆلۈمنىڭ مۇدىرى، دېڭ زىخۇي سىياسى بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 4 تارماق ئەترەت قۇرۇلدى: چېن يى 1 ـ تارماق ئەترەتنىڭ سىلىڭيۈەنى، تەن جېنلىن 2 ـ تارماق ئەترەتنىڭ سىلىڭيۈەنى، جاڭ يۈنيى 3 ـ تارماق ئەترەتنىڭ سىلىڭيۈەنى، گاۋ جىڭتىڭ 4 ـ تارماق ئەترەتنىڭ سىلىڭيۈەنى بولدى، ئۇلار جەمئىي 15 مىڭچە ئادەم بولۇپ، ئوتتۇرا جۇڭگو ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش لاگېرىدا ئوخشاش بول-مىغان ئىككى خىل سىياسى كۈچ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئوخشاش بولمىغان ئىككى لۇشيەنمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. جياڭ جيېشى قاتارلىق 4 چوڭ ئائىلە باشچىلىقىدىكى جۇڭگودىكى چوڭ پومىششىك، چوڭ بۇرژۇئازىيە لاگېرىدىكىلەر ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىر-لىرى ۋە 4 چوڭ ئائىلىدىكى چوڭ پومىششىك، چوڭ بۇرژۇ-ئازىيىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش، مۇرەسسەلىشىش يولىغا ماڭدى. كوم-

پارتىيە باشچىلىغىدىكى پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ
لاگېرىدىكىلەر بولسا خەلق ئۇرۇشىنى يولغا قويۇش، ياپون
باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلىش
يولىغا ماڭدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭ 1937-يىل 7-ئاينىڭ
23-كۈنى «ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشنىڭ
فاڭجېنى، چارىسى ۋە ئىستىقبالى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ،
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ئىككى خىل فاڭجېن،
ئىككى يۈرۈش چارە، ئىككى تۈرلۈك ئىستىقبال بارلىقىنى بىر
خىل فاڭجېن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش، چارە
خەلق ئاممىسىغا تايىنىش، بۇنىڭ نەتىجىسى ئازاتلىققا ئېرىشىش
ئىستىقبالى ئىكەنلىكى؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە فاڭجېن مۇرەسسەلە-
شىش ۋە يول قويۇش، خەلققە تايانماسلىق، بۇنىڭ نەتىجىسى
قۇل بولۇپ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر كۈنگە قېلىش ئىستىقبالى
ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىش ئىستىقبالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى كېيىنكى بىر
خىل فاڭجېنغا، چارىگە قارشى تۇرۇپ، ئالدىنقى بىر خىل
فاڭجېن ۋە چارىنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىردى.
8-ئاينىڭ 25-كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئالدىنقى
بىر خىل فاڭجېن ۋە چارىنى «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى
تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ 10 ماددىلىق پروگراممىسى»
قىلىپ تۈزۈپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە كۆرەش نىشانى ۋە

يولنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنكى يېرىم يىل ئىچىدە، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا جياڭ جيېشى گورۇھىنىڭ خەلققە قارشى تۇرۇش لۇشيەنىنىڭ خاتا يېتەكچىلىكى ئاستىدا، ئالدىنقى سەپتە قوشۇنلار كەينى-كەينىدىن يېڭىلىپ تۇردى. 1937-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىمالىي جۇڭگودىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى مەغلۇپ بولۇپ بېيپىڭ، تيەنجىندىن جەنۇپقا قاراپ چېكىنىپ خۇاڭخې دەرياسى ئەتراپىغا باردى، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى شاڭخەي، نەنجىڭدىن غەرپكە قاراپ چېكىنىپ ۋۇخەنگە بېرىۋالدى. 12-ئايدا، جياڭ جيېشى گومىنداڭى ئىنتايىن ئىككىلىنىپ، گېرمانىيە ئەلچىسى ئارقىلىق ياپونىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ئىدى، بىراق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئوتتۇرا يولدا تەسلىم بولۇش-مۇرەسسەلىشىشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت قەتئىي تەشەببۇسى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى كۆتەرەڭگۈ روھىنىڭ ھەيۋىتى ئاستىدا، گومىنداڭنىڭ بۇ مۇرەسسەلىشىش سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

گومىنداڭ ئۇدۇلدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا بىراقلا مەغلۇپ بولۇپ كەتكەن ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە

شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى دۈشمەن ئارقا سېپىگە قاراپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلگىرىلەپ، كەينى ـ كەينىدىن غەلبە قىلدى. 1937 ـ يىل 9 ـ ئايدا، 8 ـ ئارمىيە سەنشىدىكى پىڭشىڭ ـ گۇەندە بولغان جەڭدە راسا غەلبە قازىنىپ، ياپون ئارمىيىسىنىڭ خىل قىسمى بولغان بەنيۇەن شىتۇەنىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى خۇشال قىلدى. 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە دۈشمەنىنىڭ ئارقا سېپىدە ئۇرۇش مەيدانىنى بەرپا قىلىپ، سەنشى، چاخار، خېبېي، سۇيـيۇەن، شەندۇڭ، خېنەن، ئەنخۇي، جياڭسۇ قاتارلىق ئۆلكىلەردىكى دۈشمەنلەرنىڭ ئارقا سېپىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېمو- كىراتىك تايانچ بازىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇن قۇردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تايانچ بازد- لاردا كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكىراتىك سىنىپلارنى بىرلەشتۈرگەن خەلق ھاكىمىيەتلىرى قۇرۇلدى، بۇ ھاكىمىيەتلەر ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە قوراللاندۇرۇپ، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش سىياستىنى يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ، خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئاكتىپلىقىنى ئىنتايىن زور دەرد- جىدە ئۆستۈردى. شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانى پۈتكۈل ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ بىرىنچى يىلىدىلا دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش

مەيدانىدىكىلەر 300 مىڭ ياپون تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە زەربە بەردى.

1938-يىل 5-ئايدا، شۇ چاغدا بىر مەھەل ئەدەپ كەتكەن "مۇنقەرزچىلىك قارىشى" ۋە "تېز غەلىبە قازىنىش قارىشى" دىن ئىبارەت ئىككى خىل خاتا سەپسەتىگە رەددىيە بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى توغرا فاكجېنىنى شەرھىلەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭ «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرىنى ئېلان قىلدى. ماۋ زېدۇڭ دۈشمەننىڭ ۋە ئۆزىمىزنىڭ بىر بىرىگە زىت كېلىدۇاتقان ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش بولىدىغانلىغىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ تىرىشىش ئارقىلىق چوقۇم ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىغىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئۈچ باسقۇچتىن، يەنى ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئە كۆرۈش باسقۇچى، ئىستراتېگىيىلىك تىركىشىش باسقۇچى ۋە ئىستراتېگىيىلىك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدىن ئۆتىدىغانلىغىنى ئىلمىي تۈردە ئالدىنئالا ئېيتتى. ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ پۈتۈن ھەربىي ئىشلار جەھەت-

تىكى يېتەكچى پىرىنسىپنى كۆرسىتىپ بەردى، بولۇپمۇ خەلق ئۇرۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى خەلقنىڭ غەلىبىسىگە ئايلاندۇ- رۇشتەك دانا ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1938 - يىل 10 - ئايدا يەنئەندە 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن 6 - ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىردى. يىغىندا ماۋ زېدۇڭ «ئۇزاققا سوزۇ- لىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا»دا بايان قىلىنغان ئىدىيىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش بەلگىلەندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە ئىچىدىكى ۋاڭ مىڭ قاتارلىقلارنىڭ گومىنداڭغا تەسلىمچىلىك قىلىش ئىدىيىسى تەنقىت قىلىندى، پىرولېتارىياتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپتە مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتا چىڭ تۇرۇشى، مىللىي ئۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى، بىرلىك سەپتە ھەم ئىتتىپاقلىشىش، ھەم كۆرەش قىلىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەكلىكى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بېرىلدى. يىغىندا پارتىيىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى ئۇرۇش بولۇۋاتقان رايونلاردا ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىدە ئىكەن- لىكى، خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى قوراللىق كۆرىشىنى زور كۈچ بىلەن ئۇيۇشتۇرۇش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

1938-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ياپون ئارمىيىسى گۇاڭجۇ، ۋۇخەننى كەينى-كەينىدىن بېسىۋالدى، گومىنداڭ ئارمىيىسى چۇڭچىڭنى مەركەز قىلغان جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلارغا چېكىنىپ بېرىۋالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە قاتارلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئۇلغىيىشى ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تايانچ بازىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، ياپون ئارمىيىسى گومىنداڭ ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنى شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگوغا يۆتكەپ، 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، دۈشمەن ئارقا سېپىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرى ئاساسىي ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندى. بۇ ئۇرۇش مەيدانىدا، بىز تەرەپ دۈشمەن تەرەپ بىلەن ئۇزاق مۇددەت تىركەشتى، ئۇرۇش گىرەلىشىپ، قايتا-قايتا ھەرە تارتقاندەك تالىشىش بولۇپ تۇردى، ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولدى. ياپون ئارمىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇدۇلدىكى ئۇرۇش مەيدانىدىكى ئۇرۇش بولسا بوشىشىپ كېتىش ھالىتىگە ئۆتتى، ئېتىشىش ئاندا-ساندا بولدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى.

**سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى، ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ گومىنداڭ بىلەن ياپونىيىنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى** ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىلا جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ھەقىقى ياردەم بەرگەن دۆلەت بولدى. 1937-يىل 8-ئاينىڭ 21-كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو بىلەن «جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسى»نى ئىمزالاپ، جۇڭگوغا كۈچلۈك ياردەم بەردى. 1941-يىلغىچە بولغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا بەرگەن قەرز پۇل ۋە قورال-ياراق بىلەن ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەر جۇڭگوغا بەرگەن ئومۇمى قەرز پۇلىنىڭ نىسبىتى 5:1 بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو ئەڭ جاپا-مۇشەققەتتە تۇرۇۋاتقان يىللاردا، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسىتى بولسا "تاغ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يولۋاس ئېلىشىشنى تاماشا قىلىش" بولدى. ئۇلار مۇ جۇڭگوغا ئاز-تولا ياردەم بېرىش ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئەھۋالدا قورال-ياراق سودىسى قىلىپ، ئۇرۇش داۋامىدا تازا بېيىپ كەتتى. مەسىلەن، ياپونىيە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىدا

ئىشلەتكەن نېفىت، ئايروپىلان، مىس، پولات-تۆمۈر قاتار-لىقلارنىڭ ناھايىتى زور قىسمىنى ئامېرىكا سېتىپ بەرگەن. 1938-يىلى ئامېرىكىدىن كىرگۈزگەن ئۇرۇش ئەشيالىرى ياپونىيىنىڭ پۈتۈن سەرپىيات سوممىسىنىڭ 92 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ پىلانى جۇڭگو بىلەن ياپونىيە جەڭ قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ زىيانغا ئۇچرىغاندا، جۇڭگونى ياپونىيە بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە مەجبۇر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ياپونىيىنى بىرئاز يول قويۇشقا مەجبۇرلاپ، ئۆزلىرى ئارىدا پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

1938-يىلى قىشتىن 1939-يىلى ئەتىيازغىچە، چەتئەللەرنىڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ "تىنچ ئوكيان خەلقارا يىغىنى" چاقىرىپ، جۇڭگو-ياپونىيە ئۇرۇشىغا "سالا" قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا كەينى-كەينىدىن خەۋەر بەردى. ئەنگلىيىنىڭ ئەلچىسى كارل چۇڭچىڭ، شياڭگاڭ، شاڭخەي ئارىلىقىدا ئۈزلۈكسىز قاتىراپ "ياراشتۇرۇش" پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا، ياپونىيە گومىنداڭغا قارىتا قوللانغان سىياسىتىنىمۇ ھەربىي جەھەتتە ھۇجۇم قىلىشنى ئاساس، سىياسىي جەھەتتە ئالداپ تەسلىم قىلدۇرۇشنى قوشۇمچە قىلىشتىن سىياسىي جەھەتتە ئالداپ تەسلىم قىلدۇرۇشنى ئاساس، ھەربىي جەھەتتە ھۇجۇم قىلىشنى قوشۇمچە قىلىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتىپ، ئالداپ تەسلىم قىلدۇرۇش ھەققىدە بىر قاتار باياناتلارنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەلىشىش-تەسلىم

بولۇشتەك تەتۈر ئېقىم گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا بەك يامراپ كەتتى.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى پەيدا قىلغان 3 قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش دولقۇنىنى توسىشى** شۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ياپون باسقۇنچىغا قارشى كۈچلەر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەسلىمچىلىك قىلىشىغا ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىدى. شۇڭا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا پاسسىپ قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، ئاساسىي كۈچلىرىنى كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇشقا قارىتىپ، تەسلىم بولۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. 1939 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، تەسلىمچىلىككە قارشى تۇرۇش؛ ئىتتىپاقلىقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش؛ ئالغا بېسىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئارقىغا چېكىنىشكە قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. 1939 ـ يىلى قىش ۋە 1940 ـ يىل ئەتىيازدا، گومىنداڭ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونى ۋە شەنشىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تايانچ بازىغا ھۇجۇم قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى بىرىنچى قېتىملىق

كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى دولقۇننى قوزغىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تايانچ بازىلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ "تەرەققىپەرۋەر كۈچلەرنى راۋاجلاندۇرۇش، ئارىلىقتىكى كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، جاھىل كۈچلەرنى يىتىم قالدۇرۇش" دېگەن تاكتىكىلىق باش فاڭجېنىنى، "باشقىلار بىزگە چېقىلمىسا، بىز ئۇلارغا چېقىلمايمىز؛ باشقىلار بىزگە چېقىلسا، بىزمۇ ئۇلارغا چېقىلىمىز" دېگەن قەتئىي قوغدىنىش پرىنسىپىنى، شۇنىڭدەك گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشتە "يوللۇق بولۇش، پايدىلىق بولۇش، چەكلىك بولۇش" دېگەن تاكتىكىلىق پرىنسىپنى ئىجرا قىلىپ، چېقىلغۇچىلارغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىپ، ئاخىر بىرىنچى قېتىملىق كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى دولقۇننى چېكىندۈرۈپ، تەسلىمچىلىك خەۋپىنى ۋاقتىنچە توسۇۋالدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تىركىشىش باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، دۈشمەننىڭ ئارقا سەپىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جەڭ مىسلىسىز شىددەتلىك بولۇپ كەتتى. ياپون قاراقچىلىرى ئاتالمىش "قەپەز سىياسىتى"نى يۈرگۈزۈپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تاياىنچ بازىلارنى قامال قىلىش ۋە بۆلۈۋېتىش چارىسىنى قوللاندى شۇنىڭدەك "تازىلاش" ئۇرۇشىنى كەينى-كەينىدىن ئېلىپ باردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تاياىنچ

بازىلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلق دۈشمەنىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قەھرىمانلارچە تارمار قىلىپ، تايانچ بازىلارنى كېڭەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى راۋاجلاندۇردى. 1940 ـ يىلىغا كەلگەندە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تايانچ بازىلاردىكى ئاھالە كۆپىيىپ 100 مىليونغا يەتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئارمىيە 500 مىڭ كىشىگە يەتتى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ 800 مىڭ چامىسىغا يەتتى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن تارتىپ 1940 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈچلەر راۋاجلانغان مەزگىل بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان خەلقنى نەزىرىيە ۋە سىياسەت جەھەتلەردىن قوراللاندۇرۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ جۇڭگودا "بىر پارتىيە، بىر مەسلەك، بىر داھى"نىڭلا بولۇشىغا يول قويۇش دەيدىغان فاشىستىك ۋە كومپارتىيىگە قارشى سەپسەتىسىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، 1940 ـ يىل 1 ـ ئايدا، ماۋ زېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دىگەن مەشھۇر ئەسەرنى ئېلان قىلدى. ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزىرىيىسىگە ۋە جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، بۇ ئەسىرىدە جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدىنىيەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭ نەزىرىيىسى ۋە سىياسىتىنى مۇكەممەل ھالدا شەرھىلەپ

بەردى. ئۇ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى جەزمەن خەلقنىڭ غەلىبىسى، يېڭى دېموكراتىزىمنىڭ غەلىبىسى بولىدۇ؛ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىزىمىنىڭ مۇقەررەر ئىستىقبالى يوق دەپ كۆرسەتتى. بۇ كىتاپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ۋە جۇڭگو خەلقىنى روشەن ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىنلىدى.

1940 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ، جياڭ جيېشى گومىنداڭى ياپون قاراقچىلىرىغا ماسلىشىپ ئالدى بىلەن يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى يوقىتىش، ئاندىن 8 ـ ئارمىيىنى يوقىتىشقا، بۇ ئارقىلىق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئەھۋالىنى ئاياقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يەنە ئىككىنچى قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى دولقۇن قوزغىدى. 1941 ـ يىل 1 ـ ئايدا، گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن 80 مىڭ ئادەم جەنۇبىي ئەنخۇيدا يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. يېڭى 4 ـ ئارمىيىنىڭ ئىشتاۋى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق قىسىملاردىن تەخمىنەن 10 مىڭ كىشىنىڭ تولىسى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، جۈنجاڭ يې تىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا تۇتۇپ قېلىندى، مۇئاۋىن جۈنجاڭ شياڭ يىڭ، سىياسى بۆلۈمنىڭ مۇدىرى يۈەن گوپىڭ، باش ئىشتاپ باشلىقى جۇزىكۇنلار قۇربان بولدى. مەشھۇر "جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى" ئەنە شۇ. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ياپون قوشۇنلىرى ۋە نەنجىڭدىكى ۋاڭ جىڭۋېي قورچاق قوشۇنلىرىمۇ جياڭ جيېشىغا ماسلىشىپ ئوتتۇرا جۇڭگودىكى

هەرقايسى جايلاردا يېڭى 4 ـ ئارمىيىگە ھۇجۇم قىلدى، جياڭ جېيشى بولسا كۆپلىگەن قوشۇنلارنى يۆتكەپ كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا تەييارلاندى. بۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەتئىي ئىنقىلاۋىي سىياسەت قوللاندى، 1941 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتى يېڭى 4 ـ ئارمىيىنى قايتىدىن قۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلان قىلىپ، چېن يىنى مۇۋەققەت جۇنجاڭلىققا، جاڭ يۈنيىنى مۇئاۋىن جۇنجاڭلىققا، ليۇ شاۋچىنى سىياسى كومىسسارلىققا تەيىنلىدى. يېڭى 4 ـ ئارمىيە 7 شى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى، 1 ـ شىغا سۇ يۈي شىجاڭ بولدى، جاڭ يۈنيى قوشۇمچە 2 ـ شىنىڭ شىجاڭى بولدى، 3 ـ شىغا خۇاڭ كېچېڭ شىجاڭ بولدى، 4 ـ شىغا پېڭ شۆفېڭ شىجاڭ بولدى، 5 ـ شىغا لى شيەننيەن شىجاڭ بولدى، 6 ـ شىغا تەن جېنلىن شىجاڭ بولدى، 7 ـ شىغا جاڭ دىڭچېڭ شىجاڭ بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانىنى ئاشكارىلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى قوزغىلىپ بۇ پىلانىنى توساشقا چاقىردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تايانچ بازىلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلقمۇ جىددى ھەركەتكە كېلىپ، ياپون قوشۇنلىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىغا زەربە بېرىشكە تەييارلاندى. مەملىكەت ئىچىدىكى

كەڭ خەلق ۋە گومىنداڭ دېموكراتلىرىدىن سوڭ چىڭلىڭ، خې شياڭنىڭ قاتارلىقلار جياڭ جيېشىنىڭ جىنايىي قىلمىشلىرىغا قارشى تۇردى. شۇنداق قىلىپ، جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى پۈتۈنلەي يىتىم ھالىغا چۈشۈپ قالدى، ئىككىنچى قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى دولقۇن ئاخىر چېكىندۈرۈلدى.

1941 ـ ۋە 1942 ـ يىللىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تايانچ بازىلار ياپون قوشۇنلىرى، قورچاق قوشۇنلار بىلەن جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ۋەھشىيانە ھۇجۇم قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئارقىسىدا، ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئەھۋالدا قالدى. 1941 ـ يىل 6 ـ ئايدا باشلانغان سوۋېت ئىتتىپاقى ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى ۋە شۇ يىلى 12 ـ ئايدا باشلانغان تېچ ئوكيان ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە فاشىستلار لاگېرى ھەربىي جەھەتتە ۋاقىتلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ياپون قاراقچىلىرى شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگونى دۇنيا ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئارقا سەپ بازىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ قولىدىن كەتكەن رايونلىرىغا تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويدى ۋە ماددىي ئەشيالارنى كۈچىنىڭ بېرىچە بۇلاپ ئالدى؛ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تايانچ بازىلارغا قارىتا غالجىرانە "تازىلاش" ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، دەھشەتلىك بولغان كۆيدۈرۈپ تۈگىتىش، قىرىپ تۈگىتىش، بۇلاپ تۈگىتىشتىن ئىبارەت "ئۈچ تۈگىتىش" سىياسىتىنى قوللىنىپ،

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكىراتىك تاياىنچ بازىلارنى ئۇزۇل-كېسىل ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى. شۇنداق قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكىراتىك تاياىنچ بازىلارنى ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ، مالىيە كۈچى جەھەتلەردە ئىنتايىن زور زىيانغا ئۇچراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ ئارمىيىسىمۇ تاياىنچ بازىلارنى قورشاش، قامال قىلىش ۋە بۇزۇشنى جىددىيلەشتۈردى، گومىنداڭ يەنە ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىنى كۆپلەپ دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ قورچاق قوشۇنغا ئايلىنىپ، ياپون قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا بىۋاستە ماسلىشىشقا كۈشكۈرتتى. دۈشمەن قوشۇنى، قورچاق قوشۇن، جياڭ جيېشى قوشۇنىنىڭ بىرلىشىپ قامال قىلىشى، ”تازىلىشى“ ئارقىسىدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكىراتىك تاياىنچ بازىلار كىچىكلەپ كەتتى، خەلق ئارمىيىسىنىڭ سانىمۇ ئازىيىپ كەتتى، ئارمىيە ۋە خەلق ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالدا كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى.

قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ تاياىنچ بازىلارنى مۇستەھكەملەش يولىدا تۈرلۈك توغرا سىياسەت-لەرنى يۈرگۈزدى. مالىيە-ئىقتىسات، ئارمىيە ۋە خەلق دۇچكەل-گەن تەمىنات جەھەتتىكى جىددى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئازات رايوندىكى پۈتۈن ئارمىيە ۋە خەلق كەڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنى

قانات يايدۇردى. ھەرقايسى قىسىملار، ئىدارىلەر، مەكتەپلەر ۋە پۈتۈن خەلق ئۇيۇشۇپ، بوز يەر ئېچىپ يەر تېرىپ، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلان-دۇرغاچقا، نۇرغۇن قىسىملار ئۆزىنى ئۆزى تولۇق تەمىنلىدى ياكى قىسمەن تەمىنلىدى. بىرمۇنچە ئىدارىلەر ۋە مەكتەپلەرمۇ كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ تولىسىدا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش سىياسىتى كۈچەيتىلدى، خەلق ئەسكەرلىرى ۋە قوراللىق خىزمەت ئەترەت-لىرى كەڭ كۆلەمدە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاز دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىلدى. تاغلىق جايلاردا مىنا ئۇرۇشى قانات يايدۇرۇلدى، تۈزلەڭلىكلەردە لەخمە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلدى، شۇنداق قىلىپ، دۈشمەنگە ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن زەربە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش سىياسىتى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، دېھقانلار ئۇچرىغان ئېكسپې-لاتاتسىيە يېنىكلىتىلدى ـ دە، دېھقانلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ئاكتىپلىقى قوزغالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىششقا بولىدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشمۇ ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرى ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ يۈكى يېنىكلىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تايانچ بازىلارنىڭ رەھبەرلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دېمو-

كىراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىقتىم مەسىلىلىرى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ـ خەلقنى سۆيۈش قاتارلىق سىياسەتلەر يولغا قويۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە: ھازىرقى قىيىنچىلىق پەقەت "تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق" دەپ كۆرسىتىپ، خەلقنى چىشنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ، قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، غەلىبىنىڭ تاڭ نۇرىنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىردى.

جاپا ـ مۇشەققەتلىك مەزگىلدە، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يەنە پۈتۈن پارتىيىدە ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىنى قانات يايدۇردى. بۇ ھەركەتتە پارتىيىنىڭ كادىرلىرى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ۋە لېنىن، ستالىنىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئۆگەندى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش روھىنى تەشەببۇس قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد ئۇسۇلىنى تەتبىق قىلىپ، سۇبيېكتىپچىلىق، مەزھەپچىلىك ۋە پارتىيە باگۇ-سىدىن ئىبارەت خاھىشنى تۈگەتتى. بۇ قېتىمقى ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتى پۈتۈن پارتىيىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزىملىق ئىدىيە ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ قىياپىتىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتتى. شۇنداق قىلىپ، پارتىيە تېخىمۇ كۈچلۈك تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىش

ۋە خەلق ئاممىسىنى كۈرەش قىلىشقا ئۈيۈشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

1943 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ بېشىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ستالىنگراد جېڭىدە گېرمانىيە ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقىدەك غەلىبە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئۈيۈشتۇرغان فاشىزىمغا قارشى دۇنياۋى لاگېر مۇداپىئەلىنىشتىن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا ئۆتتى. جۇڭگودىكى ئازات رايونلارمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ دانا رەھبەرلىكى ھەم تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنغانلىقى ئارقىسىدا، 1942 ـ يىلدىن باشلاپ دۈشمەننىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىنى داۋاملىق تارمار قىلدى، ئازات رايونلار پەيدىن ـ پەي ئەسلىگە كېلىشكە ۋە كېڭىيىشكە باشلىدى.

1943 ـ يىل 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە ئۈچىنچى قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى دولقۇن قوزغاپ، خۇاڭخې دەرياسى مۇداپىئەسىدىكى ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنى قورشاشقا سالدى، ئارمىيىسىنى 9 يۆنىلىشكە بۆلۈپ شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ مەركىزى ــ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق جاي يەنئەنگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى شۇنىڭدەك "كوممۇنىستىك پارتىيىنى

ئارقىتتۇۋىتىش" توغرىسىدا جار سالدى. بۇ قېتىملىق كومپارتىيىگە قارشى دولقۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالدىن پاش قىلىشى ۋە ئەيىپلىشى، چېگرا رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشكە ئاكتىپ تەييارلىق قىلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جامائەت پىكرى جەھەتتە قارشى تۇرۇشى ئارقىسىدا ئاخىر توساپ قېلىندى.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى**

1944 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئازات رايونلاردىكى ئۇرۇش مەيدانىدا قىسمەن دائىرىدىكى قايتۇرما ھۇجۇم باشلاندى، ئازات رايونلار تېخىمۇ كېڭەيتىلدى. شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو، جەنۇبىي جۇڭگودا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى دېموكراتىك تايانچ بازا 15 كە يېتىپ، ئاھالە 80 مىليوندىن ئاشتى، ئارمىيىدىكى ئادەم سانىمۇ كۆپىيىپ 470 مىڭغا، خەلق ئەسكەرلىرى 2 مىليون 270 مىڭغا يەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ كۆپىيىپ 900 مىڭدىن ئاشتى. كەڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى بىلەن، ئازات رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى قۇدرەتلىك تۈۋرۈك بولۇپ قالدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ چىرىكلىكى ۋە زۇلمەتلىكى

ئاخىرقى چەكىكە يەتتى. جىياڭ جىيېشى، سۇڭ زىۋېن، كۇڭ شياڭشى، چېن لىفۇدىن ئىبارەت 4 چوڭ ئائىلە باشچىلىغىدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرى بارلىق ئىقتىسادىي جان تومۇرنى تىزگىنلەپ، قەغەز پۇلنى كۆپلەپ تارقىتىپ، زورلۇق بىلەن تۇرلۇك ئالۋاڭ ـ ياساق ئېلىپ، بېسمىدارلىق قىلىپ، ئەتكەسچە ـ لىك قىلىپ دۆشمەنگە ياردەم قىلىش ... ئارقىلىق، كۆپلىگەن بايلىقلارنى غالجىرانە بۇلاپ ۋە توپلاپ، 4 چوڭ ئائىلە باشچى ـ لىغىدىكى فېئوداللىق، دەللال، ھەربى مونوپولىيە كاپىتالى — بيۇروكىرات كاپىتالىنى تېز راۋاجلاندۇردى. گومىنداڭنىڭ چوڭ ـ كىچىك مۇلكى ۋە ھەربى ئەمەلدارلىرىمۇ ئومۇمى يۈزلۈك خىيانەت قىلىپ چىرىكلەشتى، خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇدا بىرنەچچە يىل ئاپەت بولغانلىقتىن ۋە ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قامال قىلىشى ئاستىدا ماددى ئەشيا كەم بولغانلىقتىن، كەڭ خەلق ئىنتايىن ئازاپ ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈردى. گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىرى خالىغانچە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلدى، خەلقنىڭ سىياسى جەھەتتە قىلچە ئەركىنلىگى يوق ئىدى، ئۇن مىڭلىغان تەرەققىپەرۋەر ياشلار گومىنداڭنىڭ فاشىستىك جازا لاگىرىغا سولاپ قويۇلۇپ، خالىغانچە ئۆلتۈ ـ رۈلدى. بۇنداق ئىنتايىن زۇلمەتلىك ۋە چىرىك ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايونلاردا خەلق تۇرمۇشى خاراپلاشتى، خەلقنىڭ غەزىۋى قايناپ تاشتى، خەلق قوزغىلاڭ ـ لىرى كۆتىرىلىپ تۇردى.

1944 ـ يىل 4 ـ ئايدا، ياپونىيە تېچ ئوكيان ئۇرۇشىدا ئوڭۇش-
سىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاچقا، شىمالىي جۇڭگودىن بېرما،
ھىندىستانغىچە بولغان قۇرۇقلۇقتا قاتناش لىنىيىسىنى ئېچىشقا
ئۇرۇنۇپ، خېنەن ـ خۇنەن ـ گۇاڭشى جېڭىنى قوزغىدى. گومىن-
داڭ ئارمىيىسى پۈتۈن سەپ بويىچە قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ
چېكىندى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ياپون ئارمىيىسى
گۇاڭشىدىن ئۇرۇش قىلىپ چىققان پېتى گۈيجۇدىكى دۇشەنگە
كەلدى، بۇ ئىش چۇڭچىڭنى لەرزىگە كەلتۈردى. گومىنداڭ
ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە گومىنداڭنىڭ فاشىستىك
ھۆكۈمرانلىغىنىڭ زۇلمەتلىك بولۇشى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغى-
دىكى رايونلار خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ دېموكراتىك
ھەركىتىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىدى. چۇڭچىڭ، كۇنمىڭ
قاتارلىق جايلاردىكى خەلق ئاممىسى يىغىن ئۆتكۈزۈپ نامايىش
قىلىپ، گومىنداڭنىڭ فاشىزىملىق مەمۇرى بۇيرۇغى ۋە ھەربى
بۇيرۇغىنى ئۆزگەرتىش، گومىنداڭنىڭ ھاكىممۇتلەقلىغىنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى
تەلەپ قىلدى

1944 ـ يىل 9 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
”مىللى ھۆكۈمەتنى ۋە قوماندانلىق ئىشتاۋىنى ئۆزگەرتىپ
تەشكىل قىلىپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش“
دىگەن چاقىرىقنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ چاقىرىق ھەرقايسى
دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە ھەر قاتلامدىكى خەلقىنىڭ

قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. لېكىن، گومىنداڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ تەلىۋىنى رەت قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا، ئامېرىكا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش نامىدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئارمىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىزگىنلىۋالدى. ئامېرىكا ۋەكىلى ۋە جياڭ جيېشى بەزى كوممۇنىستلارنى مىللىي ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشقا "تەكلىپ قىلىش" ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ "بىرلىككە كەلتۈرۈشى" ۋە "دېموكراتىيىلەشتۈرۈشى"نى "ئورۇنلاش"قا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش توغرىسىدىكى تەلەپنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى؛ شۇنىڭدەك بۇ ھىلە-مىكىر ئارقىلىق 8-ئارمىيە، يېڭى 4-ئارمىيە ۋە ئازات رايونلارنى يوقىتىۋېتىشقا ئۇرۇندى. ئامېرىكا ۋە جياڭ جيېشىنىڭ بۇ تەكلىۋىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەتئىي قارشى تۇردى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە كەڭ خەلقمۇ بۇ ئىشتىن ئامېرىكا ۋە جياڭ جيېشىنىڭ ئالدامچىلىق ۋاستىسى ۋە ئەكسىيەتچىل ئەپتى-بەشىرىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇۋالدى.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتىيى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1945-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۈنى، يەنئەندە مەملىكەتلىك 7-قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتايغا بىر مىليون 210 مىڭ پارتىيە ئەزاسىغا

ۋەكىل بولۇپ 547 رەسمىي ۋەكىل، 208 كاندىدات ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ماۋ زېدۇڭنىڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دىگەن سىياسى دوكلادى بىر ئېغىزدىن ماقۇللاندى. ماۋ زېدۇڭ دوكلاتتا خەلقارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلىشتىكى تەجرىبىلىرى بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى لۇشيەن كۈرىشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنىڭ مۇكەممەل پىروگىراممىسى ۋە توغرا لۇشيەننى تۈزۈپ بەردى. قۇرۇلتاي جۇ دېنىڭ «ئازات رايونلار ئۇرۇش مەيدانى توغرىسىدا» دىگەن ھەربى ئىشلار توغرىسىدىكى دوكلادى ۋە ليۇ شاۋچىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەشكىلىي دوكلادىنى ئاڭلىدى ھەمدە يېڭى پارتىيە نىزامنامىسىنى ماقۇللىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا مىسلىسىز، بىردەك ئىتتىپاقلىشىش ئىپادىلەندى. قۇرۇلتايدا ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى يېڭى مەركىزىي كومىتېت سايلاپ چىقىلدى.

7 ـ قۇرۇلتاي مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇرۇش داۋامىدا 19 ئازات رايوننى بەرپا قىلدى، بۇلاردا جەمئى 95 مىليون 500 مىڭ ئاھالە، 910 مىڭ كىشىلىك خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى (8 ـ

ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە جەنۇبىي جۇڭگو ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كالوننىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان 2 مىليون 200 مىڭ خەلق ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش 1944 ـ يىلىدىن بۇيان قىسمەن دائىرىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. مەملىكەت بويىچە زور كۆپ ساندىكى مەركىزىي شەھەرلەر، قاتناش لىنىيىلىرى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قورشاۋى ياكى تىزگىنلىشى ئاستىدا تۇرماقتا. كۈچلۈك خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تايانغاندا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە دېموكراتىيە ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. قۇرۇلتاي پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

**ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى**

1945 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى، گېرمانىيە فاشىستلىرى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكالىدى. ياۋروپادا فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىلىك ئاياقلاشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. 9 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى 4 يۆنىلىش بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرى بېسىۋالغان

جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. 10 - كۈنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. ياپونىيىنىڭ مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك بازىسى گۇمران قىلىندى، مىليون كىشىلىك خىل كانتۇن ئارمىيىسمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ جەسۇرلۇق بىلەن زەربە بېرىشى ئاستىدا تارمار بولدى.

ماۋ زېدۇڭ 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا چاقىرىپ باياناتى ئېلان قىلدى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇ دې 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھەممە ئازات رايونلاردىكى ئارمىيىگە شۇ جايدىكى ياپون ئارمىيىسىنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قورالسىزلاندۇرۇپ، ھەرقايسى ئازات رايونلاردىكى ئازاتلىق ئارمىيىنى كەڭ كۆلەمدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ياپون ئارمىيىسى تىزگىنلىۋالغان شەھەرلەر ۋە قاتناش لىنىيىلىرىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى.

ياپونىيە 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شەرتسىز تەسلىم بولىدىغانلىقىنى جاكالىدى. 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تەسلىمنامىگە رەسمىي ئىمزا قويدى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو خەلقى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ 8 يىل داۋاملاشتۇرغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئاخىر غەلىبە قازاندى.

ياپونىيە تەسلىم بولىدىغانلىقىنى جاكالىغاندا، ياپون ئارمىيىسى بېسىۋالغان جۇڭگونىڭ نۇرغۇن چوڭ شەھەرلىرى ۋە ئاساسلىق

قاتناش لىنىيلىرى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قاتمۇ-قات مۇھاسىرىسىدە قالغان بولۇپ، ياپون ئارمىيىسى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە تەسلىم بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ چاغدا، گومىنداڭ ئارمىيىسى يەنىلا جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى چوڭ ئارقا سەپكە مۆكۈنۈۋالغان ئىدى. ئەمما گومىنداڭ ئامېرىكىنىڭ قوماندانلىقىدا، خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ئېرىشكەن غالىبىيەت مېۋىلىرىنى تارتىۋالدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ياپون قوشۇنلىرى ۋە قورچاق قوشۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ياپون قوشۇنلىرى ۋە قورچاق قوشۇنلاردىن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشىلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا ئارمىيىسى مۇشۇ چوڭ شەھەرلەر ۋە قاتناش لىنىيىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى توشۇشقا ياردەم بەردى ھەمدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى.

جۇڭگو خەلقى توپ-توغرا 8 يىل داۋام قىلغان جاپالىق ئۇرۇش ئارقىلىق، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن كىشىلەر قۇربان بولۇشتەك زور چىقىم بېرىپ، ئاخىر ياۋۇز ياپون جاھانگىرلىكىنى يوقىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مۇقەددەس ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلقنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى تەشكىلاتچىسى ۋە رەھبىرىدۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللى ئازاتلىق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مەملىكەت ئىچىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش لاگېرىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تىز پۈكمەي ئىنقىلاۋىي كۆرەش ئېلىپ بېرىپ غەلىبە قازاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

## 4. ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش

(1945 ـ يىل 9 ـ ئاي ـــ 1949 ـ يىل 9 ـ ئاي)

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تېچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشى** ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، چوڭ پومىششىك ـ چوڭ بۇرژۇئازىيىگە ۋەكىللىك قىلغان گومىنداڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غالىبىيەت مېۋىسىنى مونوپولىيە قىلىۋېلىپ، جۇڭگودا ئۆزىنىڭ ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلىغىنى تىكلەش ئۈچۈن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە چوڭ ئارقا سەپكە مۆكۈنۈۋېلىپ دەم ئېلىپ، كۈچ ـ قۇۋۋەت توپلىغان ئەسكىرىي كۈچى ۋە چەتئەللەر ياردەم بەرگەن قوراللاردىن پايدىلىنىپ، كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش

قوزغاپ، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە بارلىق ئىنقىلاۋىي خەلقنىڭ كۈچىنى يوقاتماقچى بولدى. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، جۇڭگودىن ئىبارەت كەڭ بازارنى تىزگىنلەپ، جۇڭگونى ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكىمۇ گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىغا ئاكتىپ ياردەم بەردى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگو خەلقى جىددى ئىچكى ئۇرۇش خەۋپىگە دۇچكەلدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى 8 يىللىق جاپالىق ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن جۇڭگو خەلقى ئۇرۇشتىن كېيىنكى تېچ، دېموكراتىك تۇرمۇشقا تەشنا ئىدى. خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇرۇشتىن كېيىن خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىچكى تېچلىق-دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1945-يىل 8-ئاينىڭ 25-كۈنى ۋەزىيەت توغرىسىدا خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى "تېچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش"قا چاقىرىپ، تېچلىقنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭ ئۆزى 8-ئاينىڭ 28-كۈنى چۇڭچىڭغا بېرىپ گومىنداڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت قەتئىي كۆرەش قىلىش ئارقىسىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تېچلىق ۋە دېموكراتىيە پىرىن-

سىپنى ئېتراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى، ئىككى تەرەپ 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېلىشىمگە ئىمزا قويۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ "ئىچكى ئۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش" ھەققىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى ھەمدە سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى چاقىرىپ، تىنچ يول بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ چوڭ پىلانىنى ئورتاق مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى جاكالىدى. كېلىشىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كېلىشىمگە ئاساسەن، شەرقىي جېجياڭ، جەنۇبىي جياڭسۇ، جەنۇبىي ئەنخۇي قاتارلىق جايلاردىن ئۆز ئارمىيىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن گومىنداڭ سۆھبەت داۋامىدا ئارمىيىسىنى 5 يۈنۈلۈش بويىچە ئازات رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى، كېلىشىمگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن كۆپلىگەن قوشۇنلارنى سەنشىدىكى شاڭداڭ رايونى، خېبېيدىكى خەندەن رايونى قاتارلىق ئازات رايونلارغا توختىماي ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى گومىنداڭ ئارمىيىسىغا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرىپ، شاڭداڭ جېڭى ۋە خەندەن جېڭىدە گومىنداڭنىڭ بېسىپ كىرگەن ئارمىيىسىنىڭ 110 مىڭ ئادىمىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەتئىي تۈردە تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى، ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھەربى ھۇجۇمى

زەربىگە ئۇچراپ، كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشتىكى تەييارلىق خىزمىتى تېخى ئىشلىنىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن خەلقارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا، گومىنداڭ 1946-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن «ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، ئىككى تەرەپ «ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇغى»نى ئېلان قىلدى. ئامېرىكىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى مارشال گومىنداڭنى ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاقتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ تېچلىق تەلىۋىنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، "كېلىشتۈرگۈچى" بولۇۋېلىپ، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيە ئىككى تەرەپنىڭ "ھەربىي كېلىشتۈرۈش باشقارمىسى"غا قاتناشتى. «ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» ئىمزالانغان كۈنى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنى چۇڭچىڭدا ئېچىلدى. يىغىنغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، جۇڭگو دېموكىراتىك ئىتتىپاقى ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىز دېموكىراتىك زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يىغىندا نۇرغۇن ئاكتىپ لايىھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېموكىراتىك كۈچنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق قىلىش، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش سۈيىقەستلىرىگە قارشى كۈرەش قىلدى؛ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى ئاستىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى

سىياسى جەھەتتە يېتىم قېلىپ، خەلققە ئاز-پاز يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. يىغىندا تېچلىق، دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىق قىلىش، ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش سۇيىقەستلىرىگە پايدىسىز بولغان بىرقانچە قارار ماقۇللاندى.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىشى** سىياسى مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا قاتنىششقا مەجبۇر بولغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقى، قارارلارنىڭ ماقۇللانغانلىقىنى ئۆزىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتى دەپ قارىدى. ئۇلار يىغىن داۋامىدا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، كۆپلىگەن قوشۇنلىرىنى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۆتكىدى. يىغىن ئاياقلاشقاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۆزىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئومۇمى يىغىنى ئارقىلىق، سىياسى كېڭەش يىغىنىنىڭ قارارلىرىغا ئىمزا قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمگە ۋە سىياسى كېڭەش يىغىنىنىڭ قارارلىرىغا ئوچۇقتىن-ئوچۇق بۇزغۇنچىلىق قىلدى. گومىنداڭ شەرقىي شىمال ئازات رايونىغا ھۇجۇم قىلىشنى ئىزچىل توختاتمىدى، 4-، 5-ئايلاردا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. «كېلىشتۈرگۈچى» تونىغا ئورىنىۋېلىپ ھەربى كېلىشتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان ئامېرىكىنىڭ ۋەكىلىمۇ جياڭ

جيېشىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوللىدى. ئامې-
رىكا جياڭ جيېشىنىڭ كۆپلىگەن قوشۇنـلىرىنى ئازات رايونلارغا
ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن توپلىنىدىغان جايلارغا توشۇدى ۋە جياڭ
جيېشىنىڭ قوشۇنلىرىنى كۆپلىگەن قورال-ياراقلار، ھەربى لازى-
مەتلىكلەر بىلەن قوراللاندۇردى ۋە تەربىيىلىدى. ئامېرىكىنىڭ
قۇتراتىشى ۋە قوللىشى جياڭ جيېشىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىچكى
ئۇرۇشنى قوزغاشقا جۈرئەت قىلىشتىكى يۆلەنچۈكى بولۇپ قالدى.
مۇشۇ مەزگىلدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تىنچلىق ئۈچۈن
ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن گومىن-
داڭ ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بۇ تىرىشچانلىقلارنى
ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قاراپ بىر-بىرلەپ يولسىزلىق
بىلەن رەت قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گومىنداڭنىڭ
كۆشكۆرتىشى ئارقىسىدا، ئىشپىيونلار ۋەتەنپەرۋەرلىك-دېموكـ-
راتىك ھەركەتنى ۋەھشىلەرچە باستۇردى ۋە دېموكراتىك
زاتلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى. بۇلار ئامېرىكا ۋە
جياڭ جيېشى ئاغزىدا دەپ يۈرگەن "تىنچلىق" تامامەن بىر خىل
ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. پۈتۈن
مەملىكەت خەلقى تىنچلىق ھەققىدىكى خام خىيالدىن بارا-بارا
خالاس بولۇپ، تىنچلىق، دېموكراتىيە، مۇستەقىللىقنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقاتمىسا
بولمايدىغانلىقىنى بىلدى.

جياڭ جيېشى 1946-يىل 6-ئاينىڭ 26-كۈنى 300 مىڭ

كىشىلىك ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ، خۇبېي بىلەن خېنەن چېگ-رىسىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئازات رايونىغا قارىتا قورشاپ هۇجۇم قىلدى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى 60 مىڭ كىشىلىك ئازات-لىق ئارمىيە لى شيەننيەن، جېڭ ۋېيسەن، ۋاڭ جېن قاتارلىقلار-نىڭ رەھبەرلىكىدە، مۇھاسىرىنى غەلىبە بىلەن بۆسۈپ چىقىپ يۆتكەلدى.

ئارقىدىنلا، 7-ئايدا، جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ۋە قوماندانلىق قىلىشى ئاستىدا، 1 مىليون 600 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيىنى يۆتكەپ، ھەرقايسى ئازات رايونلارغا ھەيۋە بىلەن ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. دۈشمەن تەرەپ-تەرەپتىن جياڭسۇ-ئەنخۇي ئازات رايونى، جەنۇبىي شەنشى ئازات رايونى، غەربىي جەنۇبىي شەندۇڭ ئازات رايونى، شەرقىي شەندۇڭ ئازات رايونى، شەرقىي خېبېي ئازات رايونى، شەرقىي سۇييۈەن ئازات رايونى، جەنۇبىي چاخار ئازات رايونى، رېخې ئازات رايونى، جەنۇبىي لياۋنىڭ ئازات رايونى قاتارلىق ئازات رايونلارغا ئۇسۇپ كىردى. شۇنداق قىلىپ، جياڭ جيېشى گۇرۇھى ئامېرىكىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، جۇڭگو تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمە-گەن كۆلەمدە ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى.

ئۇرۇش باشلانغان چاغدا، گومىنداڭ ئارمىيىسىدە جەمئى 4 مىليون 300 مىڭ ئەسكەر بار ئىدى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدە پۈتۈن ئارمىيىدە بولسا 1 مىليون 280 مىڭلا ئادەم بار ئىدى. گومىنداڭ ئۆز ئەسكىرىي كۈچىنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ-

لۇگىگە ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەربى جەھەتتىكى ياردىمىگە تايىنىپ، ئومۇمى يۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش ئىستىراتېگىيىسىنى قوللىنىپ، غالجىرلىق بىلەن شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، جايلارنى بېسىۋې- لىپ، خەلق ئازات رايونلىرىنى بىراقلا يوقىتىشقا ئۇرۇندى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمى 1947 - يىلىنىڭ بېشىدا ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە يەتتى.

گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇ- نىستىك پارتىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ سياسى فاكتېنى ۋە ھەربى فاكتېنىنى دانالىق بىلەن كۆرسىتىپ بەردى. يەنى سىياسى جەھەتتە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ۋە جياڭ جيېشىغا قارشى پۈتۈن مىللەتنىڭ كەڭ بىرلىك سېپىنى ئۇيۇشتۇرۇش؛ ھەربى ئىشلار جەھەتتە، ۋاقتىنچە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا، شەھەرلەر ياكى جايلارنى ساقلاشنى ئاساسىي نىشان قىلماي، دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلە- رىنى يوقىتىشنى ئاساسىي نىشان قىلغان ھەركەتلىك مۇداپىئە ئىستىراتېگىيىسىنى قوللىنىشتىن ئىبارەت.

خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەربى فاكتېنىنى توغرا ئىجرا قىلدى. ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلق قەتئى ھەركەتكە كېلىپ، ھەركەتلىك مۇداپىئە ئۇرۇشى ئارقىلىق جياڭ جيېشىنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى. 8 ئاي

ئىچىدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئازات رايونىدىكى جاڭجياكۇ، چېڭدې، خۇەيىين قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەردىن ئۆزلۈگىدىن ۋازكەچكەن بولسىمۇ، 710 مىڭ دۈشمەننى يوقاتتى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئۆزىنى دۈشمەن قوشۇنلىرىدىن ئولجا ئالغان قورال-ياراقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئەسىر ئېلىنغان دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تولۇقلىدى. شۇنداق قىلىپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى كۈرەش قىلغانسېرى ئۇلغايدى، كۈچلۈك بولۇپ قالدى، گومىنداڭ ئارمىيىسى جەڭ قىلغانسېرى ئازلاپ، زەئىپلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1947-يىل 3-ئايدىن باشلاپ، گومىنداڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇمنى توختىتىپ، ئۇنى نۇقتىلىق ھۇجۇمغا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ھۇجۇمنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئازات رايوننىڭ شەرقىي ۋە غەربىي ئىككى قانىتىغا يەنى شەندۇڭغا ۋە شىمالىي شەنشىگە قاراتتى، باشقا سەپلەردە بولسا مۇداپىئە ھالىتىدە تۇردى. پېڭ دېخۇەي، خې لۇڭ، شى جۇڭشۈن رەھبەرلىك قىلغان غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسى ۋە چېن يى، سۇ يۈ قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان شەرقىي جۇڭگو دالا ئارمىيىسى جانلىق، ئەپچىل ئۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دۈشمەننىڭ نۇقتىلىق ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شەرقىي شىمال ۋە شىمالىي جۇڭگودىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىمۇ قىسمەن قايتۇرما ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

فېئوداللىق-دەللال ھاكىمىيەتنى ئۆزۈل-كېسىل يوقى-

تمش ئۇچۇن كۈرەش قىلىش بىر يىل ئىچىكى سەپتە مۇداپىئە ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 1 مىليون 120 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى 1 مىليون 280 مىڭ كىشىلىك قوشۇندىن زورىيىپ 2 مىليون كىشىلىك قوشۇن بولۇپ قالدى. 1947 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ھۇجۇمغا ئۆتتى ھەمدە ئاساسىي ئۇرۇش مەيدانلىرىنى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا يۆتكىدى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئىستىراتېگىيىلىك مۇداپىئەدىن ئىستىراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى، غايەت زور جانلىق كۈچىنى يوقاتقان گومىنداڭ ئارمىيىسى بولسا ئىستىراتېگىيىلىك ھۇجۇمدىن ئىستىراتېگىيىلىك مۇداپىئەگە ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ــ تارىخىي بۇرۇلۇش نۇقتىسى. ماۋ زېدۇڭ شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا بەرگەن «ھازىرقى ۋەزىيەت ۋە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز» دېگەن دوكلاتتا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بۇ ــ جياڭ جيېشىنىڭ 20 يىللىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي ھۆكۈمرانلىقى راۋاجلىنىشتىن يوقىلىشقا يۈز تۇتقان بۇرۇلۇش نۇقتىسى. بۇ ــ جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيانقى ھۆكۈمرانلىقى راۋاجلىنىشتىن يوقىلىشقا يۈز تۇتقان بۇرۇلۇش نۇقتىسى." دوكلاتتا يەنە پارتىيىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئىستىراتېگىيىسى، يەر ئىسلاھاتى ۋە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ھەركىتىدىكى فاڭجېنى، ئىقتىسادىي

سىياسىتى، خەلق دېموكراتىيىسى بىرلىك سېپى قاتارلىق زور مەسىلىلەر سىستېمىلىق شەرھىلەندى.

خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئازات رايوندا يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك يولغا قويۇلغانلىقىدۇر. ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، كەڭ دېھقانلار يەرگە ئىگە بولۇشنى جىددىي تەلەپ قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دېھقانلارنىڭ تەلىپىنى ئۆز ۋاقتىدا قاندۇرۇش ئۈچۈن، 1946 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يوليورۇق چىقىرىپ، ئىجارە ۋە ئۆسۈمنى كېمەيتىش سىياسىتىنى يومشىشىكلار سىنىپىنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش سىياسىتىگە ئۆزگەرتتى. 1947 ـ يىل 9 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «جۇڭگو يەر قانۇنى پىروگراممىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، فېئوداللىق ۋە يېرىم فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىدىكى يەر تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى، يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولۇشنى، دىگەن يەر تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى رەسمىي بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئازات رايونلاردىكى يەر ئىسلاھاتى ھەركىتى كونا ئازات رايونلار ۋە يېرىم كونا ئازات رايونلاردا ئومۇمىي يۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. «يەر قانۇنى پىروگراممىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە، ئازات رايونلاردىكى تەخمىنەن 100 مىليون دېھقان يەرگە ئىگە بولدى. بۇ ھال كەڭ دېھقانلارنىڭ ئازاتلىق ئۇرۇشقا قاتنىشىش ۋە ياردەم بېرىش-

تنكى ئاكتىپلىغىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغىدى، ئۇرۇش-نىڭ ئارقا سەپلىرىنى ئىنتايىن چىڭ مۇستەھكەملىدى.

**گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايونلاردا ۋەتەنپەر-ۋەرلىك دېموكراتىيە ھەركىتىنىڭ كۆتىرىلىشى** جياڭ جيېشى خەلققە قارشى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايونلار كۈندىن-كۈنگە مۇستەھ-كەملىشتۈرۈلدى، ئىقتىسادىي كرىزىس بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، خەلقنىڭ ئامېرىكا ۋە جياڭ جيېشىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىيە ھەركىتىمۇ بارغانسېرى كۆتىرىلدى.

گومىنداڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ بيۇروكرات كاپىتالى ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ياپون قاراقچىلىرىنى ئۇزاق مۇددەت ۋەھشىيانە تالان-تاراج قىلىش ئارقىلىق توپلىغان جۇڭگو خەلقىنىڭ بايلىغىنى "زورلۇق بىلەن تاپشۇرۇۋېلىپ"، ئۆزىنى تېخىمۇ بورددى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ بيۇروكرات كاپىتالى دەللال كاپىتال خاراكتىرىغا ئىگە بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ مونوپولىيە كاپىتالىنىڭ مەنپەئەتىگە بېقىناتتى، شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىغىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادى كۈندىن-كۈنگە مۇستەملىكىلىشىپ كەتتى. 4 چوڭ ئائىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى قوغداش ئۈچۈن، جياڭ جيېشى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى سېتىش ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. 1946-يىل 11-ئايدا، ئامېرىكا بىلەن جياڭ جيېشى «جۇڭگو-ئامېرىكا سودا شەرتنامىسى»نى تۈزدى. مۇشۇ ۋەتەن ساتقۇچلۇق شەرتنامە

ۋە باشقا بىر قاتار شەرتنامە، كېلىشىملەر ئارقىلىق، جياڭ جيېشى جۇڭگونىڭ نۇرغۇن مۇھىم زېمىنلىرىنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى ھەمدە ھەربىي ئىشلار، ئىچكى ئىشلار، دىپلوماتىيە، ئىقتىسات جەھەتتىكى ئىگىلىك ھوقۇقنى ئامېرىكىغا سېتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ياپونىيە تەسلىم بولغاندىن تارتىپ 1947-يىل 7-ئايغىچە جياڭ جيېشى ئامېرىكىنىڭ جەمئىي 4 مىليارت ئامېرىكا دوللىرىدىن ئارتۇق ياردىمىگە ئېرىشتى. ئامېرىكىنىڭ تاۋارلىرى خۇددى تاشقىن سۇدەك گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلارغا ئېتىلىپ كىردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جياڭ جيېشى ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، خەلقنى دەھشەتلىك تۈردە شۇلىدى ۋە تالان-تاراج قىلدى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىكى ئىقتىسادىي كرىزىس مىسلىسىز ئېغىرلاشتى. جۇڭگونىڭ مىللىي سودا-سانائىتىنىڭ بارلىق ھاياتىي كۈچى بوغۇپ تاشلاندى، يېزا ئىگىلىكى ۋەيران بولدى، مال باھاسى بىردىنلا ئۆرلەپ كەتتى، پۇل پاخاللاشتى، خەلق كۈن كەچۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى مال باھاسىنى ئۆلچەم قىلىپ ھېسابلىغاندا، ياپونىيە تەسلىم بولۇش ھارپىسىدا، مال باھاسى 1 مىڭ 800 ھەسسە ئۆرلىدى، 1947-يىل 4-ئايغا كەلگەندە، 60 مىڭ ھەسسە ئۆرلىدى. جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتى تارقاتقان قەغەز پۇلنىڭ سوممىسى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ھارپىسىدا 1 مىليارت 400 مىليون، ياپونىيە تەسلىم بولۇش

ھارپىسىغا كەلگەندە 500 ملىيارت، 1947 - يىلى 4 - ئايدا 16 تىرىلىيوندىن ئارتۇق بولدى.
ئىقتىسادىي كىرىزىسنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سىياسىي ئالدامچىلىقنىڭ بەربات بولۇشى ھەمدە ھەربىي ھۇجۇمىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئارقىسىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىكى خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىيە ھەركىتى كۈندىن - كۈنگە كۆتىرىلدى. ئىشچىلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر ساھەدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئامېرىكا ۋە جياڭ جيېشىغا قارشى كۈرىشى يەنە بىر ئىنقىلاۋىي سەپنى شەكىللەندۈرۈپ، ئازات رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ قوراللىق كۈرىشى بىلەن ماسلاشتى.
1946 - يىل 9 - ئايدا، شاڭخەي خەلقى "ئامېرىكا ئارمىيىسىنى جۇڭگودىن چېكىندۈرۈش ھەپتىلىگى" ھەركىتىنى قوزغىدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جياڭ جيېشى قورچاق مىللىي كېڭەش يىغىنى ئېچىۋاتقان مەزگىلدە، شاڭخەيدە نەچچە 10 مىڭلىغان يايمىچىلارنىڭ هايات كەچۈرۈشىنى تەلەپ قىلىش كۈرىشىدە قانلىق ۋەقە پەيدا بولدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 500 مىڭ ئوقۇغۇچى نامايىش قىلىپ، ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ بېيجىڭ داشۆنىڭ قىز ئوقۇغۇچىسىغا باسقۇنچىلىق قىلىش زوراۋانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى. 1947 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە، يەنە مەملىكەت بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ "ئاچارچىلىققا، ئىچكى ئۇرۇشقا، زىيانكەشلىككە قارشى" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى پارتلىدى. جياڭ جيېشى

قولغا ئېلىش، قاماش، ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق قىلىش قاتارلىق زوراۋانلىقلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار ۋە كەڭ خەلقنىڭ كۈرىشىنى باستۇرغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ كۈرىشى بىر قېتىمقىسىدىن يەنە بىر قېتىمقىسى ئېخىمۇ قەتئىي، شىددەتلىك بولدى. 1948-يىل 5-ئايدا، يەنە ئامېرىكىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ قايتىدىن باش كۆتىرىشىنى يۆلىشىگە قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركەت پارتلىدى. خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەن جياڭ جيېشى پۈتۈن خەلقنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىكى كەڭ خەلق ئۈمىدىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە باغلاپ، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ تېز كېلىشىنى، بالدۇرراق ئازات بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇردى.

خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئىستىراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق دېموكراتىك بىرلىك سەپمۇ روشەن تۈردە قۇرۇلۇشقا باشلىدى. جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 1947-يىل 10-ئاينىڭ 10-كۈنى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، "جياڭ جيېشىنى يوقىتىپ، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرايلى" دىگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، "ئىشچىلار، دېخانلار، ئەسكەرلەر، زىيالىلار، سودا-سانائەتچىلەردىن ئىبارەت ئېزىلگۈچى سىنىپلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر، ھەر-قايسى جايلاردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە باشقا ۋەتەنپەر-

ۋەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، مىللى بىرلىك سەپ تەشكىل قىلىپ، جياڭ جيېشىنىڭ ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكىراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش"نى تەشەببۇس قىلدى. بۇ خىتاپنامە جياڭ جيېشىنىڭ ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇيۇشۇپ، خەلق دېموكىراتىك بىرلىك سەپنى تۈزۈشكە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرتكە بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئەشەددىلىكتە ئۈچىغا چىققان جياڭ جيېشى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ جۇڭگو دېموكىراتىيە ئىتتىپاقىنى تارقىتىۋەتتى. بەزى بۇرژۇئا زىيالىلىرى دەسلەپتە ئىنقىلاپ بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا يول ئىزدەشنى خام خىيال قىلغان ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە زۇلمى ئاستىدا، بۇنداق ئۈچىنچى يولدا مېڭىش خام خىيالى پۈتۈنلەي بەربات بولدى.

دېموكراتىيە ئىتتىپاقى تارقىتىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، ئوتتۇرىدىكى سىياسى گۇرۇھلار قايتىدىن يىغىلدى. 1948 ـ يىلى ئەتىيازدا، دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ شېن جۈنرۇ قاتارلىق رەھبەرلىرى شياڭگاڭدا دېموكراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىنى قايتىدىن قۇردى. گومىنداڭ ئىچىدىكى بىرنەچچە دېموكراتلار تەشكىلاتلىرىمۇ بىرلىشىپ، لى جىشېن، خې شياڭنىڭ قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا "جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلاۋىي كومىتېتى"نى

قۇردى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلى-
شىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتىگە ۋە ئامېرىكىنىڭ
جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس
قىلدى. دېھقان-ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيىسى، دېموكراتى-
يىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمىيىتى، دېموكراتىك دۆلەت قۇرۇش
جەمىيىتى، 3-سېنتەبىر ئىلمىي جەمىيىتى قاتارلىق دېموكراتىك
پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلارمۇ
بۇ چاغدا ئاكتىپ سىياسىي پوزىتسىيە تۇتتى. شۇنداق قىلىپ،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان، پۈتۈن
مەملىكەتتىكى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلات-
لىرى قاتناشقان خەلق دېموكراتىك بىرلىك سەپىنى قۇرۇشنىڭ
شەرت-شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

1948-يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى "1-ماي"
ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى خاتىرىلەش شوئارلىرىدا، ئەكسىيەتچىلەر
قاتناشمىغان يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنى تېزدىن
چاقىرىش، دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇش دېگەن
چاقىرىقنى چىقاردى. بۇ چاقىرىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ
ھىمايە قىلىشىغا ئېگە بولدى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-
گۇرۇھلار ۋە نۇرغۇن دېموكراتىك زاتلار ئومۇمىي تېلېگراممىا
يوللاپ، ئۇنىڭغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، خەلق سىياسىي
مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنى چاقىرىشنى قۇۋۋەتلىدى.

**ئۈچىنچى ئىچكى ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى** خەلق

ئازاتلىق ئارمىيىسى 1948-يىلى ئەتىياز ۋە يازدا دۈشمەن نۇقتىلىق مۇداپىئەلەنگەن نۇرغۇن شەھەرلەرنى ئارقا-ئارقىدىن ھۇجۇم بىلەن ئالدى. 1948-يىل 9-ئايدىن كېيىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ لياۋشېن جېڭى، خۇەيخەي جېڭى، بېيپىڭ-تيەنجىن-جاڭجياكۇ جېڭىدىن ئىبارەت 3 چوڭ جەڭنى قوزغىدى. مانا بۇ 3 چوڭ جەڭ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي كۈچ جەھەتتىكى ھەل قىلغۇچ جەڭ ئىدى، 9-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان لياۋشېن جېڭىدە، شەرقىي شىمال خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى شەرقىي شىمال تەۋەسىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ھەممە ئاساسىي كۈچى بولغان 470 مىڭ ئادىمىنى يوقىتىپ، شەرقىي شىمالنىڭ ھەممە يېرىنى ئازات قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى سوپەت جەھەتتىلا ئەمەس، سان جەھەتتىمۇ دۈشمەن ئارمىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى، يەنى دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرىي كۈچى ئازىيىپ 2 مىليون 900 مىڭ ئادەمگە چۈشۈپ قالدى، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئادەم سانى بولسا كۆپىيىپ 3 مىليونغا يەتتى. 11-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 1949-يىل 1-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان خۇەيخەي جېڭىدە، دېڭ شياۋپىڭ شۇجى بولغان، ليۇ بوچېڭ، چېن يى، سۇ يۈي، تەن جېنلىنلار قاتناشقان باش ئالدىنقى سەپ كومىتېتى شەرقىي جۇڭگو دالا ئارمىيىسى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك دالا ئارمىيىسىدىن ئىبارەت

2 چوڭ دالا ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىپ، شۈجۇ، سۈشيەن، يۆڭچېڭ رايونلىرىدا شەرقىي جۇڭگو تەۋەسىدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ خىل ئاساسىي كۈچىنىڭ 550 مىڭ ئادىمىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، شەرقىي جۇڭگو، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئازغىنا جايلاردىن باشقا ھەممە يېرىنى ئازات قىلدى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى — نەنجىڭ، شاڭخەي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىدا ئوچۇقلا قالدى. 1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 1949 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان بېيپىڭ - تيەنجىن - جاڭجياكۇ جېڭىدە، شەرقىي شىمال دالا ئارمىيىسى شىمالىي جۇڭگودىكى 2 بىڭتۇەن بىلەن بىللە تيەنجىن ۋە جاڭجياكۇنى ساقلاپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، بېيپىڭنى ساقلاپ تۇرغان قوشۇنلارنى تىنچ يول بىلەن ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ، جەمئىي گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان 520 مىڭ ئادىمىنى يوقىتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ تۈزۈپ، شىمالىي جۇڭگونىڭ ئازغىنا جايلىرىدىن باشقا ھەممە رايونىنى ئازات قىلدى. 3 چوڭ جەڭ ئارقىلىق، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقىتىلدى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋى ھەربىي جەھەتتە ئاساسىي جەھەتتىن غەلىبە قازاندى.

ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغانلىقتىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1949 - يىل 3 - ئايدا 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ

2 ـ ئومۇمى يىغىننى چاقىردى. ماۋ زېدۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، يىغىن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى يېزىلاردىن شەھەرلەرگە يۆتـكەشنى بەلگىلىدى. يىغىن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ شەھەرلەرنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى تەھلىل قىلىپ، سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە پارتىيە ھەر خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىگە قوللىنىدىغان سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاپ مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن جۇڭگونى سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىگە ئۆتكۈزۈشكە باشلاشنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقتى. يىغىندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە خەلق ئازاتـلىق ئارمىيىسىنىڭ باش ئىشتابى بېيجىڭغا كۆچتى.

مەملىكەت بويىچە ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە جىددى. بۇرۇلۇش بولغان، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى گۇم بولۇش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى گۇرۇھى مەغلۇبىيەت ھالىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ پىلانلىشى ئاستىدا، "تېچلىق ھۇجۇمى"نى قوزغىدى. 1949 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جياڭ جيېشى سۈلھە تەلەپ قىلىپ ساختا بايانات چىقىرىپ، "تېچلىق"نى بانا قىلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ۋاقتىغا ئىگە بولۇپ، جاراھەتنى ساقايتىۋېلىپ، يېڭىۋاشتىن باش

كۆتىرىپ چىقىپ، ئىنقىلاپنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى. مۇشۇ سۈلھە تەلەپ قىلىنغان ساختا باياناتنى كۆزدە تۇتۇپ، ماۋ زېدۇڭ 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋەزىيەت توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلىپ، ھەقىقى تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ 8 ماددىلىق شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ لى زۇڭرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى جاڭ جىجۇڭ، شاۋ لىزى قاتارلىقلار «ئىچكى تېچلىق كېلىشىمى»نى تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، نەنجىڭ گومىنداڭ لى زۇڭرېن ھۆكۈمىتى ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ "تېچلىق ھۇجۇمى"دىن ئىبارەت سۈيىقەستى پۈتۈنلەي ئېچىپ تاشلاندى.

1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ مىليونلىغان قەھرىمانلىرى پۈتۈن جۇڭگونى ئازات قىلىش ئۈچۈن، چاڭجياڭ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. 23 ـ كۈنى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزى ـــ نەنجىڭ ئازات قىلىنىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ گۇمران بولغانلىقى رەسمىي جاكالاندى. ئارقىدىنلا، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى، غەربىي شىمالدىكى نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان سەپتە باتۇرلۇق بىلەن ئالغا بېسىپ، قالدۇق دۈشمەنلەرنى تازىلىدى. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەن-

دە، شىزاڭدىن باشقا، مەملىكەت بويىچە قۇرۇقلۇق پۈتۈنلەي ئازات بولدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇرۇشى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئاساسىي جەھەتتىن غەلىبە قازاندى.

1946 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1950 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جەمئىي 8 مىليون 70 مىڭدىن كۆپ ئادىمىنى يوقاتتى، 54 مىڭ 400 دىن كۆپ ھەر خىل توپ ـ زەمبىرەكلىرىنى، 319 مىڭ 900 دىن كۆپ تۈرلۈك پىلىموتلىرىنى، 1 مىڭدىن ئارتۇق تانكا ۋە تۆمۈر قاپلىمىلىق ماشىنىسىنى، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئاپتوموبىلىنى ۋە باشقا كۆپلىگەن قورال ـ ياراق، ئوق ـ دورا قاتارلىق ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى ئولجا ئالدى.

**جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى** گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى قۇرۇشى لازىم. ماۋ زېدۇڭ يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت خاراكتېرى ۋە تۈرلۈك ئاساسىي سىياسەتلىرىنى شەرھلەپ بېرىش ئۈچۈن، 1949 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خاراكتېرى "ئىشچىلار سىنىپى (كوممۇنىستىك پارتىيە ئارقىلىق) رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق

دېموكىراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت"؛ ئۇنىڭ خەلقارا سىياسىتى "خەلقارا ئىنقىلاۋىي كۈچلەر بىلەن بىر ئىتتىپاق بولۇشى كېرەك" دىگەندىن ئىبارەت. بۇ ئىلمىي ماقالىدا، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن يېڭى جۇڭگو قۇرۇشنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقتى.

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك ئومۇمى يىغىنى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ يىغىن ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلغان، ئىشچى - دېخانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان، ئىشچىلار سىنىپى، دېخانلار سىنىپى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە، مىللى بۇرژۇئازىيە ۋە باشقا ۋەتەنپەرۋەر دېموكىراتلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەم چەتئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق دېموكىراتىيىسى بىرلىك سەپى يىغىنى بولدى. خەلق سىياسى كېڭەشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە ۋەكىللىك قىلىشتەك خاراكتىرغا ئىگە، شۇڭلاشقا، سىياسى كېڭەش ئومۇمى سايلام ئارقىلىق مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى. يىغىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىگە ئاساسەن، «جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئورتاق پىروگىراممىسى»نى ماقۇللىدى، پىروگىراممىدا يېڭى جۇڭگونىڭ دۆلەت خاراكتىرى

ۋە ۋەزىپىسى، خەلقنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرى، يېڭى جۇڭ-گونىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى، ھەربى ئىشلار تۈزۈمى، ئىقتىسادىي سىياستى، مەدەنىيەت-مائارىپ سىياستى، مىللى سىياستى ۋە دىپلوماتىيە سىياستىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بەلگىلەندى. پروگراممىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى رەھبەرلىك ئورنى ۋە سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك ئورنى ئېنىق بەلگىلەندى. بۇنداق رەھبەرلىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوتسىيالىزىمغا ئۆتۈشىنىڭ ئاساسلىق كاپالىتىدۇر. ئورتاق پروگراما جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋاقىتلىق ئاساسىي نىزامنامىسى بولۇپ قالدى. يىغىن يەنە «جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نى ماقۇللىدى، ماۋ زېدۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنىڭ رەئىسلىكىگە، جۇ دې، ليۇ شاۋچى، سۇڭ چىڭلىڭ، لى جىشېن، جاڭ لەن، گاۋ گاڭلار مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلىدى، جۇ ئېنلەي قاتارلىق 56 كىشىنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئىتى قىلىپ سايلىدى. دۆلەت بايرىقى، دۆلەت شېئىرىنى بەلگىلىدى ۋە بېيجىڭنى پايتەخت قىلىپ بېكىتتى.

## 5. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىنغان بەش يىل

(1949 - يىل 1 - ئايدىن 1954 - يىل 10 - ئايغىچە)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش كاتتا مۇراسىمى 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ماۋ زېدۇڭ بېيجىڭدىكى تيەنئەنمېندە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە ۋە پۈتۈن دۇنياغا بايانات چىقىرىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكالىدى. جۇڭگو تارىخى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. 1919 - يىلىدىكى "4 - ماي" ھەركىتىدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزىمغا قارشى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاۋى توپ - توغرا 30 يىللىق ۋاقىتنى باشتىن كەچۈردى. ئۆتكەن 30 يىل ئىچىدە سان - ساناقسىز ئىنقىلابچىلار قۇربان بولدى، نۇرغۇن مۇشكۈلاتلار ۋە ئەگرى - توقايلىقلاردىن ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىنقىلاب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئاخىر غەلىبە قازاندى. بۇ غەلىبە ماركسىزم - لېنىنىزىم-

نىڭ 600 مىليون ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەتتىكى غەلىبىسى، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنىڭ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتتىكى يېڭى غەلىبىسى، دۇنياۋى تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىدۇر.

1940 ـ يىلىلا، ماۋ زېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە»دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "جۇڭگونىڭ ھازىرقى جەمىيىتىنىڭ خاراكتىرى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق خاراكتىر ئىكەن، ئۇ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئىككى قەدەمگە بۆلۈنۈشى لازىملىقىنى بەلگىلەيدۇ. بىرىنچى قەدەمدە بۇ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمىيەت فورماتسىيىسى ئۆزگەرتىلىپ، مۇستەقىل دېموكراتىك جەمىيەتكە ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە ئىنقىلاپ ئالغا راۋاجلاندۇرۇلۇپ، سوتسىيالىستىك جەمىيەت قۇرۇلىدۇ." جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى قەدەمنى بېسىپ بولغانلىقىنى، ئىككىنچى قەدەمنى بېسىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى يېڭى دەۋر — خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا سوتسىيالىزىمغا ئۆتۈۋاتقان ئۇلۇغ دەۋر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان پارتىيە، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى.

جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا پۈتۈن دۇنيا خەلقى تەنتەنە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى ئېلان قىلدى، كەينىدىنلا، بۇلغارىيە، رۇمىنىيە، ۋېنگرىيە، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى، چېخوسلوۋاكىيە، پولشا، موڭغۇلىيە، گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى، ئالبانىيە، بىرما، ھىندىستان، پاكىستان، نورۋېگىيە، دانىيە، ئافغانىستان، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە، ۋيېتنام، شۋېتسارىيە، ھىندونېزىيە، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقا - ئارقىدىن جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئەنگلىيە، سەيلون، ئىسرائىلىيە، گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى. جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تېچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن تېچ بىللە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1950 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، رەئىس ماۋ زېدوڭ بىلەن گېنېراللىسسىمۇس ستالىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، جوڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى موسكۋادا «جوڭگو - سوۋېت دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىق شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى، جوڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى جوڭگو چاڭچۇن تۆمۈريولى، لۈيشۈن ۋە دالىيەن توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىگە پۇل قەرز بېرىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ئىمزالىدى.

**دۆلەتنىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ياخشىلە۔ نىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش** مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مالىيە۔ ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچكەلدى. ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان ئۇرۇشنىڭ تەسىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى قالدۇرۇپ كەتكەن پۇل مۇئامىلە قالايمىقانچىلىقى، پۇل پاخاللىقى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنىڭ توختاپ قېلىشى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋەيران بولۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار مالىيە ـ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنىڭ ئىنتايىن ئېغىر بولۇشىغا سەۋەپ بولدى. خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى زور كۈچ بىلەن تەكشۈرلاشتۇ۔ رۇپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم ئىدى. 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «دۆلەتنىڭ مالىيە ـ ئىقتىسات خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارار»نى ئېلان قىلدى. بۇ قاراردا مەملىكەت بويىچە مالىيە كىرىم ـ چىقىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ مەملىكەت بويىچە ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ مەملى۔ كەت بويىچە پۇلنى باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بەلگىلەن۔ دى. بۇ قارارنىڭ ئىجرا قىلىنىشى نەتىجىسىدە، ئېلىمىزدە پۇل پاخاللىقى ناھايىتى تېز توسالدى، مال باھاسى مۇقىملاش۔

تۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈ-
مىتى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ قاتناشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش،
سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش،
سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، سودا ـ سانائەتنى تەڭشەش، خەلقنىڭ
يۈكلىرىنى يېنىكلىتىش قاتارلىق ئىشلارنى ئېلىپ باردى، شۇنىڭ
بىلەن مالىيە ـ ئىقتىسات ئەھۋالى مۇقىملىشىشقا قاراپ ماڭدى
ۋە ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1950 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيـ-
جىڭدا 7 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى
چاقىردى. بۇ قېتىملىق يىغىندا ماۋ زېدۇڭنىڭ «دۆلەتنىڭ مالىـ-
يە ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلـ-
تۈرۈش ئۈچۈن كۈرىشەيلى» دېگەن دوكلادى ماقۇللاندى.
ليۇشاۋچى، جۇ ئېنلەي، چېن يۈن، نيې رۇڭجېن قاتارلىقلار
بەرگەن يەر ئىسلاھاتى، دىپلوماتىيە، بىرلىك سەپ، مالىيە ـ
ئىقتىسات، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك
دوكلاتلار مۇزاكىرە قىلىندى. ماۋ زېدۇڭ دوكلادىدا مۇنداق
دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى
تۈپتىن ياخشىلاش ئۈچۈن 3 شەرت كېرەك، يەنى (1) يەر
ئىسلاھاتى ئورۇنلانغان بولۇش؛ (2) ھازىر بار سودا ـ سانائەت
مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىنغان بولۇش؛ (3) دۆلەت ئاپاراتلىرىغا
كېتىدىغان خىراجەت زور مىقداردا تېجەلگەن بولۇش. ئۇ مۇنداق
دەپ كۆرسەتتى: بۇنداق ياخشىلىنىش ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى

پىلانلىق ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. ئۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى مۇشۇ ئۈچ شەرتنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەممە تەرەپكە تەڭ ھۇجۇم قىلماسلىق، دۈشمەننى ئاۋۇتىۋالماسلىق، پۈتۈن مەملىكەتنى جىددىيلەشتۈرمەسلىك كېرەك، دەپ كۆرسەتتى.

**يەر ئىسلاھاتى** جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-يىغىنى مۇزاكىرە ۋە قارار قىلغاندىن كېيىن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى 1950-يىل 6-ئاينىڭ 30-كۈنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر ئىسلاھاتى قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: "پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ئاساسىدىكى يەر مۈلۈكچىلىكى بىكار قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكى يولغا قويۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئازات قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېڭى جۇڭگونى سانائەتلەشتۈرۈش ئۈچۈن يول ھازىرلىنىدۇ." بىرنەچچە ئاي تەييارلىق كۆرۈش ئارقىسىدا، 1950-يىلى قىشتىن تارتىپ، كەڭ كۆلەملىك يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا باشلاندى. بۇ خىزمەت 1953-يىلى (بىرنەچچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا) پۈتۈنلەي ئورۇنلاندى. ئۇ مەملىكەت بويىچە 300 مىليون يېرى يوق، يېرى ئاز بولغان دېھقاننى تەخمىنەن 700 مىليون مو يەرگە ۋە

باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە قىلدى. فېئودالىزىملىق يەر مۇلۇكچىلىكى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىلدى، دېھقانلار ئۆتكەندە ھەر يىلى يەر ئىجارىسى ھېساۋىدا پومېششىكلارغا 70 مىلليارت جىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇش ۋەزىپىسى مەڭگۈ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا، بولۇپمۇ يەر ئىسلاھاتى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يېزىلاردا قايىنام-تاشقىنلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەركىتى قانات يايدى، كەڭ كۆلەملىك ھەمكارلىشىش-كوپېراتسىيىلىشىش ھەركىتى راۋاجلاندى، شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاشتى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سىياسى جەھەتتە دېھقانلار ئاممىسى ئويغۇنۇپ، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئەڭ زىچ ئىتتىپاق تۈزدى.

**ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش** دەل جۇڭگو خەلقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشنى پائال تۈردە ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقان ھەم راۋاجلاندۇرۇۋاتقان چاغدا، 1950-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنى ئامېرىكا باشچىلىغىدىكى تاجاۋۇزچىلىق گۇرۇھى چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوزغىدى، ئامېرىكا شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگونىڭ زېمىنى تەيۋەننى بېسىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ دېڭىز پورتىنى قامال قىلدى، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ھاۋا تەۋەلىكىگە ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، چارلامچىلىق قىلدى ۋە

ئېلىمىزنىڭ يېزا-بازار ۋە شەھەرلىرىنى بومباردىمان قىلدى ھەم ئوققا تۇتتى. شۇ يىلى 10-ئايدا، ئامېرىكا تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىنىڭ چېگرىسىغىچە يېقىنلىشىپ كېلىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قاتتىق تەھدىت سالدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا، جۇڭگو خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئائىلە-ۋەتەننى قوغداش ھەركىتىنى داغدۇغىلىق ئېلىپ باردى. ھەرقايسى تەبىقىلەردىكى قىز-يىگىتلەر ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن جۇڭگو خەلق پىدائىلار قىسمىغا قاتنىشىشقا بەس-بەس بىلەن يېزىلدى. پىدائىلار قىسمىنىڭ سىلىڭيۈەنى پېڭ دېخۇەي پىدائىلار قىسمىنى باشلاپ چاۋشيەن ئالدىنقى سېپىگە ئاتلىنىپ ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بەردى. پىدائىلار قىسمى چاۋشيەندە چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، 3 يىل 32 كۈن جاپالىق ۋە دەھشەتلىك ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 390 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۈشمەن قوشۇنىنىڭ 1 مىليون 90 مىڭ ئادىمىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، يارىدار قىلدى ۋە ئەسىر ئالدى، ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىگە 1953-يىل 7-ئاينىڭ 27-كۈنى ئىمزا

قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ غەلىبە جۇڭگو-چاۋشيەندىن ئىبا-رەت ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىغان-لىغى، دۇنيا بويىچە تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرنىڭ چوڭقۇر ھىسداش-لىق قىلغانلىغى ۋە ياردەم بەرگەنلىگى ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق پىدائىلار قىسمى بىلەن چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسىنىڭ قەھرىمان-لارچە كۈرەش قىلغانلىغى ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلە-گەنلىگى ئارقىسىدا قولغا كەلدى. ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قوغدىدى، جۇڭگونىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى؛ ئامېرىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سياسىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەر-نى ئىلھاملاندۇردى، يىراق شەرق ۋە دۇنيا تىنچلىغىنى قوغدىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىگىمۇ زۆرۈر خەلقارا شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇش جەريانىدا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەركىتىگە ئومۇمى يۈزلۈك قاتنىشىپ، چوڭقۇر ۋەتەن-پەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزىملىق تەربىيە ئېلىپ، ئۆز سياسى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىغىنى ئىنتايىن چىڭ كۈچەيتتى. بۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىق كۈچى جۇڭگونىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائى ئىسلاھات ۋە ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى زور

دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىگىگە قارشى تۇرۇش-چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى جەريانىدا تۇرلۇك ئىجتىمائى ئىسلاھات ۋە ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرىنى غەلىبە بىلەن ئورۇنلىدى ھەمدە پىلانلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. 1951-يىل 5-ئايدا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرى كېلىشىم تۈزۈپ، شىزاڭنى تېچ يول بىلەن ئازات قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇغىنىڭ بىرلىگى ئەمەلگە ئاشتى.

**تۈرلۈك ئىجتىمائى-دېموكراتىك ئىسلاھات ھەركەتلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى** 1950-يىلدىن 1952-يىلغىچە، جۇڭگو يەنە بىر قاتار ئىجتىمائى-دېموكراتىك ئىسلاھات ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى. يەر ئىسلاھاتى ھەركىتىدىن باشقا، ئالدى بىلەن ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى باستۇرۇش ھەركىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1951-يىل 2-ئايدا، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى جازالاش نىزامىنى ئېلان قىلدى. 3-ئايدىن باشلاپ، ھەرقايسى جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمىتى ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى باستۇرۇش خىزمىتىنى داغدۇغىلىق ئېلىپ باردى. ھەر تەبىقە خەلقى خەلق ھۆكۈمىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىپ بۇ ھەركەتنى ئېلىپ باردى. بۇ ھەركەت ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى.

1951-يىلى، 1952-يىلىدا، يەنە زىيالىلارنىڭ ئىدىيىسىنى

ئۆزگەرتىش ھەركىتى ئېلىپ بېرىلىدى. مەملىكەت بويىچە زىيا-لىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۇگىنىش ئارقىلىق، تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيلەپ ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئۆزگەرتىپ، جاھانگىرلىك، فېئودالىزىم ۋە بيۇروكىرات كاپىتالىزىمنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى كۆپلەپ سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىشچىلار سىنىپى ئىدىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملىدى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ماركسىزىم-لېنىنىزىم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۇگىنىش دولقۇنىنى قوزغىدى.

1951-يىلى قىش ۋە 1952-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا، يەنە دۆلەت ئورگانلىرىدا خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا ۋە بيۇروكىراتلىققا قارشى تۇرۇش، جەمىيەتتە كاپىتالىستلارنىڭ دۆلەت مۈلكىنى ئوغرىلاش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەركىتى ئېلىپ بېرىلىدى. ئالدىن-قىسى خىيانەتچى، ئىسراپچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، خىيانەت-چىلىك، ئىسراپچىلىق ھادىسىلىرىنى زور دەرىجىدە ئازايتتى؛ كېيىنكىسى بولسا قانۇنسىز بۇرژۇئازلارنىڭ دۆلەت ئورگىنىغا، دۆلەت ئىگىلىكىگە ۋە ئىشچىلار سىنىپىغا قىلغان غالجى-رانە ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ خۇسۇسى سودا-سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، شەھەر ئاھالىسى ئارىسىدىمۇ دېموكراتىك

ئىسلاھات ھەركىتى ئېلىپ بېرىلدى، قالدۇق فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەر تازىلاندى. 1952 ـ يىلى ئەتىيازدا، يەنە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا نىكا قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تەشۋىقات ھەركىتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى خېلى ئوبدان ياخشىلاندى.

**ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ غەلىبىلىك ئورۇنلىنىشى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۈرىشى داۋامىدا، ماۋ زېدۇڭ كۆرسەتكەن بەرگەن فاڭجېن بويىچە، دۆلەتنىڭ مالىيە ـ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1952 ـ يىلى خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى غەلىبىلىك ئورۇندىدى. زاۋۇت ـ فابرىكا ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ـ ئىقتىسات قىلىش، ئەمگەك مۇسابىقىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش ھەركىتى ئېلىپ بېرىلغانلىقى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە نۇرغۇن ئىسلاھات خىزمەتلىرى ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئاساسىي سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى 1952 ـ يىلدا جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى ياكى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى؛ قاتناش ـ ترانسپورت ۋە سودا مۇناسىپ ھالدا راۋاجلاندى؛ دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىمى ئىزچىل

تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىدى، بازارلاردا مال باھاسى مۇقىم بولدى؛ خەلقنىڭ سىتىۋېلىش كۈچى ئۆسۈپ، تۇرمۇشى ياخشىلاندى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگودا پىلانلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى باشلاش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

**ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەننىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە 1 - بەشيىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ باشلىنىشى** 1953 - يىلى جۇڭگو پىلانلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دەۋرىگە كىردى ۋە 1 - بەشيىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-سى پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنىنى بەلگىلى-دى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇنداق: "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-رىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلىنىپ بولغىچە بولغان ۋاقىت ئۆتكۈنچى دەۋر بولىدۇ. پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى ۋە باش ۋەزىپىسى خېلى ئۇزاق مۇددەت ئىچىدە، مەملىكەتنى سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنى پەيدىن-پەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ھەم كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى پەيدىن-پەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ باش لۇشيەن — تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ماياك، تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىز ئۇنىڭدىن چەتلەيدىغان بولسا، ئوڭچىللىق ياكى 'سول'چىللىق خاتالىقى سادىر بولىدۇ." بۇ باش لۇشيەن

ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىغە ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەن توغرىسىدا غايەت زور كۆلەملىك تەشۋىقات ۋە تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنىنى مەملىكەت بويىچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ھىمايە قىلدى، سوتسىيالىستىك يېڭى ئىدىيە مەملىكەت ئىچىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى، كاپىتالىستىك كونا ئىدىيىلەر چوڭقۇر تەنقىت قىلىندى.

جۇڭگو سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ 1-بەشيىللىق پىلانىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى مۇنۇلار: سوۋېت ئىتتىپاقى ئېلىمىزگە لايىھىلىشىپ بەرگەن 156 قۇرۇلۇش تۈرىنى مەركەز قىلغان، بەلگىلەنگەن ساندىن سىرت 694 قۇرۇلۇش تۈرىدىن تەركىب تاپقان سانائەت قۇرۇلۇشىنى ئاساسىي كۈچنى توپلاپ ئېلىپ بېرىپ، ئېلىمىزنى سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى قۇرۇش؛ قىسمەن كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى قۇرۇش؛ ئاساسىي جەھەتتىن كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۈرلۈك شەكىلدىكى دۆلەت كاپىتالىزمىنىڭ يولىغا سېلىپ، خۇسۇسىي سودا-سانائەتنى سوتسى-

يالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش.

1953 ـ يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش لۇشيەنىنىڭ ئىلهامى ئاستىدا، جۇڭگو 1 ـ بەشيىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ 1 ـ يىللىق ۋەزىپىسىنى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇن-لىدى. سانائەت جەھەتتە، 1953 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە سانا-ئەتنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 1952 ـ يىلدىكىدىن 33 پىرسەنت ئاشتى، زامانىۋى سانائەتنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 31 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى، دۆلەت ئىگىلىكى، كوپىراتىپ ئىگىلىكىدىكى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى مەملىكەت بويىچە سانائەتنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 62 پىرسەنتىنى تەش-كىل قىلدى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، 1953 ـ يىلى بەزى جايلاردا ئېغىر ئاپەت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىقنىڭ ئومۇمى مەھ-سۇلات مىقدارى يەنىلا مول ھوسۇل ئېلىنغان 1952 ـ يىلدىكى سەۋىيىدىن يۇقۇرىراق بولدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرىغا ئۇيۇشتۇرۇلغان دېھقان ئائىلىلىرى 1953 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمى سانىنىڭ 43 پىرسەنتىگە يەتتى. 1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرى كۆپىيىپ 14 مىڭ 900 دىن ئاشتى. قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىۋى 4 مىڭ 800 دىن

ئاشتى، كوپىراتىپقا كىرگەن قول سانائەتچى 300 مىڭغا يەتتى.
بۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت كاپىتالىزىمى يولى ئارقىلىق، خۇسۇسى كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە پىلانلىق، سىستېمىلىق هالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خىزمەتلەردە 1953 - يىلدىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى، كاپىتالىستىك سانائەتنىڭ ئاساسىي قىسمى هۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شېرىكچىلىكىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان دۆلەت كاپىتالىزىمى كارخانىلىرىغا پەي-دىن - پەي ئايلاندۇرۇلدى. بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنىڭ ئالغا قاراپ چوڭ قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خەلقنىڭ ئىستېمال كۈچىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتكەچكە، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق شەكىللەندى. 1953 - يىلى قىش پەسلىدىن تارتىپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، بازاردىكى مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە دۆلەت-نىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا كاپالەت بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت ئىلگىر - كېيىن بولۇپ ئاشلىق، مايلىق دان، پاختا رەختلەرنى پىلانلىق سېتىۋېلىش ۋە پىلانلىق تەمىنلەشنى ۋە پاختىلارنى پىلانلىق سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى.

سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى

ئارقىسىدا، ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ماددى ۋە مەدىنى تۇرمۇشى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىستېمال كۈچى 1953 ـ يىلى 1952 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 20 پىرسەنتچە ئۆستى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، مەركەزدىكى 5 سانائەت تارمىقىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1953 ـ يىلى پۇل بويىچە ھېساپلانغان ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1950 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا 84 پىرسەنت كۆپەيگەن. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك شارائىتى ۋە پاراۋانلىق ئىنشائاتىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلاندى.

جۇڭگونىڭ مەدىنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىمۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پۈختا قەدەملەر بىلەن ئالغا باستى. 1953 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا مەملىكەت بويىچە ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 216 مىڭدىن ئاشتى. ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 669 مىڭغا يەتتى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 2 مىليون 930 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 51 مىليون 500 مىڭدىن ئاشتى؛ باللار باغچىلىرىدىكى باللارنىڭ سانى 425 مىڭغا يەتتى. ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ باللىرى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ باردى، ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا پائال راۋاجلاندۇرۇلدى، ئىشچى ـ

خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇ-
چىلارنىڭ سانى تەخمىنەن 3 مىليونغا يەتتى، دېھقانلار ئىشتىن
سىرتقى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 27
مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساۋاتسىز-
لىقنى تۈگىتىش خىزمىتىمۇ داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى. خەلق
ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى ئاشقاچقا، كىتاب
ۋە گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش سانى ناھايىتى زور دەرى-
جىدە كۆپەيدى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىلار شىرىكچىلىكىدىكى
تىياتىر ئۆمەكلىرى، يېزىلاردىكى ئىشتىن سىرتقى تىياتىر
ئۆمەكلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى.

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى، پارتىيە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىقنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولىنىڭ كۈچەيتى-**
لىشى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى پارتىيە ئىچىدىكى تەربىيە، كادىرلارنىڭ
ئۆگىنىشى، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش-پارتىيە قۇرۇلۇشى
خىزمىتى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈردى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 1950-يىلىنىڭ
ئاخىرىدا 5 مىليون 800 مىڭغا يەتتى. 1951-يىلى پارتىيىنى
تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى باشلاندى. 1954-يىل 2-ئايدا
پارتىيە 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنى
ئېچىلغان چاغقا كەلگەندە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 6 مىليون

500 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەركىۋى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاندى، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋار-لىقىمۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنى 1954-يىل 2-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. ليۇ شاۋچى مەركىزىي كومىتېت سىياسى بيۇروسىنىڭ ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن ئومۇمىي يىغىنغا دوكلات بەردى، ئومۇمىي يىغىندا «پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار» ماقۇللاندى، 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى مەركىزىي كومىتېت سىياسى بيۇ-روسىنىڭ خىزمىتى ۋە 1954-يىل ئىچىدە پارتىيىنىڭ مەملىكەت-لىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى قارارنى تەستىق-لىدى (كېيىن پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 1955-يىل 3-ئايدا ئېچىلدى).

4-ئومۇمىي يىغىن قانداق قىلىپ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەندىن ئىبارەت بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. 4-ئومۇمىي يىغىن بىردەك مۇنداق دەپ ھېساپلىدى: پارتىيىنىڭ مۇستەھ-كەم ئىتتىپاقلىقى پارتىيىنىڭ بۇرۇن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن-لىكىنىڭ توپ سەۋەبى، بۇنىڭدىن كېيىن ئىنتايىن مۇرەككەپ، كەسكىن كۈرەش داۋامىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش، دۆلەت-نىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشىنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگىلا تايىنىش كېرەك، پارتىيىنىڭ ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم ئاساسىدىكى مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىقىغىلا تايىنىش كېرەك.

**ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تېچلىق ـ ھەمكارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى تېچلىق سېپىدىكى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. ئاسىيا ۋە تېنچ ئوكيان رايونى تېچلىق يىغىنى 1952 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىن ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تېچلىق ئىشلىرىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى.

1954 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە باشقا ئالاقىدار دۆلەتلەر جەنۋەدە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى كېڭەشمىسىنى ئۆتكۈزدى. كېڭەشمىنىڭ ۋەزىپىسى چاۋشيەن مەسىلىسىنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ۋە ھىندىچىنىنىڭ تېچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

چاۋشيەن مەسىلىسىنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدا، ئامېرىكا ۋەكىلى ۋە جەنۇبىي چاۋشيەن لى چېڭۋەن گورۇھىنىڭ ۋەكىلى جەنۋە كېڭەشمىسىدە يولسىزلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىش سىياسىتىنى قوللانغاچقا، بۇ مەسىلىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىدى. ھىندىچىنىنىڭ تېچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە، جۇ ئېنلەي باشچىلىقىدىكى جۇڭگو

ۋەكىللەر ئۆمىكى، مولوتوۋ باشچىلىغىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ۋېيتنام دېموكراتىك جەمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى، فرانسىيە ۋە ئەنگلىيە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى بۇ قېتىمقى كېڭەشمىدە كېڭىشىش سەممىيىتىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىر ئامېرىكا ھۆكۈمە-تىنىڭ توسقۇنلۇغى تۈگىتىلىپ، 7-ئاينىڭ 21-كۈنى ھىندىچە-نىنىڭ تېچلىغىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېلىشىمى تۈزۈلدى. بۇ كېلىشىم ھىندىچىنىدا ئۇدا 8 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، خەلقارا جىددى ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

1954-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە، جۇ ئېن-لەي زۇڭلى ھىندىستان زۇڭلىسى نېھرونىڭ ۋە بىرما زۇڭلىسى ئۇنۇنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ھىندىستان بىلەن بىرمىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو-ھىندىستان زۇڭلىلىرى ۋە جۇڭگو-بىرما زۇڭلىلىرى ئايرىم-ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئېلان قىلغان بىرلەشمە بايانات-لاردا: بىر بىرىنىڭ تېررىتورىيە ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، بىر بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىق، بىر بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەرلىك-ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈ-زۈش ۋە تېچ بىللە تۇرۇشتىن ئىبارەت 5 پىرىنسىپ جۇڭگو-ھىندىستان، جۇڭگو-بىرما مەملىكەتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە يېتەك-چىلىك قىلىدىغان ئاساسىي پىرىنسىپ بولۇپ قېلىشى كېرەك دەپ

بىردەك ئېتىراپ قىلدى ھەمدە تېچ بىللە تۇرۇشنىڭ 5 پرىنـ-
سىپى ئاسىيادىكى باشقا ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ۋە
ئومۇمى خەلقارا مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئوخشاشلا قوللىنىلىشى
كېرەك، دەپ ھېساپلىدى. جۇڭگو-ھىندىستان زۇڭلىلىرى ۋە
جۇڭگو-بىرما زۇڭلىلىرىنىڭ سۆھبەتلىرى جۇڭگو بىلەن ھىنـ-
دىستان ۋە جۇڭگو بىلەن بىرما ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن مەۋجۇت
بولۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن
ھالدا راۋاجلاندۇردى شۇنىڭدەك ئاسىيا ۋە دۇنيا ئەللىرىنىڭ
تېچلىق-ھەمكارلىق ئىشلىرىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە سوتسىيا-
لىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتىنى راۋاج-
لاندۇردى. 1953-يىل 11-ئايدا، جۇڭگو بىلەن چاۋشيەن
ئىقتىسات ۋە مەدىنىيەت ھەمكارلىقى كېلىشىمىنى ئىمزالىدى.
1954-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى، جۇڭگو زۇڭلىسى بىلەن
گېرمانىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى زۇڭلىسى سۆھبەت ئاخبا-
راتىنى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو-گېرمانىيە خەلقلىرىنىڭ تېچلىق
ئىشلىرىدا ئۆزئارا غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقى ۋە بىر بىرىنى
قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1954-يىلغىچە، جۇڭگو ھەرقايىسى خەلق
دېموكراتىك دۆلەتلىرى بىلەن ئىقتىسات ۋە مەدىنىيەت توغرى-
سىدىكى بىر قاتار كېلىشىملەرنى ئىمزالىدى. بۇنىڭدىن باشقا،
جۇڭگو يەنە ھىندونېزىيە، پاكىستان، فىنلاندىيە، سەيلون،

ياپونىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ھۆكۈمىتى ياكى خەلق تەشكىلاتلىرى بىلەن سودا كېلىشىمى ياكى توختىمى تۈزدى ياكى ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتتى.

**جۇڭگو خەلقى ۋەتەننى چوقۇم بىرلىككە كەلتۈرىدۇ** تەيۋەن جۇڭگونىڭ مۇقەددەس زېمىنى. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتى 1954 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قارار ماقۇللاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى ھەر تەرەپتىن خىزمەتنى كۈچەيتىپ، تەيۋەننى ئازات قىلىش، جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇقەددەس ئازاتلىق ئىشلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش يۈزىسىدىن تەيۋەننى ئازات قىلىش توغرىسىدا 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بىرلەشمە خىتاپنامە ئېلان قىلدى. بۇلار جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى.

**مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىن تەركىب تاپقان خەلق دېموكراتىك بىرلىك سەپ تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىمۇ ياخشى-

لاندى ۋە تەرەققى قىلدى، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئەمەلگە ئېشىپ، مىللىي دېموكراتىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. تېچ يول بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىدىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللەتلەر ئىناق ئۆتىدىغان چوڭ ئائىلە بولۇپ قالدى.

1953-يىل 3-ئايدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى سايلام قانۇنىنى ئېلان قىلدى، 5-ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاساسىي قاتلاملارنىڭ سايلام خىزمىتى قانات يايدى، ئاۋاز بېرىشكە قاتناشقان سايلىغۇچىلار تىزىملانغان سايلىغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 85.88 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. بۇ قېتىمقى ئومۇمىي سايلام ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە ئىجاتچانلىقى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى.

ئاساسىي قاتلام سايلام خىزمىتى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئېچىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى سايلاپ چىقىلدى ھەمدە بۇ ئاساستا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى سايلاپ چىقىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە ھەرقايسى مىللەتلەر، دېموك-

راتىك سىنىپلار، دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشـ
كىلاتلىرىنىڭ ئادەملىرى بار، بۇ دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك
ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئەڭ كەڭ ۋەكىللىك ۋە خەلق دېموكـ
راتىك بىرلىك سېپىنىڭ خاراكتېرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنـ
دۈرۈپ بەردى.

1954 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 1 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 مىڭ 226 ۋەكىلى پايتەخت بېيجىڭدا 1 ـ يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا ليۇ شاۋچىنىڭ ئاساسىي قانۇننىڭ لايىھىسى توغرىسىدىكى دوكلادى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ماقۇللاندى. بۇ ــ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. ئاساسىي قانۇن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش پرىنسىپىنى تەنتەنىلىك جاكالىدى. ئاساسىي قانۇندا يەنە مەركەزدىكى ۋە جايلاردىكى خەلق دېموكراتىك سىياسى تۈزۈمى، خەلقنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرى ۋە بۇرچلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش بەلگىلەندى.

يىغىندا بىرنەچچە مۇھىم قانۇن ــ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، گوۋۇيۈەن، خەلق سوت مەھكىمىسى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى قاتارلىق تەشكىلىي قانۇنلار تۈزۈپ چىقىلدى، بۇ قانۇنلار ھەر-

قايسى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ تەشكىللىي پىرىنسىپى ۋە پائالىيەت پىرىنسىپىنى بەلگىلەپ، دۆلەتنىڭ توپ سىياسى تۈزۈمى ــ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى. ئاساسىي قانۇن ۋە بۇ قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشى جۇڭگو خەلقىنىڭ سىياسى ھاياتى ۋە دۆلەت تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دېموكراتىيىلەشتۈرگۈسى.

يىغىن جۇ ئېنلەي زۇڭلى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالەتەن يىغىندا بەرگەن ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلادىنى تەستىقلىدى؛ ماۋ زېدۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇ دې، چېن يۈن قاتارلىقلارنى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر، دېموكراتىك سىنىپلار، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرىنى دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەشكە سايلىدى ۋە بەلگىلىدى.

## 6. جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى

جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت سېپىدە، "4-ماي" ھەرىكىتىدىن بۇرۇنقى دەۋر بىلەن "4-ماي" ھەرىكىتىدىن كېيىنكى دەۋردىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئىككى دەۋر ۋۇجۇتقا كەلدى. "4-ماي" ھەرىكىتىدىن بۇرۇن، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت سېپىدىكى كۈرەش بۇرژۇئازىيە يېڭى مەدەنىيىتى (يېڭى ئىلىم)نىڭ فېئودال پومىش-

شكىلار سنىپىنىڭ كونا مەدەنىيىتى (كونا ئىلىم)گە قارشى كۈرەشتىن ئىبارەت بولدى. "4-ماي" ھەرىكىتىدىن كېيىن جۇڭگودا تامامەن يېڭى-يېڭى مەدەنىيەت ئىدىيىسى مەيدانغا كەلدى، ئۇ بولسىمۇ كوممۇنىستىك مەدەنىيەت ئىدىيىسى يەنى كوممۇنىستىك دۇنياقاراش ۋە ئىجتىمائى ئىنقىلاپ نەزەرىيىسى ئىدى.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئىشچىلار سىنىپى (كوممۇ-نىستىك پارتىيە ئارقىلىق) رەھبەرلىك قىلغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى تۇرىدىغان خەلق ئىنقىلاۋى ئىدى. يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىمۇ شۇنداق. ئۇ كوممۇنىستىك مەدەنىيەت ئىدىيىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان، فېئوداللىق، دەللال، فاشىزىملىق ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرىدىغان مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدۇر.

كونا دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدە، بۇرژۇئا مەدەنىيەت ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان يېڭى ئىلىم تەرەپدارلىرى فېئودال-لىق-دەللال ئىدىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل مەدەنىيەت ئىتتىپاقى بىلەن بىرقانچە قېتىم ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ قىلىندى. مەغلۇپ بولغان يېڭى ئىلىم تەرەپدارلىرى پارچىلىن-ۋاتاتتى، قىسمەن ئادەملەر ھەركەت قىلىپ، دېموكراتىيە ۋە ئىلىم-پەننى تەلەپ قىلىۋاتاتتى؛ قىسمەن ئادەملەر گاڭگىراپ قېلىپ، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەيۋاتاتتى؛ قىسمەن ئادەم-

لەر قاراپ بېقىش ھالىتىدە بولۇپ، ئۆزلىرىگە پايدىلىق پۇر-سەتنى بايقاۋاتاتتى. قالغانلار ئەكسىيەتچىل مەدىنىيەت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىۋاتاتتى ياكى بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. جاھانگىرلىك مەدىنىيىتىنى ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىدى قىلغان ئەكسىيەتچىل مەدىنىيەت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچى يېڭى ئىلىم تەرەپدار-لىرىنىڭ چۈشكۈن قىسمى ئارقا-ئارقىدىن ئۇنىڭغا قاتناشقانلىقتىن ئۇلغايدى. بۇ ئەكسىيەتچىل مەدىنىيەت ئىتتىپاقى شۇ ۋاقىتتىكى مەدىنىيەت ساھەسىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاساسىي كۈچ، شۇنداقلا يېڭى دېموكراتىك مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى ئىدى.

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ روسىيىدە غەلىبە قازانغانلىقى جۇڭگو خەلقىگە مىللىي ئازاتلىقنىڭ يېڭى ئۈمىدىنى ئېلىپ كەلدى. "4-ماي" ھەركىتى پارتلىدى، جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يېڭى تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى.

"4-ماي" ھەركىتى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغان ھەركەت، ئەينى ۋاقىتتا فېئودالىزىمغىمۇ قارشى تۇرىدىغان ھەركەتتۇر. بۇ ھەركەت باشلانغاندا كوممۇنىستىك زىيالىيلار، ئىنقىلاۋىي ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى ۋە بۇرژۇئا زىيالىيلىرى (بۇلار شۇ ۋاقىتتا ھەركەتتىكى ئوڭ قانات) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم كىشى-لەردىن تەركىپ تاپقان بىرلىك سەپنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتى ئىدى. بۇ ئۈچ قىسىم كىشىلەر ئەسلىدە يېڭى ئىلىم تەرەپدارلىرى

ئىچىدىكى گاڭگىراپ قېلىپ قاراپ بېقىش ھالىتىدە تۇرغانلار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار بىر قىسىم كىشىلەر كونا دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، دەسلەپكى كوممۇنىستىك ئىدىيىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئۇلار بۇ ھەرىكەت داۋامىدا رەھبەرلىك ئورنىدا تۇردى ھەمدە كۆرەشتە چىنىقىش ئارقىلىق، 1921-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىدىيە ۋە كادىر جەھەتتە تەييارلىق قىلدى.

كوممۇنىستىك زىيالىلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى "4-ماي" ھەركىتى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى جەھەتتە پەن ۋە دېموكراتىيىنى تەشەببۇس قىلىپ، كۆڭزى دىنىغا، كونا ئەدەپ-قائىدىگە، كونا ئەخلاققا، كونا ئەدەبىياتقا قارشى تۇردى، دىنىي خۇراپاتقا قارشى تۇردى، پۈتكۈل كونا جەمئىيەتكە ۋە سىياسىي تۈزۈمگە قارشى تۇردى. لى داجاۋ «ياشلىق باھار»دا ياشلارنى "بۇرۇنقى تارىخنىڭ تورلىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ، كونا تەلىماتنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ"، دېموكراتىك "ياشلىق باھارىغا ئىگە جۇڭگو"نى يارىتىشقا چاقىرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئىنقىلاۋىي جاسارىتىنى ئىپادىلىدى. لۇشۈننىڭ «چۇقان» دېگەن ھېكايىسى ۋە گو مورونىڭ «پەرىزات» دېگەن شېئىرىدا قىلچە مۇرەسسە قىلمايدىغان، فېئودالىزمغا قارشى تۇرىدىغان جەڭگىۋار ئاۋاز ياڭرىدى. يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا، كونا ئەخلاقنىڭ كونا قورغىنى — كۆڭزىچىلار سارىيى (شۇ چاغدا ئىلغارلار 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت

بۇرۇن كۆك چيۇ تەشەببۇس قىلغان فېئوداللىق ئېتىكا ـ ئەخلاق تەلىماتى ۋە كۆك چيۇغا بەيئەت قىلغۇچى كۆڭزىچىلار ئېقىمىنى كەمسىتىپ "كۆڭزىچىلار سارىيى" دەپ ئاتىغان) پاچاقلاپ تاشلاندى، كونا ئەدىبىيات تەرەپدارلىرىدىن بولغان تالالانمىچىلار بىلەن تۇڭچېڭ گۇرۇھىمۇ يەر بىلەن يەكسان بولدى، كونا مەدىنىيەتنىڭ ۋەتۇەرىگى چىقتى. جۇڭگو تارىخىدا بۇنداق ئۇلۇغ ھەم ئۇزۇل ـ كېسىل مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى تېخى بولۇپ باقمىغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئىنقىلاۋى جۇڭقۇرلىشىپ باردى، مەدىنىيەت كۈرىشىمۇ سىياسى كۈرەشكە ئوخشاش چوڭقۇرلاشتى. ئەسلى "4 ـ ماي" ھەركىتىنىڭ ئوڭ قانىتى بولغان بۇرژۇئا زىيالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەكسىيەتچىل مەدىنىيەت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، جاھانگىرلارنىڭ كۈشكۈرتىشى ئاستىدا، يېڭى دېموكراتىك مەدىنىيەتكە قارشى تۇرىدىغان يارامىلىق قورال بولۇپ قالدى، خۇ شى ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە يارامىلىق قورال بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى مەدىنىيەت قوشۇنى بىرلىشىشكە بولىدىغان بارلىق ئىتتىپاقچىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆز سېپىنى تۈزۈپ، جاھانگىرلىك مەدىنىيىتى ۋە فېئودالىق مەدىنىيەتكە قارشى قەھرىمانانە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قوشۇن ئىجتىمائى پەنلەر ساھەسىدە ۋە

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە، پەلسەپە، ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسىشۇناسلىق، ھەربى ئىلىم، تارىخشۇناسلىق، ئەدەبىيات، سەنئەت جەھەتلەردە (سەنئەتنىڭ تىياتىر، كىنو، مۇزىكا، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق جەھەتلىرىدە)، ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ تىغى قارىتىلغان ھەممىلا جايدا، ئىدىيىدىن تارتىپ شەكىلگىچە (يېزىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغىچە) ناھايىتى زور ئىنقىلاپ كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ داغدۇغىسى شۇنچە ھەيۋەتلىك، قۇدرىتى شۇنچە زور بولدىكى، ئۇنىڭغا ھېچنىمە تەڭ كېلەلمىدى. ئۇنىڭ سەپەرۋەرلىكى شۇنچە كەڭ بولدىكى، جۇڭگونىڭ ھەرقانداق تارىخى دەۋرىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. لۇشۈن بۇ يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ باتۇر بايراقدارى بولدى. 20 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، گومورو، چېڭ فاڭۋۇلار باشچىلىقىدىكى ئىجادىيەتچىلەر جەمئىيىتى ماركسىزىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدى. 20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، لۇشۈن ۋە باشقا ئىنقىلاۋىي يازغۇچىلار ماركسىزىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنى ئاكتىپ ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەركىتىنى يېتەكلىگەن ھالدا ئالغا سۈردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا، لۇشۈن قاتارلىق ئىنقىلاۋىي يازغۇچىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن 1930 ـ يىل 3 ـ ئايدا "جۇڭگو سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى"نى ئۇيۇشتۇرۇپ،

كەڭ يازغۇچىلارنىڭ ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىشى، تىرىشىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئالغا سۈرۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قورال قىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە ماسلىشىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزىرىيىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۇرغۇن ماركسىزىم ـ لېنىنىزىملىق ئەسەرلەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى، يېڭى گۈللىنىۋاتقان ئىجتىمائىي پەنلەرگە دائىر ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ كەڭ تارقىلىپ كەتتى. گو مورو «جۇڭگو قەدىمقى زامان جەمىيىتى ھەققىدە تەتقىقات» دىگەن كىتاۋىدا ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى زامان جەمىيىتىنىڭ ماركس، ئېنگېلس كۆرسىتىپ بەرگەن جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمى قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، خۇ شى قاتارلىقلار تەرغىپ قىلغان "دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىچە"، "ماركسىزىم جۇڭگوغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ" دەيدىغان سەپسەتىگە قاتتىق رەددىيە بەردى. خۇ شى باشچىلىغىدىكى ئەكسىيەتچىل مەدەنىيەت ئىتتىپاقى بۇ يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنى ئالدىدا مەغلۇپ بولدى.

گومىنداڭ مەدەنىيەت جەھەتتە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشتا، ئاساسەن، مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ئاساسىدىكى زورلۇق ۋاستىسى ۋە تېررورلۇق سىياسىتىنى قوللاندى. دەل لۇشۇن شۇ ۋاقىتتا كۆرسەتكەندەك: "ھازىر سول قانات ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە تۆھمەت، زۇلۇم، قاماق ۋە قىرغىنچىلىقلا توسقۇنلۇق

قىلىۋاتىدۇ! سول قانات يازغۇچىلار بىلەن لۇكچەك، پايىلاقچى،
يالاقچى، جاللاتلار لا قارشىلىشىۋاتىدۇ.“ گومىنداڭنىڭ تېررورلۇق
سىياسىتى ئالدىدا لۇشۈن پەلەككە تاقىشىپ تۇرىدىغان چوڭ
دەرەختەك تىك تۇردى، ئۇ، ”غەزەپ بىلەن ھۆمىيىمەن قەبىھ
زالىملارغا“، ”ياغدۇرسۇن قەھرۇ-نەپرەت مىسرالىرىم تىغلارغا“
دېگەن ئىنقىلاۋىي جەڭگىۋار روھى ئارقىلىق دۈشمەنگە بولغان
غەزەپ-نەپرەت بىلەن ھارماي-تالماي قىقاس-چۇقان سېلىپ
ئالغا باستى. ئۇنىڭ جەڭگىۋار زاۋىنلىرى ”جۇڭگو خەلق ئاممە-
سىنىڭ روھى“نى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەر خىل قارا كۈچلەرنىڭ
ئەپتى-بەشرىسىنى سۈرەتلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى
”جاھانگىرلىك، ۋەتەن خائىنلىرى-ۋەتەن ساتقۇچلار، مىلىتارىست
بىيۇروكراتلار، مۇشتۇمزور-تەييارتاپلار، فاشىستلارغا ۋە
بارلىق شەرمەندىلەرگە قارىتىلغان زەمبىرەك ۋە جاھاننامىدۇر“.
(جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە جۇڭ-
خۇا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «لۇشۈن ئەپەندىگە تەزىيە
بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارغا ۋە
پۈتۈن دۇنيادىكى زاتلارغا مۇراجىئەتنامە»سى) لۇ شۈن ئۆزىنىڭ
ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلىدى ۋە ئىلھاملاندۇر-
دى، خەلققە يۈنۈلۈشنى كۆرسىتىپ بەردى. چۈ چيۇبەيمۇ لۇشۈن
بىلەن سول قانات مەدىنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ،
نۇرغۇن جەڭگىۋار زاۋىنلار ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورلىرىنى
يازدى. ماۋدۇن «تۈن يانغاندا»دا دەللال كاپىتالىستلار ۋە

مىللى كاپىتالىستلارنىڭ ئوبرازىنى جانلىق سۈرەتلەپ، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جۇڭگونىڭ كاپىتالىزمغا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. گومىنداڭنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى قاتتىق مەغلۇپ بولدى، يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنى مەدەنىيەت سېپىدە تەل-تۆكۈس غەلىبە قازاندى.

جۇڭگونىڭ قەدىمقى زامان ئېسىل مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋارىسى ۋە يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ ئىجاتكارى ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تارىخىنى دانالىق بىلەن خۇلاسىلىدى ۋە يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ ئالغا بېسىش يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

ماۋ زېدۇڭ 1940-يىل 1-ئايدا «يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدا كونا دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتى ۋە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنى كونكرېت تەھلىل قىلدى؛ بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، يېڭى مەدەنىيەتنىڭ مىللى، پەننى، ئاممىۋى مەدەنىيەت يەنى خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ بولغان، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى مەدەنىيەت بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. «يېڭى دېموكراتىزىم ھەققىدە» جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ چەكسىز تەرەققىيات ئىستىقبا-

لنى كۆرسىتىپ بەردى.

ماۋ زېدۇڭ 1942 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» دېگەن ئەسەرنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەردە غەيرى پرولېتارىيات ئىدىيىلىرى، ئاساسەن، ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىسىدىكى ھەر خىل مۇجىمەل چۈشەنچىلىرى تەنقىت قىلىندى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتىكى نۇرغۇن تۈپ مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ كەڭ ئىشچى ـ دېھقان ـ ئەسكەرلەر ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش باش فاڭجېنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلدى. بۇ ئەسەر ماركسىزىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر مۇھىم ئەسەردۇر.

1949 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 28 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ماۋ زېدۇڭ «خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، 1840 ـ يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو مەدەنىيىتىنى يەنە بىر قېتىم قىسقىچە، چوڭقۇر خۇلاسىلىدى. ماقالىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدۇ: "باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىناپ كۆرۈلدى، ھەممىسى مەغلۇپ بولدى. باشقا نەرسىلەرگە كۆڭۈل بەرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى گۇم بولدى، بەزىلىرى ئويغاندى، بەزىلىرى ئۆز پىكرىنى ئۆزگەرتمەكتە. ۋەقەلەر شۇنداق تېز تەرەققى قىلدىكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇشتۇمتۇتلۇق ھىس قىلدى، يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ھىس

قىلدى. كىشىلەرنىڭ بۇنداق ھېسسىياتى چۈشىنىشلىك، بىز بۇنداق
ياخشى نىيەتلىك، يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان
پوزىتسىيىنى ئالقىشلايمىز." بۇ يەردىكى "باشقا نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى" ئاساسەن، ئەپيۈن ئۇرۇشىدىن بۇيان جۇڭگو زىيالى-
لىرى غەرب كاپىتالىستىك ئەللىرىدىن ئۆگەنگەن ئاتالمىش
يېڭى ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب
غەلىبە قىلغانلىقى — ماركسىزم-لېنىنىزم جۇڭگودا غەلىبە
قازانغانلىقى ئۈچۈن، "غەرب بۇرژۇئا مەدەنىيىتى، بۇرژۇئا
دېموكراتىيىسى، بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى لايىھىسى جۇڭگو خەلقى-
نىڭ نەزىرىدە بىردەك بىتچىت بولدى" (يۇقۇرىدىكى كىتاپ)،
يېڭى ئىلىمدىكى ئىجتىمائى تەلىماتنىڭ تامامەن كېرەكسىز
نەرسە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. يېڭى ئىلىم تەرەپدارلىرىنىڭ
چۈشكۈن قىسمى ئەزەلدىن يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەتكە
ئۆچمەنلىك قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار جاھانگىرلىكنىڭ مەدە-
نىيەت جەھەتتىكى قولى بولۇشنى خالايدۇ. يېڭى ئىلىم تەرەپ-
دارلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە
ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم نەزىرىيىسىنى
يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىشى تامامەن تەبىئى ئىش.
بۇ ئاساستا، ئۇلار ئۆز ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزلىرىنىڭ
مېڭىسىدىكى بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى قەدەممۇ-قەدەم يوقىتىشقا،
مېڭىسىدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىدىيىسىنى بارا-بارا
تىكلەشكە تىرىشىۋاتاتتى، بۇ ھال مەدەنىيەت زور قوشۇنىنىڭ

ئۆز قوشۇنىنى كېڭەيتىدىغانلىغى، تەبىئى پەنلەر ۋە ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇقلىنىدىغانلىغىدىن ۋە راۋاجلىنىدىغانلىغىدىن دېرەك بېرىدۇ.

جۇڭگو دۇنيا بويىچە مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققى تاپقان مەملىكەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭگونىڭ يازما ماتېرىياللىرىنىڭ پەيدا بولغىنىغىمۇ 4 مىڭ يىل بولۇپ قالدى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەرىپەت تارىخىدا تەرەققى تاپقان يېزا ئىگىلىگى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بولغان، نۇرغۇن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئالىم، كەشپىياتچى، سىياسىيون، ھەربى ئالىم، ئەدىپ ۋە سەنئەتكارلار ئۆتكەن، مەدەنىيەتكە ئائىت نۇرغۇن كىتاپلار بولغان. مەلۇمكى، ھازىرقى يېڭى مەدەنىيەت قەدىمقى زامانىدىكى كونا مەدەنىيەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. جۇڭگونىڭ كونا مەدەنىيىتىنىڭ مىراسلىرى شۇنچە كۆپكى، بۇ يېڭى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىر ئەۋزەل شارائىت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھالقىلىق مەسىلە ماركسىزىم-لېنىنىزىم نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلىنى ھارماي-تالماي ئۆگىنىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەستايىدىل رەتلەپ ئۇنىڭ شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى كېرەكلىك بىلىملەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. مەدەنىيەت خادىملىرى بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قەدىرلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىشى لازىم.

# ئاخىرقى سۆز

1951 ـ يىلى، جۇڭگو تارىخشۇناسلىق جەمىيىتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ كىتابخانىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئومۇمى تارىخىنى قىسقىچە شەرھىلەيدىغان بىر كىتاپنى يېزىپ چىقىشنى قارار قىلغان ئىدى. تارىخشۇناسلىق جەمىيىتىنىڭ باشلىغى گو مورو، مۇئاۋىن باشلىغى فەن ۋېنلەنلەر جۇڭگو تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئون نەچچە خادىمنى چاقىرىپ مەجلىس ئېچىپ، كىتاپنىڭ نامىنى «جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمى مەلۇمات» دەپ ئاتاشنى، خەت سانىنىڭ 140، 150 مىڭ بولۇشنى، كىتاپنىڭ مەزمۇنىنىڭ جۇڭگو تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى كۆپ ساندىكى يولداشلارنىڭ كۆز-قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. جيەن بوزەن (1898~1968 ـ يىللار، شۇ ۋاقىتتا يەنجىڭ داشۆ ئىجتىمائىيەت فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى ئىدى، 1952 ـ يىلدىن كېيىن بېيجىڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان)، شاۋ شۈنجىڭ (1909~1973 ـ يىللار، شۇ ۋاقىتتا چىڭخۇا داشۆ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى ئىدى) ۋە مەن ئۈچەيلەن قەلەم تەۋرىتىشكە بەلگىلەندۇق. شۇنىڭدىن كېيىن، يولداش فەن ۋېنلەن

بۇ كىتاپنىڭ ئارگىنالىنى مۇزاكىرە قىلىش، تۈزىتىش ۋە بېكىتىش خىزمىتىگە ئىزچىل رىياسەتچىلىك قىلدى. 1952 ـ يىلى بۇ كىتاپنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى بېسىلدى، 1954 ـ يىلى بۇ كىتاپنىڭ 2 ـ نۇسخىسى بېسىلدى. بۇ ئىككى نۇسخىسىغا قارىتا مەملىكەت ئىچىدىكى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى يولداشلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كەڭ پىكىر ئېلىندى. يولداش فەن ۋېنلەن يىغىلغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، ئون نەچچە تارىخشۇناسلىق خادىمنى كۆپ قېتىم چاقىرىپ بۇ كىتاپنى مۇزاكىرە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قاتناشتۇردى. 1955 ـ يىلى ماقالا بېكىتىلگەندىن كېيىن، بۇ كىتاپ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956 ـ يىل 2 ـ ئايدا نەشر قىلىندى، بۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە قېتىم قايتا بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كىتاپنى چەتئەل تىل ـ يېزىغى نەشرىياتى ئىنگلىز، نېمىس، فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى؛ مىللەتلەر نەشرىياتى چاۋشيەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدى. بۇ كىتاپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان، جۇڭگو ئومۇمى تارىخى توغرىسىدىكى كىتاپتۇر.

لىن بياۋ، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ مۇرتى چى بېنيۈ بۇ كىتاپقا گېزىتتە ئىسمىنى ئاتاپ ھۇجۇم قىلغان ئىدى. ئىككى پىشقەدەم تارىخشۇناس — جيەن بوزەن، شاۋ شۈنجېڭ نابۇت قىلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. "4

كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىندى، 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە يەنە گۈللەپ ياشناشتەك يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاپ بىلىم نەشرىياتى تەرىپىدىن قايتا بېسىلدى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈرۈش قىلىۋاتقان كەڭ كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇمۇ ئىككى پىشقەدەم ماركسىزمچى تارىخشۇناس جيەن بوزەن، شاۋ شۈنجېڭنى خاتىرىلەش ھېساپلىنىدۇ.

شۇ چاغدا بۇ كىتاپنى بېكىتىش خىزمىتىگە غەمخورلۇق قىلغان ۋە رىياسەتچىلىك قىلغان ئىككى پىشقەدەم ئالىم — گو مورو، فەن ۋېنلەنلەر، بۇ كىتاپنى مۇزاكىرە قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قاتناشقان پىشقەدەم پىروفېسسور چېن يۈەن، يولداش چەي دېگېڭ قاتارلىقلار ۋاپات بولۇپ كەتتى. بۇ كىتاپنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقان تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئون نەچچە يولداشنىڭ ئىچىدە مەن ئەڭ كىچىك ئىدىم. تەجرىبىلىكلەر ئۆلۈپ كەتتى، نۇرغۇن مەشھۇر تارىخشۇناسلار ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى، تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى ئوبدان بىلىدىغان، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنى پىششىق ئىگەللىگەن، ئىلمىنى پۇختا ئۆگەنگەن پىشقەدەم ئالىملار بارغانسېرى ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن قېپقالغان بوشلۇقنى تولۇقلاش تەس. خەلقنىڭ ئىشلىرى ئىلگىرىلىگەنسېرى بىز ئۇلارنىڭ ۋاپات

بولغانلىغىنىڭ ئىنتايىن زور زىيان ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھىس قىلماقتىمىز! ئۆز نۆۋىتىدە بىز ياش ئەۋلاتلارنىڭ ھەسسىلەپ تىرىشىپ، تېزدىن قوغلاپ يېتىشىۋېلىپ، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىمىزغا تېخىمۇ ئىلھام بولماقتا.

پىشقەدەم پىروفېسسور جيەن بوزەن ھايات ۋاقتىدا بۇ كىتاپنىڭ قەدىمقى زامان تارىخى قىسمىغا تەپسىلى تۈزىتىش كىرگۈزگەن ئىكەن، ئارگىنالىنى يولداش جاڭ چۈەنشى يېقىندا تېپىپ چىقتى. پىشقەدەم پىروفېسسور بۇ ئارگىنالغا شۇنچە تەپسىلى ۋە ئەستايىدىل تۈزىتىش كىرگۈزگەن ئىكەنكى، ئۇنىڭ خېتىنى كۆرۈپلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈردۈم! ئۇنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشتىكى قىلچە بىپەرۋالىق قىلماسلىق روھى مەڭگۈ بىزدەك ئىزباسارلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىدۇر!

بۇ قېتىم قايتا بېسىشتىن ئىلگىرى بۇ كىتاپقا ئازراق تۈزىتىش كىرگۈزدۇق. قەدىمقى زامان تارىخى قىسمىنى يولداش جاڭ چۈەنشى پىشقەدەم پىروفېسسور جيەن بوزەننىڭ قوليازمىسىغا ئاساسەن رەتلەپ چىقتى. يېقىنقى زامان تارىخى قىسمىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى يولداش چېن چىڭخۇا ئۈستىگە ئالدى. ھازىرقى زامان تارىخى قىسمىغا مەن تۈزىتىش كىرگۈزدۈم.

بۇ كىتاپ "ئومۇمى مەلۇمات" خاراكتىرلىق كىتاپ بولغانلىغى، يېزىش ۋاقتىدا خەت سانى قاتتىق چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، 5 مىڭ يىللىق ئىشلارنى نېپىز بىر كىتاپتا تەپسىلى يازغىلى

بولماي قالدى. كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ، كۆرسىتىپ بېرىشىڭلارنى سەمىمى قارشى ئالىمەن.

خۇ خۋا

1979 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.

本书根据知识出版社1980年7月第1版1984年1月北京第3次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاپ بىلىم نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى 1984 ـ يىل 1 ـ ئاي بېيجىڭ 3 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل مۇھەررىر: رېيىمجان
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى

*

جۇڭگو تارىخىدىن ئومۇمى مەلۇمات

*

تۈزگۈچىلەر: جيەن بوزەن، شاۋ شۈنجېڭ، خۇ خۇا
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەت راخمان، جاۋ بىڭليالڭ

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1986 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1986 ـ يىل 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.70 يۈەن